
غ.ئو.زۇلپىقار



## شەرقىي تۈركىستان

# ئازادلىق يولىدا ئىزدىنىش (2)

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى

غ.ئو.زۇلپىقار

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

غ. ئو. ياغمائوغلى

# شەرقىي تۈركىستان
# ئازادلىق يولىدا ئىزدىنىش

(2)

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى

# مىللىي شوئارىمىز

**مىللىتىم — ئۇيغۇر.**
**دىنىم — ئىسلام.**
**ۋەتىنىم — شەرقىي تۈركىستان.**
**دۈشمىنىم — خىتاي.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇئەللىپنىڭ تەرجىمەھالى ........ 6
باشلاشتىن بۇرۇن ........ 15
ئىقتىسادىي زەربىدىن ئەسلى مەقسەد — سىياسىي زەربە ........ 19
بۇ — ئەخلاق مەسىلىسى ئەمەس، سىياسىي مەسىلە ........ 29
رادىئو كىم تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ؟ ........ 42
كىشىلەر قانداق ئاجىزلىقلىرىغا كۆرە جاسۇسلۇققا ئىشلەيدۇ؟ ........ 48
«بىر بالاسى بولمىسا، قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا؟» ........ 58
بىر قىسىم «تېرورچىلىرىمىز» ھەققىدە لەتىپىلەر (1) ........ 62
بىر قىسىم «تېرورچىلىرىمىز» ھەققىدە لەتىپىلەر (2) ........ 74
*ئاجايىپ «ئەپۇچان»لىق ........ 74*
بەزى «تېرورچىلىرىمىز» ھەققىدە لەتىپىلەر (3) ........ 80
*«تېرورچىلىرىمىز»دىن خىتايلارغا يېڭى دەلىل تەمىنى ........ 80*
ئۇيغۇرلاردا «دىپلوماتچىلىق» مىجەزى ........ 85
«ئەقىللىق» ئىنكاس ........ 89
خاتىرىلەش تەڭسىزلىكى ........ 94
ئىنسان روھىيىتى ۋە تەشۋىقاتنىڭ بۇرمىلاش، قايمۇقتۇرۇش، يېتەكلەش رولى ........ 97
«ئىسلاھاتچى»لارغا مەدھىيە ........ 106
دىققەتكە سازاۋەر ئىشلاردىن بىرى ........ 115
مىللىتىمىز ئاخىرقى نەپىسىنى ئېلىۋاتىدۇ! ........ 119
مىللىتىمىز ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى! ........ 126
دەۋامىز تۇيۇق يولدا! ........ 130
شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا ........ 138
ئۆلۈم كومېدىيىسى ........ 143
كىچىك مىساللاردىن كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىمىزغا نەزەر ........ 148

ئاتالمىش «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ ئىسمى قانداق كەلگەن؟ ........................154
«قەھرىمانلارچە قېچىپ چىقىش» توغرىسىدا تەسىرات ......................................158
ساختىلىقمۇ، دەلىلى بارمۇ؟..........................................................................165
شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتى ۋە ئامېرىكىنىڭ تۇتۇمى...................168
خىتاينىڭ قانۇن تۈزۈملىرى ئاستىدىكى قانۇنسىزلىقى ......................................172
خىتايلار بىلەن ئاقلارنىڭ باسقۇنچىلىق تەبىئىتىدىكى پەرقلەر ..........................179
خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى «تېرورچى» كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرى ۋە
بۇنىڭ پەردە ئارقىسى ..................................................................................184
ئۇيغۇرنىڭ نەسلى قۇرۇتۇلىدىغان بولدى!.........................................................193
«ياۋا كەپتەر» ئىلھامى......................................................................................201
خىتاينىڭ يەنە بىر ئېلان_ سەنئىتى...................................................................203
ئىمان بىلەن مۇناپىقلىق بىر قەلبكە سىغمايدۇ! ..............................................212
مىللىي ئۆچمەنلىك تەبىقە تونۇمايدۇ..................................................................217
مىللىي قەدىرىيەتلىرىمىزنى قەدىرلەيلى! ...........................................................221
يارىشىملىق بىر تەستەك ...................................................................................233
ھۆكۈمەت تەركىۋى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم......................................................235
ھەيران قالارلىق ئېسەنكىرەش .........................................................................239
ۋاقتى ئۆتكەن «قالپاق» .....................................................................................245
رادىئودىكى «مېڭىسىگە دوغ ئىچىۋالغانلار» .........................................................248
بىز نېمىگە مۇھتاج؟ دەۋامىز نېمىگە مۇھتاج؟ ..................................................254
چەتئەللەردە مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نېمىلەرگە
دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟...............................................................................262
تەنقىد ۋە ھاقارەتنىڭ پەرقى .............................................................................270

www.uyghurkitap.com

# مۇئەللىپنىڭ تەرجىمھالى

غۇلام ئوسمان ياغمائوغلى (زۇلپىقار) 1956- يىلى 16- ئاۋغۇستتا ئاتۇش شەھەر ئەتراپىدىكى شورۇق يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى سىنىپىغىچە شورۇق قەدەمجايىدىكى تارىخىي باشلانغۇچ مەكتەپ(بۇ مەكتەپ مەمتىلى ئەپەندى باشلىغان ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى جەريانىدا 1934- يىلى سېلىنغان)تە ئوقۇغان. 1958- يىلىدىن باشلاپ كانسۇ كان رايونىدا ئىشلەۋاتقان دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن بۇ كىچىككىنە تاغلىق شەھەرگە كۆچكەن ئائىلىسى بىلەن كانسۇغا بارغان مۇئەللىپ، تۆرتىنچى سىنىپتىن باشلاپ كانسۇ بازىرىدا داۋام قىلغان. كانسۇ بازىرى — ئاتۇشنىڭ غەربىي شىمالىغا 134 كىلومېتىر كېلىدىغان كىچىككىنە تاغلىق شەھەر بولۇپ، ئەتراپى دېڭىز يۈزىدىن 4-5 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلار بىلەن قورشالغان، ئوتتۇرىسىدىن بىر دەريا كېسىپ ئۆتىدىغان، كۆمۈر كېنى، تۆمۈر كېنى، ئۈران كانلىرى بولغان، پولات زاۋودى، پولات پروكاتلاش زاۋودلىرى، سمونت زاۋودى،… قاتالىق سانائەت مۇئەسسەسەلىرى بولغان شەھەر ئىدى. شەھەر قىرغىزىستان چېگرىسىغا يېقىن بولۇپ، قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھرىگە تۇتىشىدىغان سىمخانا يولى بۇ شەھەردىن ئۆتەتتى. 50- يىللاردىكى خىتاي — سوۋېت دوستلۇقىنىڭ سەمەرىسى بولغان بۇ شەھەرنىڭ بىنالىرى رۇسلار تەرىپىدىن ئىنشا قىلىنغاچقا، خۇددى بىر ياۋروپا شەھرىگە ئوخشايتى.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3- سىنىپىدىكى چېغىمدا — شورۇق مەكتەپتىلا باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن تەتۈر ھەركەت تۈپەيلى، ئوقۇشلار ئىزدىن چىققاچقا، مۇئەللىپ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق سىستېمىلىق مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن. كانسۇنىڭ مەدەنىي ھايات مۇھىتى بولمىغان بولسا ئۇنىڭ بۈگۈننى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتى، ئەلۋەتتە.

ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ كانسۇ بازىرى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك قىسمەتلىرىگە باشلانغۇچ بوشۇك بولۇپ قالغان، ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشكىل قىلغان بارلىق تاللاشلىرىنىڭ بەلگىلىگۈچىسى رولىنى ئوينىغان ھادىسىلەرگە سەھنە بولغان بىر يەر ئىدى.

1970- يىلى، ئۇ 14 ياشقا يېقىنلاشقاندا تاسادىپى تونۇشۇپ قالغان بىر نامسىز يازغۇچىنىڭ سەۋەبىدىن، ئەدەبىي ھاياتقا باشلىغان ئىدى. ھەيران قالارلىق ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى خاسىيىتىدە نەچچە يۈز كۇبلىتلىق داستانلاردىن قانچە- قانچىنى يادلىۋېلىش، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى. مەكتەپتە ئاساسەن ھېچنەرسە ئوقۇتۇلمايدىغان، پەقەت ماۋزېدوڭ ئەسەرلىرى، سۆزلىرى يادلىتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ غۇبارسىز زېھنىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى مانا شۇ كېرەكسىز نەرسىلەر ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇ كانسۇدا بىرىنچى دەرىجىدە كۆپ ئەسەر يادلىغان ئىدى.

كىتاپخانىلارمۇ چۆلدەرەپ قالغان بۇ زاماندا، ماۋنىڭ كىتاپلىرىدىن باشقا ھېچنەرسە تاپقىلى بولمايتى. ئۇ ئاساسەن ئۆيدە يوشۇرۇن كىتاپ ئوقۇش بىلەن ئۆز- ئۆزىنى تەربىيىلىگەن: قولىيازمىلار، ئىلگىرىكى كونا زىيالىلاردا، كىتاپ مەستانىلىرىدا ساقلىنىپ قالغان سوۋېت روماىلىرى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن بۇرۇن نەشىر قىلىنغان ئەدەبىي ياكى ئىلمىي كىتاپ- ژۇرناللارنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇيتى.

كۆپ ئۆتمەيلا ئۇ «بالا شائىر» سۈپىتىدە شۇ مۇھىتتا تونۇلغان بىرى بولۇپ قالدى. شۇڭا، كىتابى بارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئۆزىدە بېرىنى باشقىسىغا تېگىشىپ ئوقۇماقچى بولاتتى. بۇ ئىمتىياز ئۇنى

كىتاپ ساقلىغان ئىككى ئادەم ئارىسىدا ھەر ئىككىسىنىڭ كىتابىنى ئوقۇۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇرگەن ئىدى. ئۆزىدە بىرمۇ كىتاپ بولمىغان ھالدا، شۇ مۇھىتتا يوشۇرۇن ساقلانغان ھەممە كىتاپ ئۇ ئارقىلىق قولدىن-قولغا ئۆتەتتى.

مۇشۇنداق تىرىشىپ ئوقۇش، سوئالغا تولغان قەلب، ئۇنى كۆپ ئويلاشقا، سوئاللارغا جاۋاپ تېپىشقا ئۈندەيتى. جاۋاپ تېپىشقا ئۇرۇنۇش ئېھتىياجى تېخىمۇ كۆپ ئوقۇشقا يۈنىلەندۇرسە، كۆپ ئوقۇش تېخىمۇ كۆپ يېڭى سوئاللارنى تۇغدۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭدا مىللىي تۇيغۇمۇ ناھايىتى بالدۇر ئويغاندى. بۇ شۇنداق بىر ئىجتىمائىي ھاۋادا بولدىكى، ھەتتا بۇنى نۇرغۇن ئۇقۇمۇشلۇق زىيالىلارمۇ، خىتاي دائىرىلىرىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتى. چۈنكى بۇ چاغلاردا، ئىنسانلارنى ماشىنىغا ئايلاندۇرۇش —كومۇنىستلارنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن ماشىنىلارغا ئايلاندۇرۇش — ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلغان بىر دەۋر ئىدى، دېيىش مۇمكىن. بۇ چاغدىكى سىياسىي تەلۋىلىك شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، گۈزەللىك ئۆلچەملىرى بۇزۇۋېتىلگەن ئادەملەر، نېمىنىڭ شەرەپ، نېمىنىڭ نومۇس ئىكەنلىكىگە باھا بېرىش مەسىلىسىدە تامامەن تەلۋىلەرگە ئايلانغان ئىدى. بالىسى دادىسىنى پاش قىلىپ، خىتايغا تۇتۇپ بېرىدىغان، ياكى دادىسى بالىسىنى تۇتۇپ بېرىدىغان ئىشلار ئۇلۇغ-ۋار مەيدان ۋە نۇقتىئىينەزەر قىلىپ كۆرسىتىلىۋاتقاچقا، كىشىلەردە مىللىي ھىس ماۋزۇسى خىيالدىن تاشقىرى بىر نەرسىگە ئايلانغان ئىدى.

شۇڭا، 1973- يىلى مۇئەللىپ، تەڭتۇشلىرى بىلەن خىتايغا قارشى تەشكىللىنىپ، تۇتۇلغاندا خېلى ھوش-كاللىسى بار سانىلىدىغان كىشىلەرمۇ غەيرىنورمال تەئەججۇپتە بولۇشقان ئىدى.

1974- يىلى كۈزدە ئائىلىسىنىڭ ئاتۇشقا قايتىپ كېلىشى بىلەن، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ— ئىبغىزدىكى ئاتاقتا تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى يىلىنى ئاتۇشتا ئوقۇپ، 1975- يىلى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قاراجۇل

يېزىسىنىڭ كەڭرال دېگەن يېرىدىكى يۇلغۇنلۇققا چىقىپ، ئۈچ يىل «قايتا تەربىيە» ئالغان.

1977- يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتاھان ئېلىش تۈزىمى ئەسلىگە كېلىپ، تۇنجى ئىماتاھان ئېلىنغاندا، مۇئەللىپ ئىمتاھانغا قاتنىشىپ، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن ئىمتاھانغا قاتناشقان 3000 ئوقۇغۇچى ئىچىدە ئەڭ ئۈستۈن نومۇر ئالغان بولىشىغا قارىماي، سىياسىي سالاھىيىتى شۈبھىلىك دەپ قارىلىپ، ئەۋەتىلمىگەن. 1978- يىلى ئىككىنچى قېتىم ئىمتاھانغا قاتنىشىپ، 2500 ئوقۇغۇچى ئىچىدە يەنە بىرىنچى نومۇر بولغان بولىشىغا قارىماي، يەنە سىياسىي سالاھىيەت سەۋەبىدىن ئالىي مەكتەپكە بېرىشى چەكلەنگەن.

1978- يىلى بىناكارلىق شىركىتىگە ئىشچى بولغان مۇئەللىپ، يەنىلا ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنى ئۆيدە ئۆگەنگەن. كۆڭلىدە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە قارشى مەيدان ئوقۇپ، «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشۇمغا يول قويمىغىنىڭغا، ئەمدى ئالىي مەكتەپنى ئوقۇتىدىغان بولىمەن» دەپ ئۆز- ئۆزىگە ۋەدە قىلىشتىن ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەردە كۈن بويى ئىشلىسە، ئاخشاملىرى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ، 1979- يىلى، بىر ئوتتۇرا تېخنىكومدا سىرتتىن دەرس ئۆتۈپ، بۇ ۋەدىسىنى قىسمەنلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسا، 1984- يىلى رادىئو- تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىزىلسۇ شۆبىسىدە دەرس ئۆتۈپ، ۋەدىسىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغان.

ئىككى يىل بىناكارلىق شىركىتىدە لايچىلىق قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن پارا — «ئارقا ئىشىك» ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق، 1980- يىلى دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، شاگىرت تېخنىك بولغان يازغۇچى، بۇ يەردە بىر يىلدىن ئارتۇقراق ھاشاراتشۇناسلىق ئۆگەنگەن. 1981- يىلى ئۇ تەمىنات- سودا كوئوپېراتىپىگە يۆتكىلىپ تەرجىمان بولغان (ئۆزى ئۆگەنگەن خىتايچە بىلەن).

www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي ھايات يېقىندىنمۇ بۇ يىللاردا «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن (ئارگېنتىنا يازغۇچىسى بورگىسنىڭ«تاتۇق») ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلغان. 1983- يىلى ئاتۇش شەھەرلىك تۇرۇبىا سۇيى شىركىتىگە يۆتكۈلۈپ، تەرجىمان، كاتىپ، ئامبارچى، زاپچىز، تېخنىك، قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1984- يىلى رايونلۇق لايىھىلەش ئىنىستىتۇتىدا قىسقا كۇرس ئالغاندىن كېيىن تۇرۇبىا سۇيى ئىنژېنېرى بولغان. 1987- يىلى باشلانغان كارخانا ئىسلاھاتى شامىلىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۇرۇبىا سۇيى شىركىتىنى 1988- يىلىدىن باشلاپ ئۈچ يىللىق ھۆددىگە ئېلىش بىلەن، شىركەت دىرېكتورى بولغان ھەمدە ئاتۇش شەھرىدە تۇنجى يۇندا يولى تۇرۇبىا قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىك مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 1989- يىلى بۇ قۇرۇلۇشنى تاماملىغان (بۇ سۇنى زەھەرسىزلەندۈرۈش سىستېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەن - تېخنىكا سىناق تۈرى بولۇپ، ئامېرىكا تېكساس شىتاتىنىڭ تەجرىبىسى تۇنجى بولۇپ بۇ يەردە سىنالغان ئىدى). 1990- يىلى 11- ئايدا شىنجىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەسپىي بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1991- يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىققان. شۇندىن كېيىن يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىي ھاياتى 1979- يىلىغا كەلگەندە تۇنجى مېۋىسىنى بەردى. مۇئەللىپنىڭ بىر شېئىرى «ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق بەشىنچى سانىدا ئېلان قىلىندى. شۇندىن باشلاپ «ياشلار» ژۇرنىلى، «ئۆسمۈرلەر گېزىتى»، «تارىم غۇنچىلىرى»، «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»... قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللاردا شېئىر، ھېكايە، پوۋېستلارنى ئېلان قىلدى. 1983- يىلى قەشقەردە ئېچىلغان «يېزا ئىگىلىك تېمىسىدىكى ھېكايە ئىجادىيەت يىغىنى»غا قاتناشتى. بۇ ئۇنىڭ ئەدەبىي ھاياتىنىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ تۇنجى قېتىم «تارىم» ژۇرنىلى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىنغا — پېشقەدەم شائىر، يازغۇچىلار ئارىسىدا قاتنىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ يىغىنغا

قاتناشقانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياش بىرى ئىدى. ئۇستازلار ئۇنىڭ ئەدەبىي دىتى، يوشۇرۇن تالانتى بارلىقىنى بايقاشتى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشتى. چۈنكى يىغىندا ئوقۇلغان ئەڭ ياخشى ھېكايە ئۇنىڭ ئىدى! بۇ يىلى يەنە ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا بىر تەرجىمە پوۋېست ئېلان قىلدى. بۇندىن باشقا تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن: «نامرات مۆتىۋەرنىڭ گۈزەل كەچمىشى»، «ئۆزگىرىش»،... قاتارلىقلارمۇ ئېلان قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ، 1985- يىلى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزالىققا تونۇشتۇرۇلدى. 1986- يىلى ئىيۇندا غۇلجىدا ئېچىلغان «ئىسلاھات تېمىسىدىكى پروزا ئىجادىيەت يىغىنى»غا قاتنىشىش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولدى. بۇ يىغىندىمۇ ئۇنىڭ پوۋېستى ئەڭ ياخشى ئەسەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى ئۇ يەنە «خىتاي ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى»گە ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. يەنە شۇ يىلى بىرلا ۋاقىتتا ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن «**ئۇ — ھېلىھەم جەڭدە**» ناملىق پوۋېست ۋە ھېكايىلار توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «**يوقالغان گۆھەر**» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىندى. «**يوقالغان گۆھەر**» ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيىتى يېقىندىن شۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن يېڭىلىق بولغان، روھنى يېڭىش مېتودىدا بولۇپ، ياشلار ئىچىدە دەرھال ئالقىشقا ئېرىشتى. كىتاپخانىلاردا بىركۈنمۇ تۇرماستىن كىتاپپۇرۇچىلارنىڭ قولىغا كەچكەن كىتاپ، تەكرار بېسىلدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سانسىز مەكتۇپلار ئەۋەتكەن ئوقۇرمەنلەر، يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيىتىگە ھەۋەسلىرىنى بىلدۈردى.

1990- يىلى ئۇنىڭ «**سادا**» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. كىتاپ جەمئىيەتكە چىقىپلا بەزى توپلارنىڭ جىددىي قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. بۇ تۈپەيلى خىتاي ھۆكۈمىتى كىتاپنىڭ سېتىلىشىنى توختۇتۇشقا تېلېكس ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەتتا نەشرىيات ۋە جايلاردىكى تەشۋىقات تارماقلىرى بەلگىلىك ساندا ئادەم

www.uyghurkitap.com

كۆچى ھەم ۋاقت ئاجرىتىپ، بۇ كىتاپنى مۇھاكىمە قىلىپ ھۆكۈمەتكە پىكىر سۇنۇشقا ئۇيۇشتۇردى. خىتايلار تەرىپىدىن چەكلەنگەنلىكى بىلىنگەن ھامان كىتاپنىڭ ئېتىبارى ئېشىپ، كىتاپپۇرۇچلار نەچچە ھەسسە باھا قويۇپ سېتىشتى. جەمىيەتنىڭ جىددىي تەلىپى تۈپەيلى، كىتاپ قايتا بېسىلدى. بۇ توپلامدىكى «**سادا**» ناملىق ھىكايە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل- ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى.

1992- يىلى يازغۇچىنىڭ «**بىسى يانغان شەمشەر**» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1993- يىلى ئۇ خەلق نەشرىياتىغا «**پىنھاندىكى مۇھەببەت**» ناملىق لىرىك نەسرلەر توپلىمىنى؛ مىللەتلەر نەشرىياتىغا «**ھارغىن ھىسلار**» ناملىق ھىكايىلار توپلىمىنى تاپشۇرغان ئىدى. تۈرلۈك توسالغۇلار تۈپەيلى، ئاۋالقىسى 1997- يىلى نەشردىن چىقتى؛ كېيىنكىسى باسمىدىن توختىتىۋېتىلدى.

1996- يىلى سىياسىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ۋەتىنىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولغان يازغۇچى، يۇرت تېشىدا ئاساسىي دىققىتىنى سىياسىي تېمىلارغا قارىتىشقا باشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ دىنىي ئاساسلارغا تاياندۇرۇلغان سىياسىي تەشۋىقات كىتابى «**جەننەتنىڭ ئاچقۇچى**»نى (ئەبۇ پامىر ھەققۇلى[1] ئىمزاسى بىلەن) يازدى. كىتاپ 1997— 1999- يىللار ئارىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەملىكەت ئىچىدە كۆتۈرۈلگەن مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى ھالىغا كەلگەن بولۇپ، بۇ كىتاپ، مەملىكەت ئىچىدىمۇ يوشۇرۇن باسمىخانىلاردا، قەھرىمان مۇجاھىدلار تەرىپىدىن قايتا بېسىلغان. بۇندىن باشقا ئۇنىڭ ئالغۇ لىنتىلىرىگە ئوقۇلۇپ، مىڭلارچە نۇسخا تارقىتىلغان ئىدى.

[1] ئەبۇ پامىر — پامىرنىڭ دادىسى؛ ھەققۇلى — ھەقنىڭ قۇلى، مەنىسىدە. پامىرجان — مۇئەللىپىنىڭ تۇنجى ئوغلى.

1999- يىلى يەنە «**ئەينەك**» («ئەبۇلقەمەر ئاللاھىيار[1]» ئىمزاسى بىلەن) ناملىق سىياسىي ماقالىلەر توپلىمىنى نەشىر قىلدۇردى. بۇ كىتاپمۇ ئەمەلىي پائالىيەتلەر جەريانىدا بايقالغان مەسىلىلەرگە جاۋابەن يېزىلغان ماقالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇ تۈركىيەدە ياشىغان بىرنەچچە يىللىق ھاياتىدا يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاجىئەلىك قىسمىتىنى تەپسىلىي بايان قىلىدىغان «**شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆز يېشى**» ناملىق كىتابىنى تۈرك تىلىدا يازدى. ۋە تاشكەنتتە يېزىلغان «**شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق يولىدا ئىزدىنىش**» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى جىلدىنى قىسمەن تولۇقلىدى. بۇ ئىككى كىتاپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئۇزاق كېچىكىپ، ئاخىرى 2007- يىلى بېسىلدى.

بۇلاردىن باشقا يازغۇچى، پېشقەدەم مۇجاھىد، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ سابىق ئوفىتسېرى بارات ھاجىنىڭ «پاجىئە ۋە كۆرەش ئىچىدە ئۆتكەن ھايات» ناملىق ئەسلىمىسىنى تەھرىرلەپ، نەشىرگە ھازىرلىدى؛ يەنە بىر مۇجاھىد سەبدىشىنىڭ «يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم» ناملىق كىتابىنى نەشىرگە تەييارلاشتىمۇ ياردەمدە بولدى.

2004- يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئۆز ئالدىغا توربەت نەشىر قىلىپ، ئەسەرلىرىنى توردا ئېلان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. تورنىڭ ئومۇملىشىش ئەھۋالى تۆۋەن بولۇشتىن تاشقىرى، توردا ئۇزاق ئوقۇشىمۇ كۆپ ئادەملەرگە ياقمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، توردا ئېلان قىلىنغان يېڭى ماقالىلىرىدىن بۇ توپلام تۈزۈپ چىقىلدى.

بۇندىن باشقا ئۇنىڭ نەشىرگە ھازىر ئەسەرلىرىدىن «**ئەۋەتىلمىگەن خەتلەر**» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى، ئۈچ كىتاپ قىلىنغان شېئىرلار توپلىمى

[1] ئەبۇلقەمەر — ئەلقەمەرنىڭ دادىسى؛ ئاللاھىيار — ئاللاھنىڭ دوستى مەنىسىدە. ئەلقەمەر مۇئەللىپنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى.

— «**غەزەپ ۋە چوقان**»، «**قەلىپ ئۇچقۇنلىرى**»، «**سۆيگۈ رىسالىسى**» قاتارلىقلار بار.

ئەمما بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئۆتكەن يىللاردا يېزىلغان بولۇپ، ھازىر ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى سىياسىي تېمىلارغا قاراتقان. ئۇ **يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم** شۇئارى ئاستىدا، پۈتۈن زېھنى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىق يولى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# باشلاشتىن بۇرۇن

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

كىتاپنىڭ بېشىدا بىرنەچچە ئېغىز بىرنېمە دېۋېلىش ئادىتىم بولۇپ قالدىمىكىن، ھەرقاچان يازغۇدەك بىر سەۋەپ تېپىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ھەممىنى بىردەك — فورما بويىچە «كىرىش سۆز»، «سۆز بېشى» دېگەندەك ئاتىغىم كەلمەيدۇ. مۇشۇ ئوخشاشلىقتىن ئۆزەمنى قاچۇرۇش ئۈچۈنلا ئۆزەمچە تۈرلۈك ئىسىملارنى قوللۇنۇشقا ئۇرىنىمەن. ئەمەلىيەتتە بولسا ھەممىسى كىرىش سۆز تۈسىنى ئالغان بىر نېمە.

بۇ كىتاپىتىمۇ دەي دېسەم تېخى، دېمەي دېسەم تېخى،... دەيدىغان تىپىتىكى بەزى گەپلىرىم بارلىقىنى ھىس قىلدىم. شۇڭا بۇ مەۋزۇنى لايىق كۆردۈم.

ئەسلىدە بەزى ۋاقىت خاراكتېرلىق ماقالىلارنى، قاراتمىلىققا ئىگە ماقالىلارنى چىقىرىۋېتىشنى ئويلىغان ئىدىم. تەكرار ئوقۇپ باقتىم؛ ئۇزاق كەلگۈسىدە تۇرۇپ — تەسەۋۋۇرۇمدا — ئوقۇپ باقتىم. ھىس قىلدىمكى، مەلۇم سىياسىي چۈشەنچە، ئازدۇر - كۆپتۇر سىياسىي ساۋات ئالاي دېگەن ئىزدەنگۈچىگە يەنىلا ئازراق مەنپەئەت بارىكەن. ھىچ بولمىسا مۇشۇ بىر دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، زىددىيەتلىرى، يېتىشسىزلىكلىرى، بالىلارچە تۈسى ئاشكىلىشىلىپ تۇرىدىكەن. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا بۇلارنى يەنىلا كىتاپتىن چىقىرىۋەتمەسلىك قارارىغا كەلدىم.

بۇ ماقالىلاردا «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانلىرى»دىن بەزىلىرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بەزىلەرگە ئۇۋال بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا، بەزىلەر سەلبىي يۆنىدىن بولسىمۇ «تارىختا نامى قالغان» مەشھۇر كىشى بولۇپ قالاتتى. بۇ بولسا بۇنداقلار ئۇچۇن ھەقىقەتەنمۇ ئوشۇق كېتىدىغان شەرەپ ئىدى. ئۇلارنىڭ كىتاپتا نامى تىلغا ئېلىنغۇچىلىكى بار سالاھىيەتلىك دۈشمەن بولمىسىمۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان مەزمۇن ۋە بېرىلگەن مۇلاھىزىنىڭ كىتاپخانلار ئۈچۈن سىياسىي ساۋات جەھەتتە مەلۇم قىممىتى بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كەلدى. مەسىلەن: تېرورچىلىرىمىز ھەققىدىكى ماقالىلار، رادىئوغا ئالاقىدار ماقالىلار ۋە باشقا رېئال ئىسىملار تىلغا ئېلىنغان ماقالىلار.

يەنە بەزى ماقالىلار شۇ زامان، شۇ ۋاقە ئېتىبارى بىلەن قىممەتلىك ۋە زۆرۈر بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئېلان قىلىدىغان جاي بولمىغىنى ئۈچۈن، يەنىلا كىتاپتا قالدۇرۇپ قويۇلدى. مەسىلەن: بىشكەكتىكى ئۇيغۇر بازىرىنىڭ كۆيدۈرىلىشى ۋە ئاپتوۋۇز بىلەن يۇرتتا قايتقانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن كۆيدۈرىلىشى؛ ئۇيغۇرلارغا كەيدۈرۈلگەن «تېرورچى» قالپىقى،... قاتارلىقلارغا ئەسلىدە شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە تەشكىلاتلىرىمىز رەددىيە بېرىشى، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە باياناتلار بېرىپ، بۇ ۋەقەلەرگە قارىتا جامائەت پىكرىنى توغرا تەرىپكە يۆنىلەندۈرىشى زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن بۇ «ئېچىلىق بىلەن ۋەتەن قۇتقۇزىدىغان» تەشكىلاتلار ژىغىلىقلىرىنى مىدىرلىتىپمۇ قويمىدى! بۇنداق موھىم ۋەقەلەردىكى مەيدانى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە خاتا قىلغانلىقىنى ھىسمۇ قىلىشمىدى. شۇڭا مەن بۇ رەددىيەلىرىمنى (ئەسلىدە ئاشۇ تەشكىلاتلارنىڭ باياناتچىلىرى تەرىپىدىن جاكالىنىشقا تېگىش مەزمۇنلارنى) ھىچ بولمىسا كەلگۈسىدىكى كىشىلىرىمىز كۆرسە، مۇشۇ زامان سىياسىي تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ساپاسى،

مەيدانى، نىيىتى،... قاتارلىقلارغا ھۆكۈم قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالار دېگەننى نەزەردە تۇتتۇم.

مۇتلەق كۆپ قىسىم ماقالىلىرىم «بىلگىنىنى چىلىلاش» تىپىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنىڭ مېۋىلىرى بولۇپ، كىتاپقا بېرىلگەن تەنتەنىلىك يوغان ئىسىمغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مەزمۇندا بولىسمۇ، بۇ يوغان ئىسىمدىن ئۇمۇنۇپ قالغان كىتاپخانغا «ئۇسسىغان يېرىگە بارغىدەك» بىر نەرسە بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، سانسىز ئۆزرىلىرىمدە تەكرارلىغىنىمدەك، مەن سىستېمىلىق مەكتەپ تەربىيىسى ئالمىغان بىر ئاۋارى، نىيىتىم پەقەت بىلگىنىلىرىمىزنى غىدىقلاش؛ ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى تاتىلاپ، قىممەتلىك تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغۇزۇشتا ئىلھام تۇغدۇرغۇچى بولۇش. ئەگەر مۇشۇ تۇپەيلىدىن بەزى قىممەتلىك ئىزدىنىش مېۋىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلسا، مېنىڭ مۇرادىم ھاسىل بولغان بولىدۇ. يەنە بۇ ماۋزۇ راۋا كۆرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بارلىق ۋەتەنپەرۋەر كىشىلىرىمىزگە ئورتاق ئىزدىنىش مەنزىرىسى يارىتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن؛ «شەرقي تۈركىستان ئازاتلىق يولىدا ئىزدىنىش» ئەسلىدە بىر مەجمۇئە شەكلىدە نەشىر قىلىش پىلانلانغان كىتاپ بولىسمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ئوتتۇرىدا ھېچقانداق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىمىز، ئاتاغلىق سىياسىي مۇلاھىزىچىلىرىمىز (رادىئودا پات - پات مۇشۇنداق شەرەپلىك ۋە پەخىرلىك ناملار بىلەن زىيارەت قىلىنىۋاتقان كىشىلەر ھەققىدە ئاڭلاپ قالىدىغان بولساقمۇ)، ھېلىغىچە بۇ «قالپاقلارغا چۇشلۇق قىرغىز» ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ەكىلدەش بوي كۆرستىپ، شۇ داغدۇغىلىق ئىسىملارغا ئۇيغۇن مېۋىلىرىنى سۇنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەجمۇئە خىيالغا ئايلىنىپ قېلىۋەردى. ئەمدى يەنە شۇ چاقىرىقنى تەكرارلايمەن: ئەگەر ئازاتلىقىمىز يولىدا ئىزدەنگۈچىلىرىمىز، ئۆزلىرىنىڭ ئىزدىنىش

مېۋىلىرىنى بىر ئورتاق مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشنى خالىسا، مېنىڭ تور بېتىم: www.eynek.biz مۇنبىرىگە قويسا، ياكى تور باشقۇرغۇچى ئېلخەت ئادرېسىغا ئەۋەتسە، بۇ مەجمۇئەنىڭ كېيىنكى جىلدلىرىغا شەرەپ بەرگۈسى، مەجمۇئە ئارقىلىق مۇھاكىمە، مۇنازىرە قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق بىرلىككە كەلگەن بىر نەزەرىيە بارلىققا كەلتۈرىشىمىز ھەم مۇمكىن. ئەگەر مۇشۇنداق بىر مەجمۇئە بارلىققا كەلتۈرۈلسىلا، نەشىر قىلىشتىكى مالىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى نەشرىياتىمىز ئۈستىگە ئالىدۇ.

يەنە مۇشۇ ماۋزۇنىڭ بەرگەن ئىمكانلىرىدىن پايدىلىنىپ، كىتاپنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئۈستىگە ئالغان، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇللىرىغا، نامسىز ساخاۋەت ئىگىلىرىگە ۋەتەن خەلق نامىدىن رەخمەت ئېيتىمەن. ئاللاھ ياخشى نىيەتتە، رىيادىن يىراق بەرگەن ياردەملىرىڭىز ئۈچۈن، بايلىقىڭىزنى تېخىمۇ ئارتتۇرسۇن، بايلىقىڭىزنىڭ ھوزۇرىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلسۇن. ئامىن!

# ئىقتىسادىي زەربىدىن ئەسلى مەقسەد — سىياسىي زەربە

كېيىنكى بىر نەچچە يىل شەرقىي تۈركىستانلىقلار يوق قىلىنىۋېتىش ئۈرۈنۈشلىرىغا جىددىي دۇچ كەلگەن، يوق قىلىشنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىپادىلىنىشلىرىنىڭ زەربىلىرىگە ئۇچرىغان بىر قەرنە بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنى خەلقئارا تېررورىزىمنىڭ بىر پارچىسى شەكلىدە كۆرسىتىش ئۈرۈنۈشلىرى ۋە بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن سۈنئىي پەيدا قىلىنغان ئاتالمىش دەلىللەر؛ مەملىكەت ئىچىدە ئەڭ رەھىمسىز تۈردىكى — نەسىل قۇرۇتۇش خاراكتېرىدىكى تازىلاش ھەركەتلىرى؛ ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىشنى چەكلەشنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان ئالىي مەكتەپلەردە ئىشلەتمەسلىك بۇيرىقى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىشكەكتىكى ئۇيغۇر بازىرىنىڭ تامامەن كۆيدۇرۈلۈشى ۋە يېقىندا يۈز بەرگەن يۈرتقا قايتىۋاتقان تىجارەتچىلەرنىڭ توپى بىلەنلا قەتلىئام قىلىنىشى ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شەكىلدە كۆيدۈرۈۋېتىلىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئايرىم ماۋزۇلاردا مۇلاھىزە قىلىنىشقا تېگىش، مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئويۇنلار بولۇپ، بۇ ئوبزورىمىزدا پەقەت ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سۇندۇرۇش ئۈرۈنۈشى ھەققىدە توختۇلىمىز.

يېقىندا قىرغىزىستاندا يۈز بەرگەن پاجىئە ھەققىدە ھەركىم ھەر خىل باھا بېرىشىۋاتىدۇ؛ قىرغىزىستان تەرەپ بۇنى «خىتاينىڭ چېگرادىكى ئەسكەرلىرى كېلىپ قىلدى» دېسە، خىتايلار ئۆزىچە بۇ ئىشقا قاتتىق كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەت ئىپادىلەپ، قىرغىزىستانغا قاتىللارنى چوقۇم

تېپىش تەلىپى قويغانلىقىنى داۋراڭ قىلىشماقتا.

بۇ ھەقتە خەلقىنىڭ چۈشەنچىسىمۇ ھەر خىل. تەبىئىيكى، خەلقىمىز بەك قالاق قالدۇرۇلغانلىقى سەۋەپلىك، پەقەت ھادىسىلەرگە قاراپلا باھا بېرىشتىن، دىققەتنى چالغىتىدىغان يالغان تەشۋىقاتلارغا ئىشىنىپ كېتىشتىن ساقلىنالمايدۇ.

بۇ ھەقتە بىزنىڭ تەھلىلىمىز تارىخىي دەلىللەرنى، مۇستەملىكە سىياسىتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە زۆرۈرىيىتىنى مەنتىقىلىق تەپەككۇر يولى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان بولغاچقا، ئەڭ ئىشەنچلىك خۇلاسە دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئىقتىسادىي بېقىندىلىق — سىياسىي بېقىندىلىقنىڭ ئاساسى. ئەكسىچە، ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق — سىياسىي مۇستەقىللىقنىڭ بىخى، باشلىنىشى، ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىلدۇر.

مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەركەتلىرى ھامان شۇ مىللەتنىڭ بايلىرى تەرىپىدىن تەشكىللىنىدۇ ياكى ئاساس يارىتىلىدۇ. چۈنكى تەشكىللىنىش نوپۇزنى شەرت قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا نوپۇز ھامان كۆپ ھاللاردا بايلاردا ياكى بايلار تەرىپىدىن دەستەكلەنگەنلەردە بولىدۇ. مەلۇم ئىقتىسادىي كۈچكە، يەنى، مۇستەقىل ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولغان مىللەتلەر تەدرىجى تەشكىللىنىپ، مۇستەقىللىققە ئېرىشىدۇ. ئىقتىسادىي كۈچى بولمىغان مىللەتلەردە ئۇيۇشۇش كۈچىمۇ بولمىغاچقا تەشكىللەتلىنالمايدۇ؛ ئىقتىسادىي بېقىندىلىق سىياسىي قۇللۇقنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ؛ سىياسىي قۇللۇق — ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈشنى چەكلەپ تۇرىدۇ.

تۇغما كېڭەيمىچىلىك خاراكتېرىغا ئىگە خىتايلار، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى بولىشىدىن ئەزەلدىن ئېھتىيات قىلىپ كەلدى. تارىختا باقىدىغان بولساق، ھەرقاچانكى خىتاي مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي زەربە نىشانى بايلار بولدى. ھامان بايلارنى يوقۇتۇش،

مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش دولقۇنى بولۇپلا تۇردى؛ يەنى بايلارنىڭ ئۆزى ئۆلتۈرۈلدى، بايلىقى مۇسادىرە قىلىندى. بۇ ھەقتە ئالدىنقى كىتابىمدىكى «نامراتلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ مەقسىدى» ناملىق ماقالەمدە ئىقتىساد بىلەن مۇستەقىللىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە چەكلىك دائىرىدە توختالغان ئىدىم.

بەزىلەر تولىمۇ نادانلىق بىلەن، «ھۆكۈمەت بىلەن قېرىشماي، ئۆز يولىمىزدا پۇل تاپساق، ھۆكۈمەتنىڭ بىز بىلەن نېمە كارى» دېيىشلىرى مۇمكىن. مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرماسلىقلا مۇستەملىكە مىللەتنىڭ تېنچ - ئارامىدا ياشىشى ئۈچۈن ئاساس بولالمايدۇ. ئۇنىڭ يات مىللەت بولىشى، تاجاۋۇزچى مىللەت بىلەن نەسەبداش ئەمەسلىكىنىڭ ئۆزىلا تاجاۋۇزچىلارنىڭ كۆزىدە بىر خىل گۇناھ ياكى ئىشەشسىزلىكنىڭ بەلگىسى بولۇپ كۆرۈنگەچكە، ھېچقاچان بىر ھۆكۈمران، قۇلنىڭ ساداقىتىگە ئىشەنمەيدۇ. نورمال «ياۋاش پۇخرا»غىلا ئەمەس، ھاياتى بويىچە تاجاۋۇزچىلارغا غالچىلىق قىلغان مۇناپىقلارغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. سىياسىي غالچىلارغىلا ئەمەس (بۇنىڭ مىساللىرىنى كۆنىمىزدىمۇ ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز)، ئىقتىسادىي يالاقچىلارغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. بۇ ھالەت تاكى قۇل ئازاد بولغانغا ياكى تاجاۋۇزچىلار ئۇلارنىڭ نەسلىنى تۈگەتكەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

مەسىلەن: شېڭ شىسەينىڭ 1936- يىلىدىكى بايلارنى تازىلىشىدا نەچچە ئون مىڭ باي يوشۇرۇن تۇتقۇن قىلىنىپ يوقۇتۇلغاندا، ئۆمەربايدەك مۇناپىقلار ئاياپ قويۇلغانمىدى؟ كۆپچىلىككە مەلۇم، ئۆمەرباي تارىخىمىزدىكى شەرمەندە داغ، ھاياتى بويى تاجاۋۇزچىلارنىڭ يالىقىنى يالىغان، خەلقنىڭ قېنىنى باسقۇنچىلار بىلەن شېرىكلىشىپ شوراش بىلەن سەمرىگەن نومۇسسىز، ھەمدە ئابدۇلقادىر داموللىنى قەتلە قىلدۇرغان مۇناپىق. ئۇ نە شۇ زامانلاردا مەيدانغا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىگە ئىئانە قىلغان بولسا، نە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتىنى

قوللىغان بولسا. ئەنە شۇنداق بىر مۇناپىقمۇ دۇشمەن تەرىپىدىن ئاياپ قويۇلمىغان ئىدى.

بۇ خىل، بايلارنى يالىڭاچلاش، ئۆزىنى زومىگەر باي دەپ ئېتىپ تاشلاش، كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بولمىدىمۇ؟ ھەتتا بۇ ھەرىكەت دىكتاتور ماۋنىڭ ئۆلمىگىچە پات - پات تەكرارلىنىپ تۇرغاندى. ئەمما بىزنىڭ خەلقىمىز ھامان خىتاينىڭ يالغانلىرىغا ئالدىنىپ، ئۆتمۈشنى ئاسانلا ئۇنتۇپ، ئوخشاش شەكىلدە ھۆل خىشقا دەسسەشنى تەكرارلاپ تۇرىدۇ. تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەتنى «دۇشمەن ھۆكۈمەت، ھامان بىز ئۈچۈن ياخشىلىقنى راۋا كۆرمەيدۇ» دېگەن ئېنىق نۇقتىئىنەزەر، روشەن تونۇش بولمىغاچقا، تېخى تۈنۈگۈن دادىلىرى زومىگەر قىلىنىپ يوقۇتۇلغان ۋە بايلىقى تالانغانلار بۈگۈن دادىلىرىنىڭ پاجىئەسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، يەنە بىر قېتىم ئالدىنىپ قاپقانغا چۈشمەكتە.

مەسىلەن: 1998- يىلى بەزى جايلاردا بايلارنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى ئۆلچەپ، كېيىنكى زەربە نىشانلىرى ئۈچۈن كۆڭۈلدە سان تۇرغۇزۇۋالماق قەستىدە بولىۋاتقان خىتايلار، ھارامزادىلىك بىلەن، ئاۋال بېيىغانلارنى سىلىشتۇرۇپ باھالاش دېگەندەك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، كىشىلەردىكى مەن- مەنلىك، قىتىغۇر رىقابەت تۇيغۇسىنى كۆرۈكلەپ، بايلارنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىشىنى ئۇيۇشتۇرغان. كەنت ئىشخانىسىنىڭ تېمىغا بايلارنىڭ ئىسمى، مەلۇم قىلغان ئومۇمىي سەرمايىسى جەدۋەل قىلىپ چاپلانغان. بىچارە ساددا خەلق، ئۇۋچىنىڭ ئۇۋىنى پايلاپ يۈرگىنىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن. مانا بۇنداق ئۇسۇللار بىلەن كەلگۈسىدە كىمدىن قانداق ھېساپ ئېلىش ئۈچۈن ئاساس تۇرغۇزۇۋاتقانلىقلىرى ئەقىللەرگە ئايان بىر ئىش. «نومۇسسىز مۈشۈككە قازناقنىڭ ئىشىكى ئوچۇق» دېگەندەك، خىتايغا بۇ ئىشنى قىلىش تەس چۈشمەيدۇ. ھەرقانداق بىر جىنايى باھانە توقۇپ چىقىشمۇ، ياكى بىرەر ئاممىۋي ھەركەت قوزغاپ، يالاڭتۆش ئاكتىپلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، بىر-

www.uyghurkitap.com

بىرىگە تالىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىقمۇ خەلقتىكى بايلىقنى بىر ئاخشامدا يىغىۋېلىشى مۇمكىن.

ئەمما خىتايلار بۇنىڭغىلا قاراپ تۇرمايدىغانلىقى تەبىئى. ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، كىشىلەرنىڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىنى ھەر تەرەپكە باشلىۋېتىش ئۈچۈن، كونا ئۇسۇلدا بايلارنى تۇتقۇن قىلىپ، مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشتەك بىرلا شەكىلدىن قەستەن ۋاز كېچىپ، بايلارغا ئىقتىسادىي زەربە بېرىشتە، شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىكى بايلىقنى سورىۋېتىپ، ئەسلىگە كېلەلمەيدىغان ياكى ئۇزاققىچە ھوشىنى يىغالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ھەركەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇ ھەقتە ئىلگىرى مەملىكەت ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللەنگەن بازارلىرىغا ئوت قويىۋېتىش ۋاقەلىرىنى پەيدا قىلغان ۋە بۇنىڭ نە جاۋاپكارى، نە ئىشىنەرلىك سەۋەبى كۆرسىتىلمەي، سىرلىق تۇردە تېپىشماق بولۇپ قالغانىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، قىرغىزىستاندا بىشكەكتىكى بازارنىڭ تامامەن كۆيدۈرىلىشىمۇ خىتايلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ئىقتىسادىي زەربە بېرىش ھەركەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ۋەقە ھەققىدە چەتئەل مۇخبىرلىرىغا گەپ قىلغانلارنىڭ قامىلىشى، ئۆزى چەتئەلدىن قايتمىغانلارنىڭ ئائىلە ئەپرادىنىڭ قامىلىشى؛ ھەتتا مەملىكەت ئىچىدە بۇ ۋەقە ھەققىدە پاراڭ قىلىش، ئومۇمەن بۇ ۋەقەنى تىلغا ئېلىشنىڭ جىنايەت ھېساپلىنىپ، قاتتىق تەقىپ قىلىنىشى ئويۇننىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئىمكانى سۇنىدۇ ئەلۋەتتە. ئۇ چاغدا بۇ ئوت كېتىش ۋەقەسى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقىمۇ يول قويمىغان خىتايلارنىڭ بۇ قېتىمقى بۇلاڭچىلىق بىلەن بىرلەشكەن قەتلىئام ھەققىدە «كۆيۈمچان» قىياپەت ئىپادىلەپ، قىرغىزىستان تەرەپكە «قاتتىق تەلەپ» قويغىنى كۈلكىلىك بولۇپلا قالماي، يەنە كىشىنى ئويغا سالىدۇ.

بۇ قېتىمقى پاجىئەلىك ۋەقە بايلارغا قارىتا ئىقتىسادىي ۋە جىسمانىي

جەھەتتىن يوقۇتۇشنى كۆزلەش بىلەنلا قالماي، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۇچۇن ئازدۇر ـ كۆپتۇر پۇل تېپىشنىڭ ئاخىرقى سورۇنى بولۇپ قالغان ئورتا ئاسىيا مەملىكەتلىرىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش، چەتئەلنى ۋەھىمىلىك كۆرسىتىش كۆزلەنگەن شۇم نىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەھەتتە خىتايلارنىڭ ئاستىرتتىن ئېلىپ بارغان توسقۇنلۇق پائالىيىتى، چەكلەش ھەرىكەتلىرى ئاز ئەمەس:

1994- يىلىدىن بۇرۇن تىجارەت پاسپورتى بىلەن چىققانلار قىرغىزىستاندا يىللاپ تۇرۇپ قايتىسىمۇ ھېچ توسالغۇ يوقىدى. 1994- يىلىدىكى خىتاي باش مىنىستىرىنىڭ ئورتا ئاسىيا سەپىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قېتىمدا ئۈچ ئاي تۇرۇپ قايتىشى تەلەپ قىلىنىدىغان بولدى ۋە بازارغا ئوغرى- لۈكچەكلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىش، بۇلاش- تالاش ۋەقەلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تۇرۇپ ئەركىن پىكىرلەر بىلەن ئۇچرىشىشىنىڭ، كۆزى ئېچىلىپ، ۋەتەن نېمە، مىللەت نېمە، مۇستەقىللىق نېمە چۈشىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىدىن ئۇزاق تۇرغۇزماي كەتكۈزىۋېتىش، رەسمىيەتلەرنى قىيىنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتى تەلىپى ئىدى. بۇنى ئۆز ۋاقتىدا قىرغىز ساقچىلىرىمۇ ئوچۇق دەپ يۈرگەن. ئۇرۇش- بۇلاش ۋەقەلىرىنى خىتاي جاسۇسلۇق سىستېمىسى لۈكچەكلەرنى سېتىۋېلىش يولى بىلەن تەشكىللىگەن ئىشلار ئىدى. چۈنكى بۇنداق ۋەقەلەر ئۇنىدىن بۇرۇنقى، يەنى ئورتا ئاسىيا مەملىكەتلىرى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان، نىسبەتەن ھۆكۈمەتسىز دەۋرلەردىمۇ بولمىغان ئىش ئىدى.

بۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، ئورتا ئاسىياغا كەلگۈسىدىكى كېڭەيمىچىلىك پىلانىنىڭ بىخى بولغان خىتاي كۆچمەنلىرى چىقسا ھېچقانداق رەسمىيەت قىيىنچىلىقلىرىغا ئۇچرىماستىن تېزلا ئىشى پۈتەركەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنى ئۇرغان ھېلىقىدەك ھۆكۈمەتسىز

لۈكچەكلەرمۇ ھەرقانىداق نىمجان خىتايدىنمۇ قورقۇپ تۇرىدىغانلىقى، چېقىلىشقا پېتىنمايدىغانلىقى ھەممە كۆرۈپ تۇرغان پاكىتتۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا ساقچىلىرىنىڭ ئېتىراپلىرىدىمۇ: بىر خىتاي ۋىزا ياكى پاسپورت چاتىقى بىلەن تۇتۇلغان بولسا، خىتاي كونسۇلىدىن كېچىنى- كېچە دېمەي ئادەم كېلىپ، خىتاينى قويىۋېتىشكە مەجبۇرلايدىغان بولسا، يۈزلەرچە ئۇيغۇر تۈرمىلەردە چىرىپ ياتقان، ئازاپلانغان، ئۇستىلەپ نۇرغۇن پۇللى ئېلىۋېلىنغان ئەھۋاللار ھەتتا ئۆلتۈرۈلگەن ئەھۋاللار تەكرار يۈز بېرىپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، خىتاي ئەلچىخانا (ياكى كونسۇلخانا)سىنىڭ چاتىقى بولماسلىقى، بۇ خەلقنى ئىگىسىز ئىتتەك بوزەك قىلسا بولىۋېرىدىغانلىقى ھەققىدە بىشارەت بېرىش ئىدى. بۇ ھالدا كىم بوزەك قىلمىسۇن؟

بۇندىن باشقا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بازارلارمۇ تەدرىجىي ھالدا خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتىشى، ئۇيغۇرلارنى زېرىكتۈرۈپ سىقىپ چىقىرىشلارنىڭ ھەممىسى — خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىگە كېڭىيىشتىكى بىر قەدەمنى تەشكىل قىلىدىغان پىلانلىق ھەركەت بولۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ بېيىش يولىنى تامامەن توسۇش غەرىزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر خىتاي بىلەن بىر ئۇيغۇرنىڭ پاسپورتقا ئېرىشىشتىكى يولى، سەرپ قىلىدىغان پۇلىدىكى ئاسمان - زېمىن پەرقمۇ بۇ شۇم غەرەزنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.

شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ باي بولۇشىنىڭ تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەتكە ياقمايدىغانلىقى ھەققىدە يەنە باشقا دەلىللەرنىمۇ كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن:

80- يىللاردىن كېيىنكى داغدۇغىلىق ئىسلاھات — ئاتالمىش «پارلاق 3- ئومۇمىي يىغىن»دىن كېيىنكى يېزا- بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش، راۋاجلاندۇرۇش دولقۇنىدا ئىپادىلەنگەن ئىككى يۈزلىمچى سىياسەتمۇ بۇلارنىڭ بىرى. ئىسلاھاتتا بارلىققا كەلگەن ئائىلە شەكلىدىكى كىچىك كارخانىلار خىتاينىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىدىكى موھىم

ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇگۈنگىچە ياشاپ كېلىۋاتقىنى بىلەن، ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى سورەن-چوقانلىرىغا ئىشەنگەن بىر قىسىم ئۇيغۇر بايلىرىنىڭ سانائەتلىشىش ئارزۇسى بوشۇكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇلغانىدى. ئۇلار قۇرغان كىچىك زاۋۇت- فابرىكىلىرىنى ئېقىشقا سالالماي ماجالىدىن كەتكەن، تۇرلۇك سۇنئىي ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى، سىقىشى، پوت - قولىنى چۇشەپ قويىشى تۇپەيلى ماشىنا ـ ئۇسكۈنىلىرىنى ئەسكى تومۇر قاتارىدا سېتىپ، يەنە شۇ پارتىزانچە كوچا تىجارىتىگە قايتىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. («پارلاق مىللىي سىياسەت» ئۆرنىكى ئۇچۇن كۆز بوياش تەشۇىقاتلىرىنىڭ دەلىلى قىلىشقا ساقلاپ قېلىنغان ساناقلىق كارخانىلار مۇستەسنا، ئەلۋەتتە).

بۇنىڭدىكى سەۋەپ، خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆزىگىلا خاس ھارامزادىلىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان يوشۇرۇن سىياسىتىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستانلىقلاردا مىللىي سانائەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مۇتلەق يول يوق! شەرقىي تۈركىستانلىقلار سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقارغۇچى بولماسلىقى، مەڭگۈ ئىستىمالچى بولۇشلىرى كېرەك! ھەتتا شەھەرلىشىشى، يەنى شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگىمۇ چەك قويۇلىدۇ. شۇڭا زامان- زامان «تارقاقلاشتۇرۇش» شامىلى بىلەن مىڭلىغان ئائىلە خانىۋەيران قىلىنىپ، يېزىلارغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ.

شەھەر- يېزا قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ ھەمىشە «يېڭىلىشلىق» بىلەن تۈزىلىشى، نەتىجىدە بۇ يىل ئېلىنغان يول باغنى بۇزۇپ ئۆتسە، كېلەر يىلى بۇنىڭ خاتا بولغانلىقىنى دېيىشىپ، يېڭىۋاشتىن ئېلىنىشى، ھەمدە بۇ نۆۋەتتە بۇ يولنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ مېڭىشى قاتارلىقلارمۇ ئەسلىدە غەرەزلىك نامراتلاشتۇرۇش شۇملىقىدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ بۇنداق خاتا پىلانلاشلارنىڭ زىيىنى ھامان يەرلىك ئاھالىگىلا كېلىدۇ، تاجاۋۇزچى كۆچمەنلەرگە ھېچ زىيىنى تەگمەيدۇ. ئەگەر كۆچمەنلەر كۆپ يەرلەر بولۇپ، ئۇلارغىمۇ زىيان كېلىدىغان بولسا كۆرىسىزكى، بۇنداق خاتالىششلار بولمايدۇ. ھەتتا

يېزىلاردا تېرىقچىلىقتا ئارىلىشۋېلىپمۇ دايىم دېگۇدەك مەغلۇبىيەتلىك دېھقانچىلىق سىناقلىرىنىڭ زىيىنىنى دېھقان تارتىدۇ.

بۇلا ئەمەس، يەر سېلىقىنىڭ ئېغىرلاشتۇرۇلىشى، شەرقىي تۈركىستان دېھقانلىرىنى يەرنى تاشلاشقا قىستاش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان پىلانلىق ھەركەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق، مەھسۇلاتى چىقمىنى بويلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن يەرلىرىدىن ۋاز كەچكەنلەرنىڭ يەرلىرىنى تاجاۋۇزچى خاراكتېرلىك خىتاي كۆچمەنلىرىگە بېرىشنى مەخسەد قىلىدۇ. خىتاي كۆچمەنلىرى شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈلىدىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئېتىۋار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا يەردىن پايدا ئالالايدۇ. بۇ ھالدا يېتىشەلمىسە يەرنىڭ ئىلگىرىكى ئىگىلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىشمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان دېھقانلىرى ئائىلە قۇللىرىغا ئايلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بۇ قىسمىتى — شاھمات ئويۇنىدىكى يېتىم قالغان شاھنىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشاش بولۇپ، نەگىلا قەدەم باسسا، «شاھ!» بېرىلگەچكە، نامراتلىشىشقا — ئاخىرى بولسا يوقۇلۇشقا قاراپ مېڭىشتىن باشقا تاللاش ئىمكانلىرى يوق!

مانا بۇلار مۇستەملىكچى ھۆكۈمەت بىلەن، مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ مۇقەررەر مۇناسىۋىتى! مانا بۇ مۇقەررەرلىك بېشكەكتىكى بازارنىڭ كۆيدۈرۈلۈشىنىمۇ، يۇرتقا قايتىش يولىدىكى تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنىمۇ زۆرۈرى قىلغان سەۋەپتۇر.

مۇشۇ مۇقەررەرلىكنى تونىمىغاندا، ھەر زامان ئېھتىياتنى ئۇنتۇپ، دۈشمەنگە ئىشىنىپ كېتىش، تەكرار ئالدىنىپ، زىيان تارتىش داۋام قىلىدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، خىتاي مۇستەملىكچى ھۆكۈمىتى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھۆكۈمىتى ئەمەس، بەلكى دۈشمىنى! بۇ دۈشمەن ھېچ زامان بۇ خەلقنىڭ گۈللىنىشىنى ئىستىمەيدۇ، بەلكى يوقۇلىشىنى نىشان قىلىدۇ! چىرايلىق گەپلىرى بولسا تېخىمۇ چوڭ

www.uyghurkitap.com

بىر شۇملۇقنىڭ ئالدىدىكى كۆز بوياش، خالاس.

ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر بازىرىنىڭ بۇلىنىشىمۇ خىتاينىڭ يېشىل چىراق يېقىپ بېرىشى سۈكۈت قىلىشى سەۋەبىدىن بولغان. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، خىتايدىن قورقىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە خىتاي بۇقرالىرىنىڭ مال - مۈلكى ئۇنداق ئاسان تارتىۋېلىنمايتى!

2002 – يىلى، تورونتو.

# بۇ — ئەخلاق مەسىلىسى ئەمەس، سىياسىي مەسىلە

مىللىتىمىز ئىچىدىكى بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ خىرۇئىن ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياشلارنى زەھەرلىشى، بەزى ۋىجدانسىزلارنىڭ قىزلىرىمىزنى خىتايغا ئاپىرىپ مېھمانخانىلارغا ۋە يەنە ئاللىقانداق كېچە كلۇبلىرىغا سېتىشى، بەزىلەرنىڭ قارا گورۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆسمۈرلەرنى، باشپاناھسىز قالغان ياشلارنى جىنايى يوللاردىن پۇل تېپىشقا سېلىشى،... قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى، خىتايلارنىڭ مىللىي زۇلمى ئۈستىگە ئۆز مىللىتىمىزدىن چىققان بۇ ئادەملەرنىڭمۇ بۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن، بىر نەپسى ئۈچۈن ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنساننى، مەھكۇم بىر ئىنساننى، ئىگىسىز، دوستسىز بىر ئىنساننى ئۈستىلەپ ئېزىشى؛ خۇددى «خۇدا ئۇرغاننى، ‹خۇدابەردىكام› كەمقۇشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك، ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك بولۇپ، نۇرغۇن ئىنكاس تۇغدۇرىۋاتىدۇ.

مېنىڭچە، بىر مىللەتنىڭ ھالىمۇ بىر ئائىلىنىڭ ھالىغا ئوخشاش بولىدۇ. يەنى، بىر ئىللىق ئائىلىدە، ئاتا- ئانا تەربىيىسىدە ئۆسكەن بالا بىلەن يېتىم بالا — كوچا سەرگەردانى شەكىلدە.

سۆزىمىزنى تېئورىك قېلىپتىن چىقىرىپ، كونكرېتلاشتۇرساق، ئەگەر بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولسا ئۇ خۇددى ئىللىق ئائىلىدە، ئاتا- ئانا تەربىيىسىدە ئۆسكەن بالىدەك، توغرا يۆنۈلۈشتە ئۆسۈپ بارىدۇ. نېمە

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن؟ چۈنكى دۆلەت ئۈستقۇرۇلمىسى تەربىيە- تەشۋىقات مۇئەسسەسەلىرى ئارقىلىق پۈخرانى يېتەكلەيدۇ، ھەتتا كېرەك تېپىلسا مەجبۇرىي چارىلارنى قوللىنىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: تۈركىيەدە ئاتا تۈرك ئىسلاھاتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى كىيىم- كېچەك ئىسلاھاتى بولۇپ، كىشىلەرنى مەدەنىي كېيىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش بىلەنلا قالماي، بۇ تەشەببۇسنى «قىياپەت قانۇنى» (يەنى، «كىيىنىش قانۇنى») نامىلىق قانۇن ئارقىلىق مەجبۇرىي تۈس ئالدۇرغان ئىدى. بۇنداق ئىش رىزاھ شاھ پەھلىۋىي دەۋرىدىكى ئىراندىمۇ بولغان. مۇناسىۋەتسىزدەك تۇرىۋاتقان بۇ مىسالدىن مەخسەد شۇكى، دۆلەت ئۈستقۇرۇلمىسى، دۆلەتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات پىلانى ئۇچۇن، پۇخرالارنى خالىغان يۆنىلىشكە يېتەكلەشكە قادىر. مۇستەبىت ماۋ باشلىغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، كوممۇنىست ئۈستقۇرۇلمىسى ئادەملەرنى ھىس- تۇيغۇسىز ماشىنىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، ئاتا- بالىنى بىر- بىرىگە دۈشمەن قىلالىغان؛ ھەمدە بۇ خىل ھايۋانلارچە ئىپادىنى نورمال ۋە شەرەپلىك ھىس قىلدۇرالىغان ئىدى. دۆلەت پۇخرانى خالىغان تۈسكە كىرگۈزەلەيدىغانلىقى بۆلاردىن يېتەرلىك دەرىجىدە ئاڭلىشىلسا كېرەك.

دېمەك، دۆلەت — مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن (كوممۇنىست سىستېمىدا سىياسەتنىڭ ئېھتىياجى ئۇچۇن) پۇخرانى يېتەكلەيدۇ. پەقەت تەشۋىقات- تەرغىبات ئارقىلىقلا ئەمەس، مەجبۇرىي چارىلار ئارقىلىق ئادەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

ئەمدى مۇستەقىل دۆلىتى بولمىغان، ئاسارەتتىكى مىللەت قانداق بولىدۇ؟ ئېنىق كۆرىنىپ تۇرۇپتۇكى، دۆلەت ئۇنى تەرەققىيات پىروگراممىسىنىڭ ئوبيېكتى دەپ قارىمايدۇ. گەرچە چەكلىك دائىرىدە، جامائەت پىكرىنى ئالداش مەخسىدىدە بەزى «كۆكۈل بۆلۈش» كۆرۈنۈشلىرى كۆرسىتىلسىمۇ، ئەسلى مۇددىئا مەھكۇم مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولمىغىنى ئۇچۇن، ئۇلار ھامان ماكانسىز يېتىم بالا بولۇپ قېلىۋېرىدۇ:

ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇلمايدۇ؛ تۈزىتىشكە تېگىش سەلبىي تەرەپلىرى كۆرمەسكە سېلىنىدۇ؛ ھەتتا سەلبىي تەرەققىيات ئۈچۈن يېشىل چىراق يېقىپ بېرىلىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ ئۆز- ئۆزىنى خاراپ قىلىش يۈنۈلىشىدىكى قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئىمكان يارىتىلىپ، ئۇلارنىڭ «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش» خاراكتېرىدىكى قىلمىشلىرىنىڭ ھۆكۈمەت كۆزىدە بەك ئېغىر ئېلىنىدىغان جىنايەت ئەمەسلىكىگە يوشۇرۇن ئىما قىلىنىدۇ. يەنى، بۇ خىل قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا «بۇنى ھۆكۈمەت بەك ئېغىر ئېپكەتمەيدىكەن» دېگەن مەنىنى ھىس قىلدۇرۇپ، داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن رىغبەت بېرىدۇ. بۇ خۇددى تەيۋەن يازغۇچىسى بەي ياڭ «رەزىل خىتايلار» ناملىق كىتابىدا ھىندىيانلار ھەققىدە: «سىلەر ئاق تەنلىكلەرنىڭ خاتىرجەملىكىگە كاشىلا قىلماي، ئۆز- ئۆزەڭلارنى قىرىپ تۈگىتىۋەتسەڭلارمۇ مەيلى، ئاق تەنلىكلەر تەبىئىي يوقۇلۇشىڭنى نەتىجىسىنى جان دەپ كۈرىدۇ» دېگىنىدەك، بىزنىڭ بۇ خىل تەبىئىي يوقۇلىشىمىزنى خىتايلارمۇ جان دەپ كۆرىدۇ. بىراق بىزنىڭ ئەھۋالىمىز دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئېزىلگۈچىنىڭكىدىنمۇ ئېغىرراق بولۇپ، بۇ يوقۇلۇش ھەركىتىمىزنىمۇ تەبىئىي يوقۇلۇش دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن ئۈرۈمچىدە خىروئىن چېكىدىغان ۋە ساتىدىغانلارنىڭ سۆھبىتىگە تاسادىپەن قۇلاق سېلىپ قالغانىدىم. بۇ سۆھبەتتىن ئالغان خۇلاسەمگە قارىغاندا، ساقچىلار خىروئىن چەككۈچىلەرنى تۇتۇۋالسا ئومۇمەن چاتىقى بولماي قويىۋېتىدىكەن؛ ئارىسىدا خىروئىن ساتقۇچىلار بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ يېنىدىكى پۇلىنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىۋېلىپ، ئاندىن يەنە جەرىمانە قويىدىكەن، جەرىمانىنى تاپشۇرسىلا يولىغا كېتىۋېرىدىغان گەپكەن. تاپشۇرالمىسا، پۇل تېپىپ بەرگەنگە قەدەرلا يېتىپ، ئاندىن چىقىپ كېتىدىكەن. بۇنىڭدىن شۇ كۆرىنىپ تۇرۇپتۇكى، مەخسەت جىنايەتنى توسۇش ئەمەس، ساقچى راسخودى ئۈچۈن پۇل توپلاش ئىكەن. تەبىئىي ھالدا بۇ خىل پوزىتسىيە چەككۈچىلەرگە ۋە ساتقۇچىلارغا جاسارەت بېغىشلاپ،

www.uyghurkitap.com

قىلمىشىنى داۋام قىلىشىغا يېشىل چىراق ياققانلىق، شۇنداقلا ئۇلارغا «بۇ ئانچە جىددىي مەسىلە دەپ قارالمايدۇ» دېگەن مەنىدە بېرىلگەن يوشۇرۇن ئىشارەت.

ئۇرۇمچىدە يەنە شۇنداق بىر ھەيران قالارلىق كەچمىشكىمۇ يولۇققان ئىدىم. بىر كىچىك ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقىنىمدا ئىككى ياش يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇلار كىرىۋاتقىچىلا ئاشپەزنىڭ ئايالىدىن غەللە سېلىنىدىغان ھەميانىنى ئوغۇرلىۋاپتۇ. ئۇلار جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەرتلىك بىلەن ھەميانىنى قايتۇرۇپ بېرىشىدى، خوجايىن ئايال كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ رەخمەت ئېيتىپ كەتتى، ھەم ئۆزلىرىنىڭ بۇ كىچىك ئاشخانا بىلەن بەك كۆپ ئادەمنى بېقىۋاتقىنى ئۈچۈن، ئاران تۇرىدىغانلىقى، ھەرگىز بۇنداق بىر زەربىگە تاقىتى يوقلىقىنى سۆزلىگەچ ھېلىقى ئىككىسىدىن قورقۇپ، خوشامەت قىلىپلا كەتتى. باشقا خېرىدارلارمۇ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىۋالغىچە بىرەر پېشكەل بولماسلىقىنىلا تىلىگەندەك، قورقۇنۇچتىن ھېلىقى ئىككىيلەنگە تىكىلىپمۇ قاريالمىدى. ئۇلارنىڭ رەزىل پاراڭلىرىغىمۇ ئەجەپسىنىش ئىپادىلەش بىلەن بالاغا قېلىشتىن قورقۇشاتتى. چۈنكى يىگىتلەر ئۆز ئارا ئوغۇرلۇق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ خىجىل بولماي، خۇددى بىر شەرەپلىك ئىش- ئىزلىرى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقاندەك ئېيتىشىۋاتقانلىقى ئاھاڭدا سۆزلىشى مېنى چۆچۈتىۋەتكەنىدى. بۇنىڭغا تۇۋا دەپ ئۆزۈن زامان ياقامنى تۇتۇپ يۈرگەنىدىم. كېيىن، يويېز سەپەرلىرىدە، خىتاي شەھەرلىرىدە، ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى، ئەكسىچە نورمال كىشىلەر، تىجارەتچىلەر بۇلار بىلەن بىر يەرگە كېلىپ قالسا ئۆزلىرىنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىدىن خىجىل بولغاندەك كەيپىياتتا، كەسپىنى يوشۇرۇپ، يالغاندىنلا ئۆزىنىڭمۇ مەلۇم بىر «قوشۇن» تەركىۋىدە ئوغرى ئىكەنلىكىنى ھىكايە قىلغىنىنى كۆرۈش شەرىپىگىمۇ مۇيەسسەر بولدۇم. كېيىن بىلسەم، تىجارەتچىلەر ياكى باشقا

كىشىلەرنىڭ يالغاندىنلا ئوغرى سالاھىيىتى كۆرسىتىشى بىخەتەرلىك ئۈچۈن، ئوغۇرلانماسلىق، بوزەك ئېتىلمەسلىك ئۈچۈن ئىكەن! بۇ بىر قارىسا كۈلكىلىك بىر ئىش، ئەمما بۇ بىر پاجىئە! مىللەتنىڭ پاجىئەسى! ئوغرىلار نومۇس قىلماي، توغرىلار نومۇس قىلسا، بۇ ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ، قىممەت قارىشىنىڭ تەتۈر بولۇپ قالغىنى ئەمەسمۇ؟

بۇ جىنايى چىغىر پەقەتلا جىنايى يوللاردىن پۇل تاپقۇچىلارغىلا ئەمەس، بەلكى ساقچىلارنىڭمۇ بۇ جەھەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ قوشۇمچە كىرىم قىلىشى ئۈچۈن كۆز يۇمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ساقچى ۋە جىنايەتچى ئارىسىدا بىر خىل يېزىلمىغان، دېيىلمىگەن مەۋھۇم كېلىشىم بارلىققا كېلىدۇ.

جىنايەتچى ساقچىنىڭ تاماخور نەپسىنى تويغۇزۇپ، ئاندىن ئۆز يانچۇقىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ پۇلغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. سۇنئىي ئۇسۇلدا يارىتىلغان بۇ خىل ئىجتىمائىي تەرتىپ، جىنايى يولدىكىنى تېخىمۇ ئاچكۆزلەرچە پۇل تېپىشقا ئىتتىرىدۇ؛ جىنايى سورۇن كېڭەيتىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بىر خىروئىن ساتقۇچىنىڭ دېيىشىچە، ھەرقانچە باينىڭ بالىسىغا چېكىشنى ئۆگەتسىمۇ، يەنە بەربىر پۇلى تۈگەپ خېرىدارسىز قالىدىغان گەپكەن، شۇڭا، ياخشىسى چىرايلىق قىزلارنى كۆندۈرۈپ قويسا ئۇنىڭ پۇلى تۈگىمەيدىكەن. بۇنىڭ بىلەن بىر بۇزۇقچىلىق يەنە بىرىنىڭ تۇغۇلۇشىنى زۆرۈر قىلىپ، بىرى يەنە بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بارغانسېرى ھالاكەتلىك يولدا ئۇزاپ كېتىدىغان گەپ.

نېمە ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى مىللىتىمىزنىڭ چۈشكۈنلىشىپ تۈگىشىگە يېشىل چىراق يېقىپ بېرىدۇ، كۆرۈنمەس قوللار ئارقىلىق مۇشۇنداق يوللارغا يۆنىلەندۈرۈپ قويىدۇ، دەيمىز؟ بۇ گېپىمىزنىڭ قانچىلىك ئاساسى بار؟ بۇنىڭ سەۋەبى يۇقۇرىدا بەي ياڭنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ، دېگىنىمىزدەك، ئۇلار بىزنىڭ تەبىئىي يوقۇلۇشىمىزنى جان دەپ كۈتىدۇ. چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ پىلانىمۇ ئاخىرقى ھېساپتا بىزنى يوقۇتۇش.

كۆپچىلىككە ئايانكى، ئەگەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق بىر كۆچمەن خىتاينىڭ بۇرنىنى قانتىۋېتىپ قېچىپ كەتكەن بولسا، بۇنى «مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلمىشى» دەپ باھالايدىغان خىتاي، كەڭ كۆلەمدە ئوپېراتسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ، ھېلىقى قاچاقنى تاپماي قويمايدۇ. ئۇنى ئەدەپلەشنى ئۇ قەدەر داغدۇغىلىق تەشۋىقات، ۋەھىمىلىك تېرە تاراقشىتىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارىدۇكى، بۇنىڭدىن يەنە بىر مەنىۋى كەيپىياتمۇ يارىتىدۇ. يەنى، ئىنسانلارغا: «بۇنىسى ئادەم ئۆلتۈرگەندىنمۇ يامان ئىشكەن، ھەرنېمەرسە سەھۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قالايلى دە، ئەمما بۇنداق خاتانى قىلىپ سالغۇلۇق ئەمەسكەن!» دېگەننى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى كۈنسېرى مىللىي كىملىكىنى تىلغا ئالالماس ھالغا  كەلتۈرمەكتە؛ نورمال ھەق ـ ھوقۇقى ئۈچۈن بىر ئېغىز سۆز قىلىشقىمۇ جۈرئەتىنى تۈگەتمەكتە. ئەمما ھەممە ئادەم بىلىپلا يۈرگەن ئاۋۇ خىلدىكى جىنايى قىلمىشلارنى، خىروئىن ئەتكەسچىلىكى، ئادەم بېدىكلىرى، قارا گورۇھلارنى تاپالماي قېلىۋاتامدۇ؟ ئوپ- ئوچۇق كۆرنىپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىر سىياسىي ئويۇن بولۇپ، باشقا يوقۇتۇش يوللىرىغا قوشۇمچە پايدىلىنىۋاتقان نەسىل قۇرۇتۇش پىلانىدىكى بىر مەزمۇن.

ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى، ئۆز- ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان بۇ يولدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن نېمىشكە تىرىشمايدۇ؟ ئادەم بېدىكلىرى، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى، جىنايى يوللار بىلەن پۇل تېپىشنى كەسىپ قىلغان قارا گورۇھ كاتتىۋاشلىرى ئۇيغۇر بولغاندىكىن، ئىنساپقا كەلسە، ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان قېرىنداشلىرىنى ھالاكەتكە ئىتتەرمىسە، قىينىمىسا بولمامدۇ؟ بولىدۇ، بۇ ھەممىمىزنىڭ شېرىن ئارزۇسى.

بىراق، بۇ مەسىلىمۇ بەك ئاددىي، بىرەر قېتىملىق تەربىيە بىلەن ئىشقا ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. كوممۇنىست تۈزۈلمىسىنىڭ بىر

كىچىكلىتىلگەن نۇسقىسى بولغان بۇ ئىش يەنە ئۇندىن باشقا، ئىنساننىڭ تۇغما مەنپەئەتپەرەستلىك تەبىئىتى، شۆھرەتپەرەستلىك تەبىئىتى، نوپۇزلۇق بولۇشقا ئىنتىلىش خۇسۇسىيىتى ۋە پۇلنىڭ كونكرېت ۋە ئەمەلىي بىر كۈچ بولۇش سۈپىتىدىكى ئېزىقتۇرۇش رولى قاتارلىقلار تەرىپىدىنمۇ بەلگىلەنگەن، چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە بىر ئىش.

كوممۇنىست تۈزۈلمىسى ئازسانلىقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ (ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلمىغىنى ئۈچۈن) زورلۇق كۈچىنى ئاساس قىلغان تۈزۈم ئىكەن، جەمئىيەتتە قانۇن ئەمەس، ھوقۇقلۇق شەخسنىڭ ئىرادىسى بەلگىلىگۈچى ئامىل بولىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. قەغەز يۈزىدىكى قانۇنلارنىڭ ئەكسى بولغان «ئىككىلىك خەتلەر»، باغاقچىلار، پالانى غوجامنىڭ لەۋزى،… قاتارلىقلار قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنداق بىر جەمئىيەتتە، ھەركىم تەسىر دائىرە ھاسىل قىلىش، نوپۇس مەيدانىنى كېڭەيتىش ئۈرۈنۈشىدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى فاكتور زۆرۈرى بولىدۇ: بىرى، ئەمەل، يەنە بىرى پۇل! ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزىلا، كېلىپ چىقىشىدىن ئاز سانلىقنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان، ئاز سانلىقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغىنى ئۈچۈن، ئەنە شۇ ئاز سانلىق، ئەنە شۇ يېڭى سىنىپ، يەنى كوممۇنىستلار سىنىپىنىڭ نۇرغۇن قانۇن ھالقىغان ئەركىنلىكلىرىگە كۆز يۇمۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان سۆيگۈسىنى ساقلاشقا، ساداقىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا زۆرۈرىيەت تۇغۇلىدۇ.

غەرپتە كوممۇنىست تۈزىمىدىكى دۆلەتنى تۈرمىگە ئوخشىتىدىغان گەپ بار، شۇنداقلا «ساقچى دۆلىتى» دەپمۇ ئاتايدۇ. دېمىسىمۇ كوممۇنىست تۈزىمىدە مەخپىي ساقچى ياكى جاسۇسلۇقتىكىدەك ئادەم تاللىنىدۇ. ساداقەتسىزلىشىپ، تاپتىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بىر يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار، تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئاجىز ھالقىلىرىنى تۇتۇۋېلىشى شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكىنىڭ بىرەر خاتاسىغا يول

قويۇلۇپ، ئاندىن بۇ خاتاسى ئارقىلىق ئۇنى ھەر زامان قورقۇتۇپ، ياۋاشلىتىپ تۇرۇش ئادەتكە ئايلانغان. ئەكسىچە، ئاجىزلىقىنى تۇتقۇزمىغانلار، پىرىنسىپچان بولغانلار، توغرا ۋە قانۇنغا ئۇيغۇن ئىشلەيمەن دەيدىغانلار، چاپسانلا سىقىپ چىقىرىلىدۇ. كوممۇنىست تۈزۈمى ۋە فېئودال خانلىق تۈزۈمى مانا مۇشۇنداق بىر تەڭپۇڭلۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇڭا جاسۇسلۇقتىكىدەك، ئادەملەرنىڭ پۇلغا ئامراقلىق، شەھۋانىيەتكە بېرىلىش، ئەمەلگە قىزىقىش قاتارلىق ئاجىز ھالقىسىنى تۇتۇۋېلىشقا تايىنىدۇ. كوممۇنىست سىستېمى يوغان بىر جاسۇسلۇق تەشكىلاتى بولۇش خاراكتېرى بىلەن، ئۆزئارا ساداقەت ساقلاشتا ئەتراپىدىكىلەرنىڭمۇ مەلۇم خاتاسى بولۇشىنى تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئاساسى قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى، دەل جىنايەتلەرنىڭ كۆكلەيدىغان زېمىنى دېگەن گەپ. يۇقىرى تۈۋەن دەرىجىدىكىلەرنىڭ تاپقانى تەڭ يېيىشلىرى، بىرى يەنە بىرىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدىغان قاغىلار توپىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتلەر يوشۇرۇن بىر ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش، ھەممە تەرەپكە تەڭ كۈچ نىسبىتى ياكى تەڭ ئېغىرلىق بىلەن باغلانغان. بىرى ئۈزۈلۈپ كەتسە، يەنە بىر تەرەپكە دەخلى قىلىدىغان شەكىلدە. خىتاي كوممۇنىست تۈزۈمى بولسا يەنە ئەينى ۋاقىتتا، فېئوداللىق خانلىق تۈزۈمىنىڭ ئېلىمىنتلىرىنىمۇ ساقلىغان ياكى ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلغان مۇستەبىت تۈزۈمدۇر. جىمى جىنايەتلەرنىڭ زېمىنى بولغان بۇ تۈزۈم يەتمىگەندەك، مىللەتچىلىكنىڭ ئاسارەتتە بولۇشى، بەختسىزلىكنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىسىنى ھاسىل قىلغان.

قىسقىسى، تەڭسىز بىر جەمئىيەت، ئاجىزلارنىمۇ، كۈچلۈكلەرنىمۇ ئوخشاش كۆزدە كۆزىتىپ تۈرىدىغان قانۇنى بولمىغان بىر جەمئىيەت، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى دەسسەپ يەنچىپ كېتىۋېرىدىغان، مەزلۇملار ئاھ-زارىنى ھېچكىمگە ئاڭلىتالمايدىغان بىر جەمئىيەت — ئىنسانلارنى دەسسىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، دەسسىگۈچى بولۇشقا، بوزەك بولماسلىق

ئۇچــۇن كۈچلــۈك بولۇشــقا قىســتىغان ئىــكەن، ئەمەل ۋە پۇلغــا بولغــان ھېرىــسمەنلىك، ئاچكۆزلۈك، بۇنىڭغا ئېرىشىــشتە ۋاســتە تاللىمايدىغان مەنزىلگە ئېلىپ باردۇ. خۇلاسە: باش جىنايەتچى، مۇستەبىت كومموۇنىست تۈزىمى ۋە بىزگە نىسبەتەن مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتتۇر.

ئەمدى، تۈزۈم بەلگىلىگەن جەھەتتىن باشقا، ئىنسان تەبىئىتىدىكى مەنپەئەتپەرەستلىك، يۇقۇرىغا ئىنتىلىش قاتارلىق ئامىللارغا كەلسەك، بۇمۇ خېلى كۈچلۈك رولغا ئىگە. كونىلاردا «چىقماقتىن چۇشمەك تەس» دېگەن گەپ بار. بۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى تۇغما يۇقۇرىغا ئىنتىلىش )بۇ پەقەت ئەمەلنىلا كۆرسەتمەيدۇ، يۇقۇرى سەۋىيەدىكى تۇرمۇش، ھۆرمەتكە سازاۋەر نوپۇز ئىگىسى بولۇش، ھەممە تەپ تارتىدىغان كۈچلۈك بولۇش، قاتارلىق ھەممە ئۇستۇنلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ( تۇغدۇرغان ئاقىۋەت. مەسىلەن: ئەمەلدار بولۇپ ئەمەلدىن چۇشمەك؛ بايلىق ئىچىدە ياشاپ، يوقسۇزلۇقتا چۇشمەك،... قاتارلىق چۇشۇشلەر مانا شۇ جۇملىدىندۇر. كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە بار، «تۆمۈر تاۋاقنى چېقىش» شۇئارى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان چەكلىك دائىرىدىكى باشقۇرۇش شەكلى ئىسلاھاتلىرىدا ئەمىلدىن ئېلىۋېتىلگەن باشلىقلارنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ يۈرىكى تىقىلىپ ئۆلىشى ئەنە شۇ چۇشمەكنىڭ تەسلىكىدىن بولغاندۇر. بۇنداق ئۆگىنىپ قېلىشلارمۇ پەقەت ئەركىن رىقابەت بولمىغان، مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئورنى مۇقىم ھالدا ھاكىمىيەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان فىئوداللىق خانلىق تۈزىمى ۋە كوممۇنىست تۈزىمىدىلا بولىدىغان كېسەلدۇر.

مانا شۇ خىل تەبىئەت، بىر مەزگىل پۇل تېپىپ، نوپۇز ۋە پۇلنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە كۆنگەن، ھەتتا بۇ خىل ياشاشقا بولغان ئىشتىياق تېخىمۇ بەك نوپۇزلۇق بولۇشقا ھېرىسمەنلىك، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشقا ئۇندەپ تۇرغان كىشىلەر ئۇچۇنمۇ ئوخشاش مەنىگە ئىگە. كۆنۈككەن تۇرمۇش شەكلى تېخىمۇ بەك ئىلگىرى كېتىشكە ئۈندەپ تۇرغان ئەھۋالدا، بىردىنلا

پۇل تېپىش يوللىرىنىڭ بىرمۇنچىسىدىن ۋاز كېچىش، توغرا يول بىلەن پۇل تېپىشقىلا قانائەت قىلىپ ئولتۇرۇشنى ئويلاش ئۇلار ئۈچۈن بىر دەھشەت بولىشى مۇمكىن. ئۇلار بۇ خىل تاپاۋەتتىن مەھرۇم بولغان ھالدا ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلىسا تىترەك بېسىپ كەتسە كېرەك. چۈنكى ئۇلار، كەچمىشلىرىدە شۇنى دەلىلللىگەن ئادەملەركى، پۇل بىلەن جىنايەتتىنمۇ جازاسىز قۇتۇلغىلى بولىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىپمۇ ساق قالغىلى بولىدۇ؛ پۇل بىلەن ھەممىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ! مانا بۇ پەلسەپە ئۇلارنىڭ ھايات يولىدىكى دەستۇرىغا ئايلانغان. ئۇلار ھاياتىدىن يەكۈنلىگەن بۇ خۇلاسە تۈپەيلى، بۇ يوللىرىدىن ۋاز كېچىپ ئىنساپقا كېلىشى قانچىلىك ئېھتىمالدۇ؟

ئۇلارنى جىنايەتتىن توختاشقا ئۈندەيدىغان ۋە داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەت بېرىدىغان ئامىللارنىڭ كۈچ پەرقىمۇ بەك زور: جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تۈزۈلمىسى قوللىغۇچى، ھۆكۈمەت قوللىغۇچى، پۇلنىڭ ئۆزى رېئال ۋە قىزىقتۇرغۇچى، بۇ كۈچلۈك سەلبىي ئامىللار قارشىسىدا پەقەت ئابستراكىت ئۇقۇم — ئىنساپ، ئار- نومۇس — چەكلىگۈچى. بۇ ھالدا، بۇ ئىشنى تۈزىتىشتىن قانچىلىك ئۈمىد كۈتكىلى بولار؟ بۇ خۇددى بىرنىڭ يۈزگە قارشى غەلىبە قىلىشىدەك شېرىن ئارزۇ، شېرىي تەسەۋۋۇر، ئەپسانىلەردىكىدەك مۆجىزە بولسا كېرەك.

خىتايلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوق قىلىشتا يارەمچى كۈچ سۈپىتىدە پايدىلىنىۋاتقان بۇ ئاڭسىز پىدائىلارنى ئۆزلىرى يوقۇتىشنى خىيال قىلىشمۇ ئوخشاشلا ساددىلىقتۇر. خەلقنىڭ شەيئىلەرنى چۈشىنىش، پەرق ئېتىش ئېڭى، قىممەت قارىشى، ئىنسانلىق ئۆلچىمى بۇزىۋېتىلگەچكە، بىرەر خاپىلىققا دۈچ كەلگەندە «ھۆكۈمەتكە دېيىش»، «ھۆكۈمەتكە ھال ئېيتىش» پىكرى تۇغۇلىدۇ. ھەتتا ئاڭلىق تەبىقىمىز ئىچىدىمۇ، ئادەتتە نەزەرىيە جەھەتتىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت، دۈشمەن ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى دەپ تۇرۇپمۇ،

ئىختىيارسىز ھالدا «ھۆكۈمەت» دېيىلگەندە خۇددى بىر تەرەپسىز، ئادىل، ھېچقانداق بىر گورۇھقا يان باسمايدىغان مۇئەسسەسە خىيالىغا كېلىۋېلىپ، بۇ ئۇنىڭ سۆز- ھەركىتىدە ئەكس ئېتىدىغان ئەھۋال بار.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي مىللىتىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ خىتاي مىللىتىنىڭلا مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ. مەھكۇم مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ تۈگىتىش ئۇنىڭ ئاخىرقى نىشانى. دېمەك ئۇ مەھكۇم مىللەتلەرگە نىسبەتەن دۈشمەن ھۆكۈمەت. ھېچقاچان مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىستىمەيدۇ. خۇددى «رەزىل خىتايلار» ناملىق كىتابدا بەي ياڭ دېگەندەك، «ئۇيلاش ئىقتىدارى بولغان قۇل ئەڭ خەتەرلىك قۇل. خوجايىن بۇنداق قۇلنى يا ئۆلتۈرىدۇ، يا قوغلىۋېتىدۇ». خىتايلار بارلىق يوقۇتۇش ئۇسۇللىرى ۋە يوللىرىدىن پايدىلىنىپ، خىتاي ئىمپېرىيىسىنى بىرلا مىللەتلىك چوڭ دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇلار ھازىردىن باشلاپلا خۇددى بۇ ئىمپېرىيىدە بىرلا مىللەت باردەك ئىپادىدە بولۇشماقتا. بۇ ھەقتە ئامېرىكىلىق خىتايشۇناس لۇشىن ۋ. پاي شۇنداق دېگەنىدى: «غەرپلىكلەرنىڭ چۈشىنىشىگە كۆرە بۈگۈنكى خىتاي خۇددى داۋام قىلىۋاتقان رىم ئىمپېرىيىسى ۋە چارلىمپېين ياۋروپاسىدەك، ھازىر بىرلا مىللەتلىك دۆلەتمىش كەبى ھەركەت قىلىشقا ئۇرۇنماقتا».

بۇنداق ئىكەن، خىتايلار ئاستىرتتىن شەكىللەندۈرۈپ قويغان ئۆز - ئۆزىمىزنى خاراپ قىلىش يولىغا ھېچقاچان كەسكىن چەك قويمايدۇ. پەقەت زىيان خىتاي مىللىتىگە ياماشقىلى تۇرسا، شۇ چاغدا ھەركەتكە كېلىدۇ، ئەمما يەنىلا ئۆز پېشىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

بۇ ھالدا، مۇستەملىكچى ھۆكۈمەتتىن بۇنداق بىر تامادا بولۇش ھاماقەتلىك ئىكەن، باشقا قۇتۇلۇش يولى، تۈزەش چارىسى يوقمۇ؟ مەن مەسىلىگە ئاددىي ھالدا ئەخلاق مەسىلىسى دەپ قاراشنى ئەڭ ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن، سىياسىي يىلتىزى

ئۈستىدىكى مۇلاھىزىگە كۆپرەك ئورۇن بەردىم. ئەمما بۇنى يەنە ئەخلاق نۇقتىسىدىنمۇ قولغا ئېلىشنىڭ ئاز- تولا پايدىسى بولۇشىنى ئىنكار قىلمايمەن.

تامامەن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مىللىي دۆلىتىمىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشى شەرت ئىكەن، شۇ ھالدىمۇ، كونىلارنىڭ دىگىنىدەك، «يىتىپ قالغىچە ئېتىپ قال» دەپ، تىرىشىپ يېقىش يەنىلا ھەركىمنىڭ مەجبۇرىيىتى. مىللىتىمىز ئىچىدىكى تەسىرى بار كىشىلەر، قورچاق ئەمەلدار بولسىمۇ مىللىي ھىسياتىنى تامامەن يوقاتمىغانلىرى، بايلار، شۇنداقلا يولدىن ئازغانلارنىڭ يېقىنلىرى: ئاتا- ئانا، ئۇرۇق- تۇققانلىرى ئۇلاردا مىللىي تۇيغۇ ئويغۇتۇشقا تىرىشىشى، بۇزۇلۇۋاتقان مىللىي ئەخلاقنى، بولۇپمۇ جىنايەتلەردىن چەكلىگۈچى ئەڭ موھىم ئىچكىي ئامىل بولغان ئېتىقادنى تەكتىلەش ئارقىلىق ھېچ بولمىغاندا تېخىمۇ كەڭرەك يامراپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىشنىڭ مەلۇم ئۈنۈمى بولۇشى چوقۇم. يەنە بايلىرىمىزنىڭ، ئادەم بېدىكلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەن قىزلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەركەت قىلىشى پەقەت ئەخلاقىي، ئىنسانىي بۇرچ بولۇپلا قالماي، مۆمىن مۇسۇلمانلىقىنىڭمۇ قەرزى ئىكەنلىكىنى تەكتىلەشنىڭ ئۈنىمى بولۇشى چوقۇم. چۈنكى، «قۇرئانى كەرىم»دە كۆپ تەشەببۇس قىلىنىدىغان، گۇناھلارغا كەففارەت بولغۇچى قۇل ئازاد قىلىش، ئەنە شۇنداق بىر ئىش بولۇپ، سېتىۋېتىلگەنلەرنى قايتۇرۇپ سېتىۋېلىپ، ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ بەرگەنلەر ھەج قىلغاندەك ساۋاپقا ئېرىشىدىغانلىقى ئېنىق. ھەممىگە مەلۇم، ئىسلام دىنىدا ئىككى تەرىپىدىكى قوشنىسى يوقسىز، مۇھتاج تۇرغان ئەھۋالدا ھەج قىلغۇچىنىڭ ھەجى مەقبۇل ئەمەسلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ھالاكەتكە قاراپ كېتىۋاتقان مىللىي قېرىنداشلىرىمىز بىلەن كارى بولماي، ھەجگە بارماقنىڭمۇ رىياكارلىق ھېساپلانماسلىقى غەلەت، ئەلۋەتتە.

باللارنى توپلىۋېلىپ، جىنايەتكە ئىتتىرىۋاتقانلار، قىزلارنى ئالداپ

ئاپىرىپ سېتىۋاتقانلار، خىروئىن سېتىۋاتقانلار، ئۆزلىرىنىڭ مىللىتىمىزنىڭ يوقۇلۇشىنى تېزلىتىش يولىدا خىتايغا ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئار- نومۇس تۇيغۇلىرىنىڭ، ۋىجدانىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شەخسىنىڭ مەۋجۇتلىقى — مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەۋجۇتلىقى بىلەن مەھكەم باغلانغان. مىللىي تەقدىرىمىز بىلەن كارى بولماي، ۋاستە تاللىماستىن پۇل تاپقۇچىلارنى پۇل قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ، ھېچكىم يوق بولۇش قىسمىتىدىن يەككە ھالدا قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. ھەر بىرىمىزنىڭ مەۋجۇتلىقى مىللەتنىڭ قىسمىتى بىلەن بىردەك: مىللەت ياشايدىكەن، شەخس ئۇنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ياشايدۇ؛ مىللەت يوقالسا ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى يوقۇلىدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2002-يىلى، تورونتو.

www.uyghurkitap.com

# رادىئو كىم تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ؟

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ مەيدانى، تۇتۇمى، سەۋىيىسى ھەققىدە ئاچچىق لەتىپىلەر، ھەجۋىيلەر، مەسخىرىلەر، تەنقىدلەر ھەمىشە بولۇپ تۇرىدۇ. بۇلارنى ئادەتتىكى تاپا- تەنە دېيىش كېرەكمۇ؟ ياكى بۇنىڭ جىددىي تەرەپلىرى، سەۋەپلىرى، گۇمانغا ئۈندەيدىغان ئالامەتلەر بارمۇ؟ بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ گېپىم بولسىمۇ نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي، مەزكۇر باھا ۋە مۇلاھىزەمنى كىچىكلىتىۋەتتىم. نورمالدا تەسىراتنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىشىمۇ، خۇددى ئىلھام كەلمەسلىككە ئوخشاشلا كىشىنى لال قىلىدىغان ئىش.

ئىلگىرى مەن ئىستانبۇلدا رادىئونىڭ تېتىقسىز تېمىلار، ئەھمىيەتسىز مەۋزۇلار، ھەتتا خىتاي مەتبۇئاتلىرى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان كىتاپلارنى ئوقۇشتەك مۇناپىقانە ھەددى- ھەركەتلىرىگە قارشى ئۆپكىسى تاشقان ۋەتەنسۆيەرلەرنىڭ ئىنكاسلىرىنى كونكرېت ئىپادىلىمەك، تارىخ ئۈچۈنمۇ بىر دەلىل ياراتماق مەخسىدىدە تەنقىد ۋە تەلەپلەر مەزمۇن قىلىنغان تېكىست ئاستىدا ئىمزا توپلاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغانىدىم (بۇنى پاكىت سۈپىتىدە تور بېتىگە قويدۇم). رادىئو ھەققىدىكى بۇ خىل نارازىلىقىمنىڭ تۈگىمەسلىكىدىكى سەۋەپ، خەلقنىڭ رادىئودىن كۈتىۋاتقان ئۈمىدىنىڭ ئاقلانماسلىقىدىندۇر. رادىئو قاچانكى خەلقنىڭ كۈتكىنىنى بېرىشكە ئەڭ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىشقا باشلىسا، مېنىڭ پوزىتسىيەم جىددىي بۇرۇلۇش ياساپ، رادىئوغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە باشلايمەن.

ئەپسۇسكى، ئالامەتلەر كۆرسىتىۋاتىدۇكى، رادىئونىڭ تۇتۇمىدا ئېغىرغا

ئالغۇدەك ئۆزگىرىشنىڭ بولىشى ئاسان ئەمەس ئوخشايدۇ. بۇ خۇددى ئوت بېسىپ كەتكەن ئېتىزدەك؛ ئوتنى يۇلۇپ، زىرائەتنى ئاسراشقا قارىغاندا، يەرنى ئاغدۇرۇپ باشقىدىن تېرىغان ئاسانراق بولغىنىغا ئوخشاش دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن بۇزۇقلۇق بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

شەخسىي دوست تارتىشىشلار؛ ئۆپكە- ھېسىپنى بىللە يېيىشكەنلەرنىڭ ئىلتىپاتقا ئېرىشىشلىرى؛ دۇنيانىڭ ھەر بۇلۇڭىدىن ئىزدەپ تېپىلغان بىر تىپ، بىر ستاندارتتىكىلەرنىڭ ھەمتاۋاقلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىلىنىپ تۇرىشى؛ بىر- بىرلىرىنى «ئاتاغلىق ئۇيغۇر بىرنېمە بىرنېمىسى؛ مەشھۇر ئۇيغۇر بىرنېمە بىرنېمىسى؛ سىياسى مۇلاھىزىچى(؟)، ئوبزورچى (؟)؛ باياناتچىسى (؟)...» دېگەندەك بۇيۇك سۈپەتلەر بىلەن پۈۋلەپ كۆپتۇرۇپ رېكلامچىلىق قىلىشلىرى، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئەپەندىلەرگە بۇ ئاتاقلار خۇددى ئەركە بالىچاق چوڭ دادىسىنىڭ تونىنى كېيىۋالسا چوڭ كېلىپ، ئۇچ ھەسسە يېرى سۆرۈلۈپ قالغاندەك كۈلكىلىك يارىشىمسىزلىق تۇغدۇرىۋاتقى مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى بولسا، يەنە بىر تەرىپى ھامان تەرەپبازلىق خاھىشىنىڭ بىلىنىپ تۇرۇشى، ھازىرغىچە رادىئو تىلى سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئەھمىيەتسىز تېمىلار، ئۇيغۇرلار ھەر زامان خىتاي مەتبۇئاتلىرىدىنمۇ توغرىسىنى ئۇقالايدىغان خەۋەرلەرنىڭ بۇ قىممەتلىك بىر سائەتنى ئىگەللەپ تۇرىشى،... ئۇلاردىكى نىيەتنىڭ شەخسىيەتچىلىك چۈپرەندىلىكى بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقى — مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى ئىكەنلىكىنى دەلىلللىمەكتە!

ئامېرىكىدا شەرقىي تۈركىستان سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلىشى، سىياسىي ھاياتىمىزدىكى زور ۋەقە سانىلاتتى. بۇ ھۆكۈمەتنى قۇرغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى، سەۋىيىسى، پروگراممىسى،... دىن قەتئىي نەزەر، ئۇ «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نامى بىلەن زور ۋەقە ئىدى. ئۇنى خەۋەر قىلىش نېمىگە پۈتلاشتى؟ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى رۇخسەت قىلمىغانمىش! ئەگەر بۇنداق بىر تۇتۇم بولىدىغان بولسا، بۇنداق بىر قۇرۇلۇشنى مەيدانغا

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرىدىغان تۈنجى يىغىنىنىڭ پارلامېنت زالىدا ئېچىلىشىغا رۇخسەت بېرىلمىگەن بولاتتى، ئامېرىكا مەتبۇئاتلىرىنىڭ ھېچقاندىقىنىڭ بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىشى چەكلەنگەن بولاتتى. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئامېرىكا دېموكراتىك دۆلەت، مەلۇم بىر ۋەقە ھەققىدە خەۋەر بېرىشنى (يۈز بەرگەن بىر ئىش، ھادىسە، يىغىلىق ھەققىدە نورمال بىر خەۋەر بېرىشنى) چەكلىشى مۇمكىن ئەمەس!

خىتايلارنىڭ قورقىدىغىنىمۇ دەل «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇ بولغىنىدەك، رادىئونىڭ قورقىدىغىنىمۇ، چەتئەللەردىكى بارلىق ئاتالمىش «ۋەتەن داۋاسى قىلىدىغان» تەشكىلاتلارنىڭ قورقىدىغىنىمۇ مۇشۇ ئاتالغۇ ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرىدىن، رادىئو، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن يەر ئىسمىنى قوللىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، «ئۇيغۇر (ئاپتونوم) رايونى» دېگەن ئاتالغۇنى كەشىپ قىلغانىدى. كۆرىنىپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئاتالغۇدا تىرناق ئىچىدىكى بىر سۆز يوشۇرۇن كەلگەننى ھېساپقا ئالمىغاندا، خىتاي قويۇپ بەرگەن ئىسمىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇ قېتىم ھۆكۈمەت قۇرۇلىشى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ بېرىلمەسلىكى بۇ قارىشىمىزنى تېخىمۇ ئىسپات قىلدى.

خىتايلار ئىسىم قويۇپ بەرگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، مەسىلەن، ئاتالمىش «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ يىغىنلىرى ھەققىدە خەۋەر بېرىلسە چەكلىمىگەن ئامېرىكا، ئەجەبا سەرگەردان ھۆكۈمەت ھەققىدىكى خەۋەرنى نېمىشكە چەكلىدىكىنە؟

مەن بۇ يەردە رادىئونىڭ تۈتۈمى ھەققىدىلا توختۇلۇۋاتقىنىم ئۈچۈن تېگىشلىك مىساللار قاتارىدا تىلغا ئېلىۋاتقان سەرگەردان ھۆكۈمەت ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ بېرەلمەسلىكى تۈغدۇرغان شۈبھە، ھەرگىزمۇ مېنىڭ ھۆكۈمەتكە تۈتقان پوزىتسىيەمنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما ھالاللىق بىلەن بىر نەچچە ئېغىز لىللا گەپ قىلىش مەجبۇرىيىتىم بولغىنى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ھەققىدە، قۇرغۇچىلارنىڭ سۈپىتى—

سالاھىيتى، ساۋادى ھەققىدە گەپ يورغىلاتقانلارغا جاۋابەن شۇنى دېمەكچىمەن: ئاتالمىش «قۇرۇلتايچىلار»نىڭ ساۋادى قانچىلىك ئىدى؟ ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى ھېچ شۇبھىسىزمىدى؟ (ئۇلارنىڭ سىياسىي ساۋادى ھەققىدە باشقا ماقالىدە[1] توختالغىنىم ئۈچۈن بۇ يەردە تەكرارلىمايمەن، قىزىققۇچىلار تور بېتىدىن كۆرسە بولىدۇ.) سەرگەردان ھۆكۈمەت ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ نامى بىلەن سۆيۈملۈكتۇر، نامى بىلەن تارىخىي رىئاللىقنىڭ تەكرار ئەكس ئېتىشىدۇر؛ خىتاينى ئەڭ بىسەرەمجان قىلىدىغان ئىسىم بولىشى بىلەن جەڭگىۋاردۇر. بۇنىڭغا سېلىشتۇرما، «دۇنيائۇيغۇر قۇرۇلتىيى» دېگەن بىر ئىسىم بىلەن ئۇرۇمچىدە بىر قۇرۇلتاي ئېچىلسا (مەزمۇنى مۇستەسنا، ئىسمى ئۈچۈن مىسال قىلىۋاتىمەن)، خىتاينىڭ بۇنىڭغا توسالغۇ بولىشى ناتايىن! ھەرقانداق بىر دۆلەتتە ھەم، «ئۇيغۇر ... سى» دېگەن ئىسىم بىلەن قۇرۇلغان بىر تەشكىلاتنىڭ خىتايدا قارشىلىق تۇغدۇرىشى ناتايىن! پەقەت، بۇ تەشكىلات ئىسمى «شەرقىي تۈركىستان»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھامان، ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن تارىخىي ھەقىقەت، تارىخىي پاكىت، خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقتا بولغان ئارزۇسى خىتاينى بىسەرەمجان قىلىدىغان بولغاچقا، خىتايلار دەرھال قارشى تەدبىر قوللۇنۇشقا باشلايدۇ. مەسىلەن: ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش خىتاي نوپۇزى كۈچلۈك دۆلەتلەردە بۇنداق بىر ئىسىمدا تەشكىلات مەيدانغا كەلگەن تەقدىردە، خىتاي دەرھال دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق مەجبۇرىي تاقاتقۇزىۋېتىشى تەبىئىي؛ خىتاي بېسىم ئىشلىتىپ گېپىنى ئاڭلىتالايدىغانلىكى مەملىكەتتە، بۇنداق ئىسىم بىلەن تەشكىلات قۇرۇشقا ئىمكان بەرمەيدۇ. ئەمما «ئۇيغۇر»، «قازاق»... دېگەندەك ئىسىملار

[1] بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان باشقا ماقالە «ئالتىگە بىر ئىمزا»(تور بەتتە ئېلان قىلىنغان) ۋە «ئاتالمىش ‹دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى› نىڭ ئىسمى قانداق كەلگەن؟» ناملىق ماقالەم (مۇشۇ كىتاپتا) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تور بېتىم: www.eynek.net كە قاراڭ، — ئا.

ئارقىسىدا قۇرۇلغان تەشكىلاتلار ئۇ قەدەر خىتايلارنىڭ يۈرىكىگە سانچىلمايدۇ. بۇ ھەركىم تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان، ھېس قىلالايدىغان پاكىت.

مانا شۇ نۇقتىدىن مەسىلىگە قارالسا، بىزنىڭ قانداق موھىم بىر پاكىتتىن ۋاز كېچىۋاتقانلىقىمىز، قانچىلىك زور دەرىجىدە ئۇتتۇرىۋاتقانلىقىمىز، نەقەدەر قورقۇنۇچلۇق خاتا قىلىۋاتقىنىمىز چۈشۈنىلىدۇ (ئەلۋەتتە، چۈشىنىش نىيىتى بولغانلار ئۈچۈن شۇنداق، ۋەزىيە ئېھتىياجى بىلەن قەستەن سۈنئى لېيىتىۋاتقانلار بۇنىڭ سىرتىدا).

بۇ قەدەر زور پىرىنسىپال مەسىلىدە، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدا، قىسمىتى ۋە تەقدىرىدە ئۇ دەرىجە سالمىقى بولغان بىر مەسىلىدە رادىئونىڭ «گاچا» بولۇشىنى، ئاددىيلا بولمىسا كېرەك. داۋاملىق تەكىتلەۋاتقىنىمدەك، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنىڭ مەيدانغا كېلىشى خىتاينى بىئارام قىلىدۇ، بۇنى ھەركىم ھېس قىلالايدۇ؛ خىتاينىڭ بۇ تۈپەيلى راھەتسىزلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا خىتاي نېمە ئويلايدۇ؟ نېمە ھەركەت قىلىدۇ؟ ياكى، «ئامېرىكىغا گېپىم ئۆتمىگەندىكىن قانداق قىلاي، سۆزلىسە سۆزلىسۇن» دەمدۇ؟ بېسىم ئىشلىتەلەيدىغان دۆلەتلەردە بولىسىغۇ تامامەن تاقاتقۇزىۋېتىشى، ياكى ئاڭلىتىش مەزمۇنلىرىنى پۈتۈنلەي خىتاي مەتبۇئاتلىرى پىچىمىدا تۈتۈشنى شەرت قىلىپ، قوبۇل قىلدۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. ئامېرىكىدىكى رادىئو ھەققىدە نېمىلەر قىلىشى مۇمكىن؟ بوپتۇلا، دېمەيدىغانلىقىغا ھەركىمنىڭ كۆزى يېتىدۇ؛ ئۇ ھالدا قالدىكى، خىتاي ئۈچۈن بىردىن- بىر يول—«قورغاننى ئىچىدىن بۇزۇش»؛ رادىئونى ئاستىرتتىن كونترول قىلىش! ئاز- تولا جاسۇسلۇق ۋە ئانتى جاسۇسلۇق ساۋاتلىرى بولغان ھەركىم بۇنداق بىر ئېھتىماللىقنى چەتكە قاقالمايدۇ ۋە بۇنى ئېھتىماللىق ئەمەس، مۇقەررەرلىك دەپ قارايدۇ.

خۇلاسە كالام، رادىئو ئاڭلىتىشلىرىدىكى پۇچەكلىك، تەرەپبازلىقى بىلىنىپ تۇرغان رەتكە تىزىش ۋە «موھىم» كۆرسىتىپ تەكىتلەش؛ تۈزسىز

نەرسىلەرگە سەرپ قىلىنىۋاتقان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلىقى، ... خەلققە توغرىسىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ۋە تەخىرسىز بولغان ۋەقە ۋە ھاسدىسىلەر ھەققىدە ئوبزور ۋە مۇلاھىزە بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش (مەسىلەن: «تېرورچى» قالپىقىنىڭ بىزگە ياراشمايدىغانلىقى، ۋە بېشكەكتە يۈز بەرگەن پاجىئەلەرنىڭ پەردە ئارقىسى) قاتارلىقلار بىلەن يوقارقى مۇلاھىزىلەر بىرلەشتۈرۈلگىنىدە رادىئونىڭ تامامەن خىتاي كونتروللىقىغا چۈشۈپ قالغان بىر قۇرۇلۇش ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. بۇنىڭغا يەنە ئاللىقاچان خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، «مۇناپىق» تامغىسى بېسىلغان ئادەملەرنى قايتىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىپ، كەلگۈسىدە يەنە بىر ياكى بىر نەچچە قېتىم «قارا نۇرلۇق چىراق» سۈپىتىدە قارشىلىق ئىدىيىسىدىكى كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ ئالدىماق ئۈچۈن، «تېرورچى» نامىدا رېكلام قىلىشتا خىتاي سىياسىي شاخمىتىدە «پېچكا» بولۇپ، چاپارمەنلىك قىلىشى — بۇ تەتۈر رېكلامنى مەملىكەت ئىچىگە يەتكۈزۈشتىكى «بۇيۇك تۆھپىسى»مۇ كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. ئاللىقاچان خەلق تەرىپىدىن تۆكۈرۈپ تاشلانغان بۇ ئادەملەرنى يوشۇرىنىۋالغان بۇلۇڭلىرىدىن ئىزدەپ تېپىپ، «زىيارەت» قىلىشلار، تامامەن خىتاينىڭ رېكلام ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق!

www.uyghurkitap.com

# كىشىلەر قانداق ئاجىزلىقلىرىغا كۆرە جاسۇسلۇققا ئىشلەيدۇ؟

نۆۋەتتە خىتاي جاسۇسلۇق سىستېمىسىنىڭ چەتئەللەردىكى پائالىيىتى كۈچىيىپ، قىلمىغان شەرمەندىلىكى قالمايۋاتىدۇ. «خىزمەتكە» تەكلىپ قىلمىغان ئادىمى قالمايۋاتىدۇ. بۇنداق بىر مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە قېرىنداشلىرىمىزنى بىر ئاز ئانتى جاسۇسلۇق ساۋادىغا ئىگە قىلىش ھەربىر زىيالىينىڭ بۇرچى بولۇپ قالدى.

جاسۇسلۇقتا قانداق ئاجىزلىقلار ھېساپقا ئېلىنىپ، «خىزمەت»كە سېلىنىدۇ؟ ئوخشىمىغان مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان جاسۇسلۇققا دائىر ماتېرىياللار، ئەسلىمىلەر، پاش قىلىنىشلارنىڭ ھەممىسىدە بىر ئوخشاشلىق دىققەتنى تارتىدۇ؛ جاسۇسلۇق، كىشىلەردىكى شۇ تۆرت تۈرلۈك ئاجىزلىققا تايىنىپ، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرىدۇ ياكى «ھۆل خىشقا دەسسىتىدۇ»: 1. پۇل. ئەگەر ئوبيېكت بەك بەتخەج، پۇلغا ئامراق، پۇل دېسە ھەممىنى دوغا تىكىۋېتىدىغان مىجەزدىكى ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا پۇل تەكلىپ قىلىنىدۇ ياكى پۇلغا بارابەر كېلىدىغان مەنپەئەتلەر، تىجارەت قولايلىقلىرى،... تەكلىپ قىلىنىدۇ؛ 2. جىنسىيەت. ئوبيېكت ئارتۇقچە شەھۋەتپەرەست بولسا، ئۇ جاسۇس جالاپلار ياكى پۇلغا ياللانغان جالاپلار ۋاستىسى بىلەن كۆزلىگەن مەنزىلگە قىستاپ كەلتۈرىلىدۇ؛ 3. زىيادە شۆھرەتپەرەستلىك تۇيغۇسى. بۇنىڭ بىر تەرىپىدە يەنىلا پۇل ئاملى بولىدۇ، يەنە بىر تەرىپى ئەمەل- مەنسەپ، ئورۇن- مەرتىۋە ئاملىنى شەرت قىلىدىغان شۆھرەتپەرەستلىكتۇر؛ 4. كۆز قاراش بىرلىكى ياكى تەتۈرلىكى. يەنى،

كوممۇنىست بىر دۆلەت، دېموكراتىك دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان يۇخرالارنىڭ ئىچىدىكى كوممۇنىزىم پىكىر ئېقىمىغا قىزىقىدىغان، ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىي- ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى ئۆچ كۆرىدىغان- مۇخالىپ كۆز قاراشتىكى كىشىلەردىن ئاسانلا پايدىلىنىدۇ. بۇندىن باشقا ئىجتىمائىي گورۇھلار ئارا زىددىيەتلەر، شەخسلەر ئارا زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىشمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

بۇلاردىن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈر بىر قەدەر ئېنىقلىقتا ئىگە بولغاچقا يەنە ئىلاۋە بەرمەككە ئورۇن يوق. ئۈچىنچى ۋە تۆرتىنچى تۈر بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنلىرى، چېتىشلىق دائىرىسى كۆپ بولغاچقا بۇلار ھەققىدە بىر ئاز يېشىم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

شۆھرەتپەرەستلىك ھەممە ئىنساندا مەۋجۇت بىر خىل ئىچكى تۇيغۇ بولۇپ، «مەن»نى گەۋدىلەندۈرۈش مەزمۇنىدىكى پىسخىك ئىستەك. نورمال شۆھرەت تۇيغۇسى ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى غىدىقلاپ، يۈكسەك پەللىلەرگە يېتىشىدە يوشۇرۇن ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ ئەگەر بۇ ئىستەكنىڭ ماھىيىتىدە يەنىلا بىر ئومۇمىيلىق يېتەكچى قىلىنغان بولسا شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم كەسىپتە نەتىجە قازىنىپ، مىللىتىمگە، ۋەتىنىمگە شەرەپ كەلتۈرىمەن! دېگەن غايىدە، ۋەتەن، مىللەتتىن ئىبارەت بىر ئومۇمىيلىق پرىنسىپى ئاساسىدا «ئۆزىنى كۆرسىتىش» خاھىشى (شۆھرەتپەرەستلىك) ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ شەخسكىمۇ، جەمىيەتكىمۇ پايدىلىق بولىشى چوقۇم. يەنە مەسىلەن: كۆپ پۇل تېپىپ، يۇرتىمىزغا بىر مەكتەپ سېلىپ (ياكى مەسجىد سېلىپ)، «پالانى سالغان مەكتەپ (مەسجىد) دېگەن ئاتنى ئالمايدىغان بولسام...» دېگەندەكلەر.

ئەمما بۇ تۇيغۇنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىدا ھېچقانداق «ئومۇمىيلىق» بولمىغاندا، بۇ تۇيغۇ ھادىسە يېقىدىن شۆھرەتكە ئىنتىلىش بولۇپ،

ماھىيىتى شەرمەندىلىك بولۇشى بىلەن ھېساپلاشمايدۇ. مەسىلەن: بەسلىشىش تۈيغۇسى؛ بەزى ئادەملەردە تۇغما بايۋەچچىلىك مىجەزى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ- چوڭ خەجلىگۈسى كېلىپ تۇرىدۇ، يانچۇقىدىكى پۇلى، يەنى كىرىم ۋەزىيىتى بىلەن ھېساپلاشمايدىغان(«يوتقانغا بېقىپ پۇت ئۇزاتمايدىغان») بايۋەتچىلىك بولۇپ، زاغرا تىلىمىزدىكى «قونىقۇنى بايۋەتچە»لەر —كۆپ ھاللاردا خەج ئېستىكى كىرىم سەۋىيىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ تەڭپۇڭسىزلىقنى ئوڭشاش ئۈچۈن نورمال يول بىلەن قادىر بولالمايدۇ؛ خەجنى قىسقارتىپ («يوتقانغا بېقىپ پۇت ئۇزىتىپ») ۋەزىيەتنى تەڭشىۋېلىش يولىنى تۇتقۇسى كەلمەيدۇ؛ بەلكى تېخى بۇنىسى ئۇنىڭغا ھار كېلىدۇ؛ ئۇنىڭ جەمئىيەتتە مۇھەققەق بىر ياكى بىرنەچچە رىقابەتچىسى بولىدۇ. قورسىقىنىڭ نېرىسىدا «ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ» تۇرىدىغان، يوشۇرۇن «مۇسابىقىداش». ئۇنىڭدىن قېلىش ئۆلۈم بىلەن بارابەر. بۇ ۋەزىيەتتە ئۇ مۇناپىقلىق يولىغا مېڭىپ قالىدۇ. چۈنكى، مۇناپىقلىق يوشۇرۇن ئىش بولغاچقا، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەمما ھېلىقى مۇسابىقىداشتىن تۆۋەن بولۇپ قېلىش جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرىۋېتىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. (خۇددى ۋىكتور ھيوگونىڭ دېگىنىدەك، «كىشىلەر مۇراسىملارغا بارغاندا ئۆتۈگىنىڭ تۇمشۇقىغا يۇقۇپ قالغان لايدىن نومۇس قىلىدۇ، ئەمما قەلبىدىكى كىردىن نومۇس قىلمايدۇ») مانا بۇ خىل شەرەپ بىلەن شەرمەندىلىكنى ئايرىلاشتۇرىۋېتىدىغان مەن- مەنلىك جاسۇسلۇققا باغلىۋېلىش ئۈچۈن دۈشمەنگە بەك قىممەتلىك خاراكتېر.

ئەمدى ئەمەل- مەنسەپ، ئورۇن- مەرتىۋىگە بولغان ھېرىسمەنلىكمۇ بىر ئاجىز ھالقا. بۇ پەقەتلا مەملىكەت ئىچىدىكى—خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھەرقايسى دەرىجىلىك ئەمەللىرىنىلا كۆرسىتىشى ناتايىن. بۇ يەنە ئەينى ۋاقىتتا چەتئەللەردىمۇ مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە. چۈنكى بىر دۆلەت جاسۇسلۇق ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ پۇل ئاجرىتىدىغان بولغاچقا، زورۇر دەپ

قارالغاندا مەلۇم ئادەمنى چەتئەللەردىمۇ مەلۇم مەرتىۋىگە ئىگە قىلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە «KGB» ناملىق كىتاپتا، سوۋېت ك گ ب سى ئامېرىكىدا مەلۇم بىر نىشاننى شۇ شەھەرنىڭ باشلىقى قىلىپ سايلىتىش ئۇرۇنۇشىدا بولغان ۋە بۇ مەخسەتكە ئاساسەن يېقىنلاشقان. ئۇلار بۇ ئىشنى، ئوبېكت مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىتىن باشلىغان بولۇپ، پۇل سايىسىدە ئۇنى ساۋاقداشلىرى ياخشى كۆرىدىغان قىلغان، ھەرخىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىغا سايلىنىدىغان مۇھىت ياراتقان،...

دېمەك، بۇ قىلغىلى بولمىغۇدەك ئىش ئەمەس. بىزدەك تۆرت ئېغىز گەپنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ قويسا «ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلاپچى» دەپ باھالايدىغان، ئالتە تەڭگە پۇل ئىئانە قىلغان ئادەمنى «ۋەتەنپەرۋەر باي» دەپ رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن بېرىدىغان، جاسۇسلۇق ساۋادى ۋە ھۇشيارلىقى نۆلدىن تۆۋەن بىر مىللەت ئارىسىدا بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش —مۇناپىقلارنى ئىستىگەن «تۆر»گە چىقىرىش، بېشىدىن يوغان «قالپاق»لار بىلەن تارتۇقلاپ، مەشھۇر ئادەمگە ئايلاندۇرۇش، ھەتتا مەشھۇر ئىنقىلاپچى قىلىۋېتىش تامامەن مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلاردۇر. يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ مۇمكىنكى، مەن ئالدىنقى يازمىشلىرىمدا تىلغا ئالغاندەك، بىز بۇرنىمىز تۇرۇپمۇ پوق يەۋېرىدىغان دەرىجىدە ئىكەنلىكىمىز ئەنە شۇ ماقالىلەردە ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىلگەن ئىدى. ئۇ ئەھۋالىمىزدا بۇنداق «ئادەم ئوۋلىرى»نى قىلماق، خىتاي ئۈچۈن بەك قولاي بىر ئىشتۇر.

ئەگەر پۇلغا بولغان ھېرىسمەنلىكى بولمىغان بىر ئادەمنىڭمۇ پۇلغا بولغان نورمال ئېھتىياجى بولىدۇ؛ ئادەتتە ئۇ «يوتقانغا بېقىپ پۇت ئۇزىتىدىغان» بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تاپقىنى، ئىمكانىيىتى دائىرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا شۈكرى قىلىدۇ، ئەمما بۇ ئادەم خىتاي ئۈچۈن بەك زۆرۈر بولسا، ئۇنى سېتىۋالماستىن كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيدىغان ئالاھىدە تەرىپى بولسا، ئۇ ھالدا تۈرلۈك سۈنئىي ئامىللار بىلەن بۇ ئادەم كىرىزىسقا

www.uyghurkitap.com

پاتۇرىلىشى مۇمكىن. ئەڭ ئەقەللىي ئېھتىياجلىرىغىمۇ قادىر بولالمايدىغان، جەمئىيەتتە ھەقىقەتەنمۇ نومۇسقا قالىدىغان (قەرزدارچىلىق، ئائىلىسىنىڭ نورمال ئېھتىياجىنىمۇ قامدىيالماسلىق تۈپەيلى «دوست-دۈشمەنلىرى» ئالدىدا، خوتۇن- بالىلىرى ئالدىدا) يەرگە قاراپ قالىدىغان ۋەزىيەتكە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «ياردەم» تەكلىپ قىلىنىشى مۇمكىن. ناھايىتى كۆپ ئىرادىلىك ئادەملەر، ھەتتا تۈرمىلەردە يىللارچە ئازاپ تارتىپ، باش ئەگمىگەن ئەزىمەتلەردىن بىرمۇنچىسى جەمئىيەتتىكى مۇشۇنداق سىقىلىشلاردا «بەل قويۇۋېتىدىغان» ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

شەخسلەر ئارا زىددىيەتلەر سۈنئىي ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ، شەخسنىڭ «مەن-مەنلىك» تۇيغۇسى كۈرۈكلىنىپ، كۈچەيتىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا «رەقىبى»نى بېسىپ چۈشۈشكە يارايدىغان ئۈستۈنلۈك شارائىتى «تەكلىپ» قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. ئىنسانلارنىڭ ھامان كونكېرت نەرسىلەرنى مەۋھۇم ئۇقۇملاردىن؛ كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنى ئۇزاقتىكى نەرسىلەردىن؛ نۆۋەتتىكى ئىشنى كېيىنكى ئىشتىن؛ شەخسىيىتىنى غايىۋي ھەم ئومۇمغا تەئەللۇق ئىشلاردىن ئۈستۈنراق كۆرىدىغان تۇغما مەنپەئەتپەرەستلىك خۇسۇسىيىتى مانا بۇنداق ئېغىپ كېتىشلەرنى ئېچكىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگۈچى ئامىلدۇر.

شۇنىمۇ ئىلاۋە قىلىپ قويۇشنىڭ ئارتۇق يېرى يوق، ئىنسانلاردىكى غايىۋي نىشانلارغا بولغان ساداقەت، شەخسىي ئىشتىن ئومۇمغا تەئەللۇق مەنپەئەتنى ئۈستۈن كۆرۈش روھى، تەشۋىقاتلاردىكى «قەھرىمانلارغا خاس» ئىپادىلەر زامان خاراكتېرلىق بولۇپ، بۇ شۇ خىل ئىجتىمائىي كەيپىيات كۆتۈرۈلگەن، تەشۋىقاتلار كۈچەيگەن، ئىنسانلاردا قىزغىنلىق ئەۋجىگە چىققان زامانلاردىلا ئەنە شۇنداق بولىدۇ. بۇ خىل كەيپىيات تۆۋەنلەپ، قىزغىنلىق پەسكارىغا چۈشكەندە كىشىلەر يەنە شەخسىيىتى ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇنداق پىسخىك ئۆزگىرىشلەر جاسۇسلۇقتا بەكمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بىر قەھرىمان ئىنقىلاپچىنىڭمۇ جاھاندىن كېچىدىغان،

ھەممىدىن ئۈمىدسىزلىنىدىغان، «قۇرۇق گەپنىڭ كەينىگە كىرىپ» (ياخشى ياشاش، باي بولۇش) پۇرسەتلىرىنى قولدىن بەرگەن ئۆمرىگە ئېچى ئاغرىيدىغان زامانلىرى بولىدۇ. بۇلارمۇ قارشى تەرەپنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلمايدۇ. دۇنيادا شۇنداق ئىشلارنىڭ بولىشى ھەممىگە چۈشىنەرلىك بولسا كېرەك: بىر جاللات ھېچ رەھىم ـ شەپقەت تۇيغۇسى بولمىغان ھالدا بىرنەچچە ئادەمنى ئۆلۈمگە يوللايدۇ، يەنە شۇ جاللات ئاچ بىر ئاسلاننىڭ ئاجىزانە مىياۋلىشىنى ئاڭلىغاندا يۈرىكى «شۇررىدە» قىلىپ كېتىشى مۇمكىن. خۇددى شۇنىڭدەك، قاتتىق قىيىن- قىستاقلاردا باش ئەگمىگەن بىر قەھرىمان، بىر كۈنلىرى بىرنەچچە ئېغىز تەسىرلىك گەپ بىلەنلا كۆڭلى يۇمشاپ، ئىرادىسى بوشاپ، ئىچ- قارنىنى تۆكۈۋېتىشى مۇمكىن.

كۆز قاراش بىرلىكى ياكى تەتۈرلىكى، زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىش ھەققىدىمۇ بىر ئاز ئېنىقلىما بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، ئەلۋەتتە. دۆلەتلەر ئارا جاسۇسلۇقتا كۆز قاراش بىرلىكى ياكى قارىمۇ- قارشىلىقىدىن پايدىلىنىشنىڭ بىر مىسالى يۇقۇرىدا بېرىلدى. يەنە شۇنىڭغا قوشۇمچە، تۈركىيەدە ھاكىمىيەتنىڭ مۇخالىپى كوممۇنىست پارتىيە، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ يۆلىشىگە ئېرىشىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلار خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ئۇ قەدەر سۆيىدۇكى، گېزىتلىرىدە مەدھىيىلەر ياغدۇرىدۇ. بۇ ھالدا ئۇلار تۈركىيە ھەققىدىكى خىتايغا كېرەكلىك ئاخباراتلارنى جان دەپ بېرىدۇ ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ غايىسىگە بولغان ساداقىتىنىڭ بىر نامايەندىسى سۈپىتىدە قىلىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭ ۋەتەنساتقۇچلۇق شەرمەندىلىكى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلماستىن، خوشاللىق بىلەن قىلىدۇ.

خۇددى شۇنداق، تەرەپلەر ئارا زىددىيەتلەرنىڭ بۇنداق «خالىس يالاقچى» بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا يەنە بىر ئىسپاتنى بىزنىڭ ئىنقىلاپ تارىخىمىزنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرىدىنمۇ كەلتۈرۈش مۇمكىن: ھەسەن مەخسۇم بىلەن مەمتىمىن ھەز... تەرەپ «ئىت- مۈشۈك» بولۇشۇپ يۈرگەن

زامانلاردا مەخسۇم، ۋەتەنگە يولغا سېلىنىۋاتقان مۇجاھىدلارغا شۇنداق تەلىم بەرگەن: «ئەگەر ۋەتەندە دېموكراتچىلار(مەمتىمىن ھەز... تەرەپنىڭ ئادەملىرى) سىلەرگە يېقىنلىشىپ، بىرلىشىپ ھەركەت قىلىشنى تەكلىپ قىلسا، ھە، دەپ قويۇپ، سىرلىرىنى بىلىۋېلىپ، خىتايغا دەپ قويساڭلار ساۋاپ بولىدۇ. يەنى، يوقۇتۇشقا تېگىشلىك بىر دۈشمەننى يەنە بىر دۈشمەننىڭ قولى بىلەن يوقاتسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھنىڭ زالىمنى زالىمنىڭ قولى بىلەن جازالايدىغان ھېكمىتىگە ئوخشاش...» دېگەن مەزمۇندا تەلىم بەرگەن[1]. ئۇلارغا سىڭدۈرۈلگەن تەرەپ ئېغى (خىتايغا بولغان نەپرەت ئەمەس) تۈپەيلى، بۇ ئوقۇمىغان نادان مۇجاھىد جەڭچىلىرىمىز ھەقىقەتەندىمۇ بۇ تاپشۇرۇقنى ئورۇندىغان ۋە بىرمۇنچە خىتايغا قارشى جەڭگىۋار كۆچ بۇ يول بىلەن يوقۇتۇلغان. گەرچە مەخسۇم ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ئېھتىياجىدىن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئاۋۇ نادانلار ھېچ بولمىسا ئەقلىگە پوق يېمىگەندىكىن، «توختا، نېمىشكە بۇنداق؟ بۇلار نېمىچە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ئۇلارمۇ خىتايغا قارشى ئىدىيىدىكى ئادەملەر ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلاشقا ئەقلى يەتمىگەن!

كونا ئىنقىلاپ تارىخىمىزغا باقىدىغان بولساقمۇ سوۋېتپەرەستلەر دىنچىلارنى چېقىپ، ئىسلامچىلار تۇرانچىلارنى چېقىپ، چىن تۈركىستانچى ياكى ئاتالمىش مىللەتچى (ئۈچ ئەپەندىچىلەر) ھەممىسىنى چېقىپ، خىتايغا كۆپ ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن شانلىق كەچمىشىمىزنى كۆرۈش مۇمكىن.

شەخسلەر ئارا زىددىيەتلەر، يۇرتلار ئارا زىددىيەتلەرمۇ كىشىلەرنى، ئۆزىمۇ سەزمەستىن خىتايغا ئاخبارات بېرىدىغان «قۇلاق»لارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مىسال: بىر خىتاي جاسۇسى مەلۇم بىر گۇمانلىق شەخسنى

---

[1] بۇ ئۆچۈرنى تەمىنلىگۈچى «مەمتىمىن» ئىسىملىك يىگىت بولۇپ،

كۆزەتمەكچى، ئۇ بۇنى ئۇ شەخس بىلەن كېلىشەلمەيدىغان بىرسىگە ھاۋالە قىلىشى مۇمكىن. يەنى بۇنى، بىر خىل شەخسىي زىددىيەت تېپىدە كۆرسىتىش ئارقىلىق: «ئەمەت بىلەن قانداقراق سەن؟ مەنمۇ تازا كېلىشەلمەيمەن. ئېپىنى كەلتۈرۈپ شۇنى بىر باپلايمەن تازا! بولسا سەن شۇنىڭ ھەددى ـ ھەركەتلىرىدىن مېنى خەۋەردار قىلىپ تۇرساڭ، بىركۈنى بىر ئوڭ كەپ قالىدۇ، راسا بىر كۆرسىتىپ قوياتتىم...». بۇنىڭ بىلەن خىتايغا ئىشلەۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر ھالدا گۇمانلىق شەخس ھەققىدە ئاخبارات بېرىشكە رازى بولۇشلىرى مۇمكىن. بىر تونۇشۇم ياكى دوستۇمنىڭ شەخسىي ئۆچ ئېلىشى ئۈچۈن ئورتاق رەقىبىمىزنى ياماشقا چىقىرىشىپ بېرىۋاتىمەن، دەپ ئويلاپ، بۇنداق بىر جاسۇسلۇققا باغلىنىپ قېلىش مۇمكىن. مەن- مەنلىك تالىشىش زىددىيەتلىرى، شۆھرەتپەرەستلىكلەرمۇ ئەنە شۇنداق، سەزمەستىن، پالانچىنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىنى بىجىرىۋاتىمەن دېگەن ئوي بىلەن خىتايغا ئىشلەشكە باشلاش مۇمكىن. چۈنكى جاسۇسلۇقتا «خىزمەت تەكلىۋى» توغرىدىن توغرا ساقچى ئىدارىسى ياكى جاسۇسلۇق ئورگانلىرى تەرىپىدىن بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، جاسۇسلۇق، ئىنساننى ئەڭ چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ غورۇرى، ۋىجدانى، نومۇس ۋە شەرەپ تۇيغۇلىرىغا توغرىدىن- توغرا تېگىشنىڭ نەتىجىسى نېمە بولىشىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ غورۇرىغا تەگمەستىن، ۋىجدان ئازاۋى چەكتۈرمەستىن مانا شۇ قەدەر نومۇسسىز بىر ئىشقا يېتەكلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرى، تەجرىبىلىرى بويىچە بەكمۇ ئۇستىلىق بىلەن ھەركەت قىلىنىدۇ.

بۇ سۆزىمىزگە دەلىل سۈپىتىدە بىر مىسال بېرىپ ئۆتەي. MOSSAD (ئىسرائىلىيەنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى)نىڭ كانادادىن پاناھلىق تىلىگەن جاسۇسى ۋىكتور ئوستورۆۋسكىي يازغان «ھىلە يولى» ناملىق ئەسلىمە كىتاپتا شۇنداق بىر مىسال بېرىلگەن:

www.uyghurkitap.com

يەھۇدىي جاسۇسلىرى سۈرىيىنىڭ مەخپىي ئاخباراتلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كېرەكلىك بىر نىشان ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەردە، مەلۇم بىر سۈرىيە مىنىستىرىنىڭ يېقىن تۇققىنى ياۋروپادىكى مەلۇم دۆلەتكە ئوقۇشقا ماڭغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئالىدۇ.

ياش ئەرەپ ئىزدەپ تېپىلىدۇ. ئەمما تەبىئىيكى، ناھايىتى قاملاشقان بىر سەۋەپ بىلەن «تونۇشلۇق» باشلىنىدۇ. يەھۇدىي جاسۇسلىرى ئۆزلىرىنى مەلۇم ياۋروپا دۆلىتىدىكى خەلقئارالىق بىر شىركەتنىڭ ئادەملىرى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ «شىركەت» ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى بىلەن سودا قىلىدىغان شىركەت بولىدۇ. نەتىجىدە ئىنتايىن قاملاشقان بىر يېرىنى كەلتۈرۈپ، ياش ئەرەپ «خىزمەتكە» تەكلىپ قىلىنىدۇ. توغرىدىن- توغرا ئىسرائىلىيە جاسۇسلىقىغىمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق! ھېلىقى شىركەتنىڭ ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئۈچۈرلار تورىغا بىر ئادەم لازىم بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ دۆلەتلەر ئىراق، ئىوردانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، كۇۋەيت،... دېگەندەك ساناپ ئۆتۈلىدۇ. قەستەن سۈرىيە سانالمايدۇ. ياش يىگىت ئۆزى سورايدۇ: «سۈرىيىنىڭ ۋەزىيىتىگە قىزىقمامسىلەر؟» «شىركىتىمىزنىڭ تىجارەت دائىرىسىدە سۈرىيە يوق، ئەمما يۇقۇرىدىكىلەردىن سوراپ كۆرسەك بولىدۇ، بەلكىم چەكلىك دائىرىدە كېرىكىمۇ باردۇر...» دېگەندەك جاۋاپ بېرىشىدۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن جاۋاپ بېرىشكە ۋەدە قىلىشىدۇ.

كېيىن ۋەدە بويىچە جاۋاپ بېرىلىدۇ: «ھەرھالدا لازىم ئىكەن، ۋاستىلىك ئۈچۈرلار... ئۈچۈر تەتقىقات ئورنىمىز سۈرىيە ئۈچۈرلىرىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىشى مۇمكىنكەن.»

ياش يىگىتمۇ ئانچە ئەخمەقلەردىن بولمىسا كېرەك، ئۇ بۇلارنىڭ بىلىشكە قىزىقىدىغان نەرسىلىرى ئىچىدىكى ھەربىي يۆتكىلىشلەر، پورتتا پاراخودلارنىڭ ھەرىكەتلىرى، دۆلەت ئىچىدىكى سەپەرۋەرلىكلەرنىڭ ئارقىسى... قاتارلىقلاردىن گۇمان قىلىدۇ. يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا شۇنداق دەيدۇ:

«ھەربىي يۈتكىلىشلەر تىجارىتىمىزگە شۇنىڭ ئۈچۈن كىرەككى، يىقىن كەلگۈسىدە بۇ رايوننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولامدۇ يوق، بۇنى بىلىپراق ئىش قىلمىغاندا، پالانى شىركەتتەك ئاقىۋەتكە قالىدىغان گەپ. ئۆلار بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ بولىشىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلمىگىنى ئۈچۈن، تۇزۇلگەن نۇرغۇن توختاملىرى بىر تىيىن بولۇپ زىيان تارتقاننىڭ ئۈستىگە، تۆلەم تۆلەيدىغان ئاقىۋەتكە قالدى. شۇڭا بىز بۇنداق ئۇچۇرلارغىمۇ ئېتىۋار بېرىمىز». ياش يىگىت بۇ «شىركەتنىڭ ئۇچۇر مۇلازىمەتچىسى» بولۇپ ئىشقا چۈشكەن ھامان ئۇنىڭ ھېساپ نومېرىغا 10 مىڭ دوللار قويۇپ بېرىلدى. ئۇ مىنىستىر تاغىسىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق، بۇ «شىركەت»نى ھەربىي مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى. ئۇزۇن مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭدىن سورالغان نەرسە بەكمۇ بىلىنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، يىگىت سورايدۇ: «سىلەر زادى قانداق شىركەت؟» جاۋاپ بېرىلدىكى « بىز ئىسرائىلىيە مەخپىي خىزمەت ئىدارىسى، سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى MOSSAD قا ئىشلىدىڭ. ئەمدى خالىساڭ بۇنى داۋاملاشتۇرىسەن، بىز دېگەننى قولغا كەلتۈرۈپ بېرىسەن؛ بىلىنىپ قالساڭ، بېشىڭغا كۈن چۈشسە بىز ئىگە. خالىساڭ رەت قىلىسەن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بەرگەن ئۇچۇرلىرىڭدىن بىر نۇسقىنى دۆلىتىڭگە ئەۋەتىپ بېرىمىز». «ئۇچىنىلا پاتۇرۇۋالسا» قالغىنى ئاسان بولغاندەك، بۇ دەمگە كەلگەندە ئاشكارە جاسۇسقا ئايلانماي ئامال يوق ئىدى.

مانا شۇنداق، مەلۇم شىركەتكە ئىشلەۋاتقاندەك، مەلۇم ئادەمگە ئىشلەۋاتقاندەك، يا بولمىسا ۋەتەن، مىللەتكە «ھېچقانداق زىيىنى يوق»، «ئادەتتىكى نەرسىلەر»نى ئېيتىپ بېرىپ بىرمۇنچە ھەق ئېلىۋاتقاندەك، كۆڭۈلگە تەسەللىي، ۋىجدانىنى پەپىلەپ ئۆخلىتىدىغان نۇرغۇن تۈر ۋە شەكىللەردە بولىدىغان بولغاچقا، بۇ قەدەر كۆپ «ھۆل خىش»تىن بىرەرىگە دەسسەپ سېلىش خېلى- خېلى ئادەممۇ ساقلىنالمايدىغان مەسىلە. ئۇندىن باشقا، خۇددى يۇقۇرىدا دېيىلگەن سۇنئىي كىرىزىسكە پاتۇرۇپ، مۇھتاج

قىلىش يولى ئارقىلىق ياردەم تەكلىپ قىلىش مېتودىنىڭ يەنە بىر شەكلى، بولار- بولماس ئادەتتىكى بىرەر ئىشقا ياللىۋېلىپ، نۇرغۇن پۇل بېرىش، بايۋەچچە ياشاشقا، راھەت- پاراغەتكە ئادەتلەندۇرۇش، شەھۋەتپەرەستلىك، ئويۇن- تاماشاغا ھېرىسمەن قىلىۋېتىش ئارقىلىقمۇ يولدىن چىقىرىلىشى مۇمكىن. بۇنداق بىر خىل يۇقۇرى ئىقتىسادىي سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان ھاياتقا ئۆگىنىلگەندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا بۇنىڭ داۋام قىلىشىنى خاھلاش، بۇنى تەمىن ئەتكۈچىلەرگە بېقىندىلىق روھى ھالىتى شەكىللىنىدىغان گەپ. مانا بۇ يول بىلەنمۇ بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىشتىن باش تارتالمايدىغان مالايلار يارىتىلىدۇ.

كونىلارنىڭ «سەبىرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگىنىدەك، قانائەتچان، سەبىرچان بولماسلىق، شەكلىيلىكنى قوغلىشىش، مودا ھېرىسمەنلىكى، ئۆز ئۇمچىغا شۈكرى دېمەي باشقىلارنىڭ بەتتىسىگە كۆز قىزارتىش ۋە ھەسەت قىلىش كەيپىياتى ئىنساننى چوقۇم شۇ شەرمەندە پاتقاققا پاتۇرماي قالمايدۇ. ئاللاھ شۇنداق ئاگاھ ۋە مەدەت بېرىۋاتىدۇكى: « شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر».

## «بىر بالاسى بولمىسا، قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا؟»

خىتايلارنىڭ نىسپىي ئىسلاھات دەۋرىنىڭ باشلىنىشىدا، «تۆمۈر تاۋاق»لارغا دەز كېتىپ، بەزى يارىماس ۋە قېرى كادىرلار ئىنىق ئۆختۇرۇشسىزلا — يېگىدىن مەنسەپكە ئاتىماسلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق قالدۇرۇلغان چاغلاردا ئەمەلگە ئۆگىنىپ قالغان بۇ بەچچىغەرلەرنىڭ بەزىلىرى

دەرھال مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىدىغان؛ بەزىلىرىنىڭ يۈرەك كېسەللى قوزغۇلۇپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشىدىغان ئەھۋاللار كۆپ سادىر بولغانىدى. «پالانچىنىڭ ئىسمى چىقماپتىكەن، شۇ يەردىلا مېڭىسىگە قان چۈشۈپ دوختۇرخانىغا ئەكىتىپتۇ،...» دېگەنىدەك گەپلەرنى ئاڭلايتۇق. مېنىڭچە بۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى. ھاكىمىيەت سايىسىدىكى ئەمەل دېمەك، بايلىق، مەرتىۋە، كۈچ- قۇۋۋەت... ئومۇمەن مەنپەئەتلەرنىڭ جەمئىيىسى ئىدى. بۇلاردىن مەھرۇم بولۇش ئەلۋەتتە يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان، چىدىمۇغۇدەك ئىش- تە! ئەمەلدارلاردا بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىۋېلىش، ھالال- ھارام ئارىلاشتۇرۇپ نەپ ئېلىش، ئەمەل ماشىنىسى، توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراقلاردىكى تۆر،... ۋاي- ۋۇي، ئەمەل سايىسىدە نېمىلەر يوق. بۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇش نېمىشكە قورقۇنۇچلۇق بولمايدىكەن؟

مۇشۇنداق ھادىسىلەرنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى مۇناسىۋەتتى بىلەن شۇ زامانلاردا ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىدىن بىرى قايتىدىن ھاياتىي كۈچ تېپىپ، مەتبۇئاتلاردا كۆپ چېلىنقانىدى:

بىر يېزىدا بىر يۈز بېشى باركەن، بەك ئەمەلگە ئامراق بولۇش بىلەن بىللە بەك زوراۋانكەن، ئۇ قەدەر قېرىپ بولالماي قالغان بولسىمۇ، ئورنىنى بوشىتقۇسى كەلمەيدىكەن. كونا ئامبال كېتىپ ئورنىغا يېڭى ئامبال ئالماشقاندا بۇ يۈز بېشىنىڭ كارغا كەلمەس ھالغا كەپقالغىنىنى كۆرۈپ ئۇنى ئەمەلدىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئارام بەرمەكچى بوپتۇ. بىراق، يۈز بېشى ئەمەلسىز ياشىيالمايدىغان دەرىجىدە مەستانە بولۇپ كەتكەچكە، ئامبالغا يېلىنىپ ئۇنىڭدىن بىر ئۆتۈنۈشنى رىجا قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ.

— نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ ئامبال.

— مەن ھاياتىم بويى كىشىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھۆكۈم سۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، بۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىكەنمەن؛ بىر ئۆمۈر قىلغان خىزمىتىمنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن تىلىكىم شۇكى،

www.uyghurkitap.com

مەھەللىمىزدىكى كۆلنىڭ ئۈستىنى تاختاي بىلەن ياپسام، بىر قانچە يېرىدىن چىلەك پاتقۇدەك تۆشۈك ئېچىپ قويسام، سۇغا چىققانلارنى «سەن ئۈنىڭدىن ئۈس، سەن بۇنىڭدىن ئۈس...» دەپ كۆڭلۈمگە تەسەللىي بەرسەم، بىراز تەسكىن تاپارمىدىمكىن دەپ ئويلايمەن. رۇخسەت قىلغان بولسىلا...

ئامبال ئويلاپ كۆرسە بۇنىڭ ھېچ بىر ئىشقا دەخلىسىمۇ، پايدا-زىيىنىمۇ يوق ئىش، شۇڭا ئۇ ئىلتىپات قىلىپ ئۇنىڭ بۇ ئىستىكىنى رىجا قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يۈز بېشى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، تاختايدا كۆلنى يېپىپ، بىر قانچە تۆشۈك قويۇپتۇ. ۋە ئۆزىمۇ كۆل بويىدىكى سۆگەت ئاستىغا جايلاشتۇرۇلغان چاپىي ئۈستىدە ياتىدىغان، كېچە-كۈندۈز دېمەي سۇغا چىققانلارغا قايسى تۆشۈكتىن ئېلىش توغرىسىدا «ھۆكۈم سۈرىدىغان» بوپتۇ. شۇ يوسۇن ئۆمرى ئۆتۈپتۇ.

ئەمما ماڭا چۈشىنىكسىز بولىۋاتقىنى ۋەتەن سىرتىدا، «ۋەتەن قۇتقازغۇچى» تەشكىلاتلارنىڭ ئەمىلىنى تالىشىشتىكى پىداكارلىق، ھەتتا پىداكارلىقتىن ئۆتۈپ يۈزى قېلىنلىققىچە كەتكەن قىلمىشلار بولۇپ، مەن بۇنى يوقارقى ئەمەلگە — ھاكىمىيەت سايىسىدىكى كۈچ ۋە مەنپەئەتكە تولغان ئەمەلگە سېلىشتۇردۇم. چۈشىنىكسىز! نورمال قارىلىشتا مەنپەئەت يوق، ئەكسىچە زىيان بولىشى ئېھتىمالى چۈشۈنۈلىدۇ؛ مەرتىۋە يوق، ئەكسىچە ھەممە ئادەم نارازى كوتۇلدايدۇ؛ كۈچ- قۇۋۋەت يوق، ھېچكىم بويسۇنغىلى ئۇنىمايدۇ... بۇ ھالدا بۇنىڭغا ئۆلگىدەك يوپۇشۇۋېلىشنى چۈشىنىش ئانچە ئاددىي ئىش ئەمەس بولسا كېرەك؟

بىز بىلمەيۋاتقان بىلەن مەلۇم مەنپەئەت باردەك قىلامدۇ-نېمە؟ ياكى باشقا بىر تەخىرسىز ئېھتىياج زورىدىنمۇ؟ ياكى بەك ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن ھەممىنى ئۇنۇتقان كىشىلەر بولسا، رول يامان ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ شۇنداق قىلامدىغاندۇ؟ بەزى لىدىرلارنىڭ يۇرتتىكى قېرى ئانىلىرىنىڭ «پىكاپتا

كەلگەنلەر» تەرىپىدىن يوقلىنىپ تۇرىشى، بىرەر ياتا قوي گۆشى، تۆرت-بەش چارەك گۈرۈچ، ئۇن، ياغلار بىلەن هال- ئەھۋالى سورۇلۇپ تۇرىشىنى دىققەتكە ئالساققۇ مەسىلە بەك ئايدىڭ بولۇپمۇ كېتىدىكەن.

قىسقىسى، ئەگەر بەك ۋەتەنپەرۋەرلىكى تۇپەيلى، رول يامان ئادەملەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتمىسكەن دەپ شۇنداق يوپۇشۇۋالدى دەيلى دېسەك، ئۆزىنىڭ قىلىپ يۈرگەنلىرى «بەك كۆيۈنگەن»دەك ئەمەس، مانا شۇنداق قىلىپ، كىشى ئىختىيارسىز هالدا «بۇلارغا بىرسى جىددىي تاپىلاپ، رولنى هېچ قولۇڭدىن چىقارما، نان قېپى! مائاشنى بىكارغا ئالمايۋاتقاندىكىن، مەھكەم تۇر، قولدىن بېرىپ قويساڭ، بىرەر زېرىكمەسنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالسا بىزنى پاراكەندە قىلىدۇ!» دەۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ دېگەن قىياسقا كەلتۈرۈپ قويىدىكەن.

كۆرۈنۈشتىكى ئۇلارمۇ بىرنېمىلەرنى قىلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك كۆرۈنىسمۇ، تاشقى جەھەتتە بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سۆزىنى سۆزلەيدىغاندەك كۆرۈنىسمۇ، قەيەردىدۇر بىر موھىم سورۇنلاردا، باشقا ئۇيغۇرلار بولمىغان، ئاڭلىمايدىغان سورۇنلاردا— ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرەك ساداسى زادى نېمىدۇ، شۇنى بىر ئاڭلاپ باقايلى دەپ پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن چاقىرىلغان سورۇنلاردا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئارزۇسى خىتايدىن ئايرىلىش ئەمەس، پەقەت ئەركىنلىك، دېموكراتىيە...» دېگەندەك ۋەلىكىزىنا گەپنى قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يىللارچە قىلغان ئەتكىنىنى بىر مىنۇت ئىچىدە پوق قىلىپ تاشلايدىغان ئىشلار ئۇچۇن مانا شۇنداق مەھكەم تۇرۇپ تالاشسا كېرەك. بەزى چەتئەل هۆكۈمەتلىرىنىڭ چۈشىنىشىچە «ئۇيغۇر خەلقى مۇستەقىللىق ئىستىمەس»مىش! بۇ نەدىن كەلگەن شۇم گەپتۇر؟ چوقۇمكى، خەلققە ئىنقىلاپچىدەك كۆرۈنۈپ، ۋارقىراپ جارقىرىغانلار خىلۋەتتىكى سۆھبەتلەردە مانا شۇنداق «ۋەكىللىك سۆزى» بەرگەنلىكى مۇھەققەقتۇر!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىر قىسىم «تېرورچىلىرىمىز» ھەققىدە لەتىپىلەر(1)

ئاۋال ئۆزرەمنى بىلدۈرەي، چۈنكى يەنە «ئىنكارچىلىق» قىلىشقا باشلىدىم. گويا سەلبىي ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ ھەممىگە سەت كۆرۈنۈش ماڭىلا ۋەزىپىدەك بولىۋاتىدۇ. ئەمما چارە يوق، ھەقنى سۆزلىمىسەم ھەممە ئادەم ماداراچى، ياخشىچاق، «ئەپ ئۆتۈش» سىياسىتى قوللۇنۇپ، ھېچكىمنىڭ خاتالار ھەققىدە ئېغىز ئاچقۇسى كەلمىسە، تارىخ ئاستىن-ئۈستۈن بولىدۇ، سەلبىي نەرسىلەرنى ئىجابىي دەپ بىلىش ئارقىسىدا ئەۋلادلار خاتالىشىدۇ. كېيىنكىلەرگە توغرىنى يەتكۈزۈش قەرزىمىز بولسىمۇ، لېكىن مىللىي پىسخىكىمىزدا «كۆڭلىنى ئاياپ، بويىدا قالدىغان» مىجەز ئېغىر بولغاچقا، ھەتتا ئاشكارە مۇناپىقلىقمۇ رەددىيە بېرىش پىرىنسىپاللىقى يوق، دۈشمەننىمۇ رەنجىتمەسلىك، دۈشمەنگىمۇ سەت كۆرۈنمەسلىك ئاساسىي تۇتقان يولىمىز. بۇ ھەقتە توختۇلۇش ئاساسىي مەخسىدىمىز بولمىغاچقا، بولىدىلا. قىسقىسى، مەن يەنە كۆپىنىڭ قارشىسىدىن چىقتىم.

خىتايلار ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر تېرورچىلىرى» تىزىملىكىدىكى موھىم شەخسلەردىن بىرمۇنچىسىنى بىۋاستە تونىغانلىقىم، ئۇلارنىڭ قانداق «تېرورچى» بولۇپ قېلىشىغا سەۋەپ تەشكىل قىلغان ھادىسىلەرگە بىۋاستە شاھىت بولغانلىقىم ۋەجىدىن، كەسكىن قىلىپ، ئاتالمىش «تېرورچىلار» تىزىملىكى، ماھىيەتتە خىتايلارنىڭ بىر تۈرلۈك سىياسىي ئويۇنىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى توپلاپ كونترول قىلىش

ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان «توپلانما چېدىرى» تىكلەش، لىدىر (داھى) يارىتىپ بېرىش ئۇرۇنىشى، قىسقىسى بىر تۈرلۈك تەتۈر ئېلان- سەنئەتتۇر! ھەممىسىمۇ؟

بىرنېمە دېيەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، مەن بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى! باشقا دۇرۇس ئادەملەر بار دېيىلسە پەقەت، چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئارقىسىدا «زەرەرسىز» دەپ بېكىتىلگەن، ياكى قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەسلىكى جەزىملەشتۈرۈلگەن ئادەملەردۇر. ۋە يەنە شۇنداقمۇ ئېھتىياج زۆرۈر ئىدىكى، بۇ ئادەملەرگە بىر ئاز ئازغاشتۇرغۇچى بوياق بېرىش؛ «بۇنداقمىكىن دېسە، ئاۋۇسى خېلى تۈزۈك،...» دېگەندەك ئىككىلىنىش تۇغدۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈنمۇ، بىر قىسىم «بېزەك ئادەم»لەرنى قوشماق تەخىرسىز زۆرۈرىيەت بولاتتى.

خىتايلارنىڭ ھىلە دەستۇرى بولغان «36ھىلە»دە «ئۆتنى ئورۇپ يىلاننى ھۈركۈتۈش ھىلىسى» دېگەن بىر ھىلە بار. دېمىسىمۇ ئۆت -چۆپلۈك ئىچىدە كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا يىلان پۇتقا يامىشىۋالسا بەكمۇ تۇيۇقسىز، بەكمۇ خەتەرلىك بولىدۇ ئەمەسمۇ، چۈنكى يىلاننىڭ نەدە مۆكۈپ ياتقىنى بەلگىسىز. شۇڭا ئۆتنى ئورۇپ يىلاننى ئۈركۈتسەڭ، يىلان قېچىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىندۈرىدۇ.

خۇددى شۇنداق. خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان خۇددى شۇنىڭدەك بىر «ئۆت-چۆپلۈك» بولۇپ، «يىلانلار»نىڭ بارلىقىنى ھەركىم پەرەز قىلالايدۇ، ئەمما نەدە؟

خىتايلار چوڭ تىپتە «ئۆتنى ئورۇپ يىلاننى ھۈركۈتۈش» ئوپېراتسىيىسى پىلانلىدى. بۇنى 1996- يىللىرىدا يولغا قويۇشقا باشلىغان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئەمما كۆپچىلىككە بىلىنگىنى 1997- يىلدىن باشلانغان «سەھنە ئالدى ھەركەتلەر» ئەلۋەتتە.

بۇ قانداق ھەركەت ئىدى؟ بىر ساختا ئازادلىق ھەركىتى تەشكىللەش ئارقىلىق، «ئۆت ئارىسىدىكى يىلان»لارنى ئاشكارىلاش، بۇلارنى بىر

«توپلانما چېدىرى[1]»گە توپلاش، بۇ ھەركەتنىڭ ئاساسىي مەخسىدى پاكى ئاساسىي مەخسەدلىرىدىن بىرى بولاتتى. ھەركەتنىڭ بىردىنلا قېيىپ، توغرا بىر ئىنقىلابىي ھەركەتكە ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئېھتىياجى ئۈچۈن، «توپلانما چېدىرى»نى باشتىنلا ئىككى قىلىپ تىكىش، بۇ ئارقىلىق، ئۇلارنى بىر- بىرىگە سېلىشمۇ ئېھتىياج بولاتتى.

شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي، «توپلانما چېدىرى»غا ئادەم توپلاشقا دائىر شۇنداق بىر پاكىتنى دىققەتلەرگە ھاۋالە قىلىمەن: 1998- يىلى خوتەننىڭ مەلۇم يېزىسىدا بىر جۈمە كۈنى نامازدىن كېيىن ساقچىلار مەسجىد ئىشكىدە نامازدىن يانغانلارغا بىر ۋاراق تارقاتقان. ۋاراقتا، ھەسەن مەخسۇم،... قاتارلىق بۆلگۈنچىلەر ئافغانىستاندا نادان ياشلارنى ئالداپ، ئەتراپىغا توپلاپ، كەلگۈسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەركىتى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەربىي تەلىم بەرمەكتە... دېگەن مەزمۇنلار بولغان. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئادەملەر بالىلىرىغا پاسپورت قىلدۇرۇپ چەتئەلگە «تىجارەتكە» چىقارغان قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ خىتايلار يۈنۈلۈشىنى بەلگىلەپ بەرگەن «توپلانما چېدىرى»غا ئەۋەتكەن. بۇنداق غەلىتە تەشۋىق ۋارىقىنىڭ پەقەت شۇ بىر يېزىدىلا بولغان بولىشى ناتايىن، ئەلۋەتتە. بۇ تاكتىكا بىلەن، قەيەرگە بېرىپ، كىمنىڭ توپىغا قوشۇلۇش ھەققىدە بىشارەت بېرىلگەندىن كېيىن، ناھايىتى نۇرغۇن ياشلار چەتئەلگە چىقىپ كېتىش ئۈرۈنىشىدا بولغان، ئامال قىلالىغانلىرى كۆرسىتىلگەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ، ئەبەدىيلىك پۇشايمانغا قالغانلىقى ھەققىدە يەنە تەپسىلىي توختۇلىمىز.

ئەمدى شەخسلەر ۋە ھەددى- ھەركەتلەر ئۈستىدە توختۇلىمىز:

ۋەتىنىمىزدە پاسپورت ئىشلەتمەكنىڭ نەقەدەر تەسلىكى ھەر بىر

---

[1] توپلانما چېدىرى — تەۋراتتىكى بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ئىسرائىل ئەۋلادى يەھوۋا (تەڭرى)دىن ئەپۇ سوراش، يولىيورۇق سوراش،... قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن توپلىنىدىغان. ئەمما بىزنىڭكىلەرنىڭ «توپلانما چېدىرى»نىڭ ئارقىسىدا قانداق بىر «تەڭرى» بارلىقى بەكمۇ سىرلىق!

شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ دىققىتى سىرتىدا ئەمەس. بولۇپمۇ سىياسىي جەھەتتە مەسىلىسى بولغان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ تەس. بۇنى چۈشەنگەن ھەركىم شۇنىڭغا ھەيران قالماي قالمىسا كېرەك: ئابلا قارىنىڭ پاسپوتى ئۇ تېخى تۈرمىدىكى چاغدىلا پۈتكەن بولۇپ، ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ ئىككى ئۈچ كۈن ئىچىدىلا چەتئەلگە قاراپ ئاتلانغان!

چۈنكى بۇ چاغدا بىشكەك شەھرىدىكى ئۇيغۇرلار بازىرىنى ئاساسىي مەيدان قىلغان تەشۋىقات جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئىشلارنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىش ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق بىر يېتىشكەن مۇناپىق كېرەك بولاتتى. دەسلەپ: «ئابلاغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇ تۈرمىدە سېتىلىپ كەتكەن» دەپ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان ھەسەن مەخسۇم، كېيىن كىمنىڭدۇر ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن ۋە بەلكى ۋەزىپە ئېھتىياجىدىندۇر ھەرھالدا ئابلا بىلەن سېپى ئۆزىدىن بولۇشۇپ كەتكەن...

كىم ئىدى بۇ ئابدۇللا قارى؟

يەكەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بىرىنچى بۆلىمىنىڭ خادىمى داۋۇت هامۇتنىڭ بالىسى بولۇپ، تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت دىنىي ساھەگە سىڭىش ئېھتىياجى ئۈچۈن پاكىستاندا ئوقۇتقانلىقى مەلۇم.

بىرەر ئېغىز گەپىنىڭ سەللا قىڭغىر كېتىشى كىشىلەرنى تۈرمىلەرگە ئۆزىتىدىغان ۋەتىنىمىزدە، ئابدۇللا سورۇنمۇ- سورۇن «جىھاد!» دەپ جار سېلىپ، بىخەتەر ھالدا تەبلىغ قىلىپ يۈرگەن! ئۇنىڭغا غەرەزلىك يېشىل چىراق يېقىپ بېرىش ئارقىلىق خىتاي ئىككى مەخسەتنى كۆزلەيتى: بىرى، ئابدۇللانى تونۇتۇپ داڭدار قىلىش؛ يەنە بىرى، تەبلىغلەرگە ئىشتراك قىلغانلارنى قارا تىزىملىككە چۈشۈرۈش!

پەقەت ئاخىرىدا ئۇنىڭ قىلمىشلىرى كىشىلەردە گۇمان تۇغدۇرۇشقا باشلىغان، ھەتتا ياش تالىپلار رازۋېد قىلىپ، ئۇنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بېكىتكەن، ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىش توغرىسىدا ئۇستازلىرىدىن پەتىۋا بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋەزىيەت ئاستىدىلا، بۇ كوزىرنىڭ قىممىتى

www.uyghurkitap.com

يوقۇلۇپ كېتىۋاتقىنىنى نەزەردە تۇتقان خىتاي جاسۇسلۇق سىستېمىسى، ئۇنىڭغا باشقىدىن نوپۇز قازاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى قولغا ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. تەبىئىيكى، خەلقىمىزنىڭ قىممەت تارازىسى بەك ئاددىي بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر گۇمانلىرىدىن يېنىپ، بەلكىم بىز خاتالاشساق كېرەك، دەپ ئويلاش بىلەن، ئابلاغا قەھرىمان سۈپىتىدە قاراشقا باشلىغان.

ئابلا تاشكەنتتىكى بىرىنچى تەبلىغ بىلەنلا ۋەتەنداشلار ئىچىدە ئالقىشقا ئېرىشكەن. چۈنكى ئۇ لەپىزى يېقىملىق قارى ۋە سۆزگە ماھىر ناتىق ئىدى. يەكەنلىك قېرىنداشلىرىمىز ئۇ قازانغان شەرەپكە ئۆزلىرىنى ھەمغدا ھىس قىلىش شادلىقىدا ئۇنىڭ ئۆتمۈشى، كېلىپ چىقىشى ھەققىدە باشقىلارنى ھېچ ئاگاھلاندۇراي دېمىگەن! نۇرغۇن ماقالىلىرىمدا دېگىنىمدەك، شەخسىيىتىمىز مىللىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن تۇرىۋالىدىغان بولغاچ ئۇلار يۇرتدىشىنىڭ شۇ ئانكى شۆھرىتىدىن بىللە ھوزۇرلىنىش ھېرىسمەنلىكى بىلەن، ئۇنىڭ بىر جاسۇسنىڭ بالىسى ئىكەنلىنىنى، ئۇنى ھۆكۈمەت غەرەزلىك ئوقۇتقانلىقىنى، ئۇنىڭ تېخى يېقىندىلا يەكەندە «ئابلا ھاڭگا» دەپ شەرەپلىك نام ئېلىپ، جالاپلار بىلەن تانسا ئويناپ، خروئىن سېتىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ دېيىشمىگەن (كېيىن دېيىشتى ۋە دېگۈچىلەردىن سورىسام بۇرۇنمۇ بىلىدىكەنمىش).

ئەنە شۇ بىرىنچى كېلىشىدىلا «دېموكراتچى» (مەمتىمىن ھەز... تەرەپ)، «ئىسلامچى» (ھەسەن مەخسۇم تەرەپ) دېگەن تەرەپ تەرغىباتىنى ئاشكارە بازارغا سېلىپ، تۈنجى پىتنىنى تارقىتىشقا باشلىغان ۋە مەمتىمىن ھەز... ساقال قويىۋالغان بىلەن ئۇنىڭ رەسۋا ئىشلىرى ھەققىدە پاكىتى(جالاپلار بىلەن ھاراق ئىچىۋاتقان رەسىمى) بارلىقىنى داۋراڭ قىلغان. (بۇ كەچمىشلەر ھەققىدە تەپسىلىي كىتاپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن كۆپ توختالمايمەن) ئۇنىڭ بىرىنچى گۇپپاڭچىسى يەكەنلىك باي ساتتارھاجىم دېگەن بىرسى بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى مەشھۇر جاسۇس ئائىلە دەپ تونۇلغانلاردىن، كونا كۆچمەن ئۆزبېكلەرنىڭ

جەمەتىدىن. بۇ ساتتارھاجى ئىنقىلابقا ئىئانە دەپ ئون مىڭ دوللارنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا ئابلاغا بەرگەن، ھەتتا سورۇندا بولمىغانلارنىمۇ خەۋەردار قىلىپ: مەن ئون مىڭ دوللار بەردىم، سىلەرمۇ بېرىڭلار، دەپ تەشۋىق قىلغان. قىزىق يېرى، كېيىن تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت سودىگەرلەردىن 50 دوللارنىڭمۇ سورىقىنى سورىغان؛ ھەتتا 1997- يىللىق زاكاتنى كىمگە، نېمىگە بەرگەنلىكىنى ئىسپات قىلىشنى تەلەپ قىلغان يەردە، ئون مىڭ دوللار بەرگەن ساخاۋەتچى ساتتارھاجى قوغۇنلۇقنىڭ يولىدەك كىرىپ-چىقىپ يۈرسىمۇ سورىقىنى قىلمىغان!

ئابلانىڭ ئافغانىستان ۋە پاكىستانلاردىكى شەرەپلىك ئىش-ئىزلىرىدىن ئارىيەلەر بېرىشتىن بۇرۇن، 1999 – 2000- يىلى بىشكەك ۋە ئالمۇتىلاردا قىلغانلىرى ھەققىدە كىچىككىنە دېتال بېرىۋېتەي: ئۇ بارغىلى جاي تاپالماي گاڭگىراپ قالغانلاردىن بىرنەچچىسى بىلەن، سودىگەرلەرنى تۇتۇپ كېتىپ، دۇمبالاپ پۇل ئېلىشقا باشلىغان: ئاۋال خىتاي بايرىقىنى دەسسەپ تۇرغان ھالدىكى سۈرىتى تارتىلغان، ئاندىن تەھدىت سېلىنىپ: «ئەگەر بىز دېگەن پۇلنى ئەكەلدۈرۈپ بەرمىسەڭ ھەمدە بۇ يەردە بولغانلارنى بازارغا قايتقاندا سۆزلەپ يۈرىدىغان بولساڭ بۇ رەسىمنى خىتايغا ئەۋەتىپ بېرىمىز!» شۇنىڭ بىلەن سودىگەرلەر ئۇلارنىڭ دېگەن پۇلىنى بېرىپ قۇتۇلۇشقا مەجبۇر بولغان! بۇ ئاددىي ھالدا پۇل «قويمىچىلىقى»مىدى؟ ياق! بۇ ئىشلار «ئىنقىلاپ» نامىنى سۇئىئىستىمال قىلىپ تۇرۇپ بىجىرىلگەچكە، بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولاتتىكى، ئىنقىلاپچىلار بىلەن خەلقنىڭ ئارىسىدا ئۆچمەنلىك شەكىللىنەتتى؛ خەلق «ئىنقىلاپچى» دېسە «ھۆ!» دەيدىغان ۋەزىيەت يارىتىلاتتى! بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ۋە ئىنقىلاپچىلىرى قوللاشتىن ھەمدە ئىقتىسادىي ئاساستىن مەھرۇم قىلىناتتى! بۇ ناھايىتى سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن، ئەلۋەتتە!

خۇددى شۇنداق قىلىقنى ئىلگىرى ئابلىمىت تۇرسۇن ئالمۇتىدا

www.uyghurkitap.com

قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەرلىك ئۇيغۇر، قازاق، ھەتتا رۇس ۋە يا شۇنىڭدەك ئاقلاردىن تەشكىل تاپقان بىر مافىيە (قارا قول) گورۇھى بولغان. ئۇلار بىلەن تاپقان پۇل مەلۇم نىسبەتتە بۆلۈشۈلگەن ئىدى. تەبىئىيكى ئۇ زامانلاردا ئابلىمىت بۇنى «ئىنقىلاپقا پۇل ئىئانە قىلغىلى ئۇنىمىغان خەسىس بايلار ۋە مۇناپىق بايلار» دەپ ئىزاھلاپ ئالدامچىلىق قىلغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇلار ئۇرغان سودىگەرلەردىن بەزىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى خەۋەردار كىشىلەر مەلۇم قىلىشقان ۋە لەنەت ئېيتقانىدى.

مەمتىمىن ھەز... بۇ كالتەكچىلەر ئەترىتىدىكى رۇسلارنىڭ سالاھىيىتىدىن گۇمانلانماسلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلارنى ئىسلامغا كىرگەن قىلىپ تونۇشتۇرغان ئىدى. بۇ ئەترەت يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈش، بەزى كەسكىن مەيدانغا ئىگە، ئامما ئارىسىدا نوپۇزى بار ئىنقىلاپچىلارنى يوقۇتۇش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ قوللۇنۇلغان ئىدى. مافىيە گورۇھىدىن پايدىلىنىپ، بىرمۇنچە ئىنقىلاپچىلارنىمۇ دۇمبالىغان، ئۆلتۈرگۈزگەن ئىدى.

ئاتالمىش بىرى «دېموكراتچى»، بىرى «ئىسلامچى» بولمىش بۇ «تەرەپلەر»نىڭ ھەر ئىككىسىدە كۆرۈلىدىغان ھەيران قالارلىق ئوخشاشلىقلار ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى كەلگۈسىدە كۆپچىلىككە سۇنىدىغان بولغىنىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز.

يەنە بىر موھىم خادىم، مەشھۇر شەخسلەردىن بىرى ئىسمائىل.

ئىلگىرى سىياسىي سەۋەپ بىلەن تۈرمىگە كىرگەن. ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئىشتا باشلامچى بولسىمۇ، تۈرمىدىن تېزلا قويۇۋېتىلگەن؛ ئەمما ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى 18 يىلدىن مۇددەتسىزگىچە قاماقتا ھۆكۈم قىلىنىپلا قالماي، بەلكى بەزىلىرى ئۆلۈم جازاسىغىمۇ ئۇچرىغان.

بۇ ئىسمائىلنىڭ كەچۈرمىشلىرىدە مۆجىزىۋي ئوك كېلىش كۆپ بولىدىغان، «پېشانىسى ئوچۇق» بىرسىدى. ئاخىرقى مەزگىللەردە يەنە بىر چۆچەككە ئوخشاپ كېتىدىغان، ھەتتا دەل چۆچەك ۋەقەلىكىدەك بىر كەچمىشى دىققەتنى قوزغايدۇ:

ئۆرۈمچىلىك بىرنەچچە قىز (ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىكەن) ئافغانىستاندىكى ئىنقىلاپ بازىسى ۋە ئۇ يەردە ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، كەلگۈسىمىز ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلىۋاتقان «داھىلىرىمىز» ۋە «گېنېراللىرىمىز» ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن تەسىرلىنىپ، ئۆزلىرىنى شۇلارغا بېغىشلاش، شۇلارنىڭ «تەرىتىگە سۇ بېرىپ» ھەم ساۋاب ئېلىش، ھەم ئىنقىلاپقا شۇ ئارقىلىق ھەسسە قوشۇش ئۈمىدىدە پاكىستانغا چىقىدۇ.

شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئىسمائىلغا ئۆزىنى بېغىشلاپتۇ. بۇ غايىپ نىكاھتىن ئۇلارنىڭ بالىسىمۇ بولىدۇ. ئىسمائىلنىڭ قېيىنى ئاتا- ئانىسى پات- پات چىقىپ بۇلارنى يوقلاپ تۇرىدۇ؛ ئىسمائىل ئۇلارنى ھەجگە ئەۋەتىدۇ (گەرچە تىجارەت قىلمىسىمۇ ئۇنىڭدا يېتەرلىك پۇل بولىدۇ).

بۇ «ئىنقىلاپ بازىسى» ۋە ئۇ يەردە پائالىيەتتە بولىۋاتقان داھىلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار خىتاي ئەجەبا بىر ئىنقىلاپ يولباشچىسىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان قىزنىڭ ئاتا- ئانىسىغا بۇ قەدەر كەڭچىلىك قىلىپ كەتكىنى كىشىنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئىنقىلاپنىڭ بۇ قانىتى ياكى بىر «توپلانما چېدىرى» (ئىسلامچىلار)، مەمتىمىن ھەز...نىڭ «توپلانما چېدىرى»نى تىرە- پىرەڭ قىلىپ تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆز ئىچىدىن بۆسۈلۈدۇ. مەخسۇمنىڭ بىكاردىنلا توپنى تۇتۇۋۇپ تۇرىدىغانلىقى، ھەم ئىش قىلماي، ھەم ئىش قىلدۇرمايدىغانلىقى ئاڭلىشىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادا- جۇدا بولۇش باشلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىسمائىل بىر توپ بېشى بولىدۇ (ئابدىقادىر بىر توپ بېشى، مەخسۇم بىرى، ئابلا ئاۋال مەخسۇمنىڭ توپىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىدۇ، كېيىن ئايرىلىپ ئايرىم توپ بولىدۇ).

بۇ توپلار پاكىستاندا ئىككىنچى قېتىملىق «ئىچكى ئۇرۇش»نى باشلاپ، بىر- بىرلىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ، قوراللىق ئەسكەرلىرى بىلەن بىر- بىرلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىغا ھۇجۇم قىلىشىدۇ. نەتىجىدە بىرقانچە بىگۇناھ «خۇدا ئۇرغان» بۇ ئىچكى ئۇرۇشتا ئۆلىدۇ. مەسىلەن: 1998-يىلى

12- ئايدا بىشكەك تۇرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئاقسۇلۇق قۇربان ياسىن شۇ قۇربانلارنىڭ بىرى.

(جامائەتكە كۆرۈنۈشكە يۈزى يوق، «شەيتان» دەپ شەرەپلىك نام ئېلىپ، تۈركىيەدە يوشۇرۇن ياشاۋاتقان ئابلا، رادىئو تەرىپىدىن ئىزدەپ تېپىلىپ زىيارەت قىلىنغاندا، لەقىمىگە مۇۋاپىق، مەخسۇم «سەبدىشى» ۋە «رەھبىرى»نى چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ئەسلەپ، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولغاندا، تېخى يېقىندىلا قىلىنغان ئىچكىي ئۇرۇش يادىغا يېتىپ يۈزىمۇ چىملىدىمىغان!)

ئىسمائىلنىڭ مەشھۇر سۆزلىرىدىن بىر ئۈزۈندە:

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە تەرەببازلىق ئېلىشىشلىرى بولۇپ، توپلار يېمىرىلىپ، «بولىدۇ»سى كۆتۈلگەن «ئىش» ئاساسەن بۇزۇلۇپ بولغاندا ئىسمائىل ئوچۇق قىلىپ شۇنداق دېگەن: «بۇ قېتىمقى ئىشنى بۇزۇۋېتەلىگەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن. ئەگەر ئىش بۇزۇلماي غەلىبە قىلىنىپ قالغان بولسا دېموكراتچىلار تەختكە چىقاتتى ئەمەسمۇ!» (دېمەك، خىتاينىڭ تۇرۇۋەرگىنى ياخشىراق!)

پاكىستاندىكىدەك ئىچكىي ئۇرۇش ئىلگىرى (1998- يىل) ئالمۇتىدىمۇ بولغان بولۇپ، ئابلىمىت تۇرسۇننىڭ مافىيە ئەترىدى شۇ چاغلاردا «ئىسلامچى»لار ئىچىدە گۆرۈ ھېسابىدا تۇتۇپ تۇرىلىۋاتقان ئابلەت نۇرنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى رازۇېد قىلىپ، سىرتىقىنى ئالغان ھامان ئۇ يەرگە قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بارلىقىدىن شۇبھە قىلىنغان ئۆينى ئوققا تۇتقان ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا تىجارەتچىلەر ئارىسىدا كوممۇنىست جاسۇسى دەپ بىلىنگەن ئادەملەرنى يوقۇتۇش ھەققىدىكى تەكلىۋىمىزگە «ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئىش چىقىرىپ قويساق، ئىشىمىزغا توسالغۇ پەيدا قىلىپ قويىمىز» يەنە بىر دېيىشتە: «بىرىنچى ئوقتا ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرىدىغان ئىش بولمىسۇن، خىتاينى ئۆلتۈرۈشتىن باشلايلى» دەپ قارشى تۇرغان مەمتىمىن ھەز...

نېمىشكە ئەمدى بۇ مافىيە ئەتىرىدىگە تايىنىپ ئابلەت نۇرنى ئۆلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ؟ (بۇ چاغ ئىلگىرى تۆرت مۇجاھىد ئابلىمىت تۇرسۇننىڭ ئۆيىدە سويۇپ، پارچىلىنىپ ئەخلەتلىككە كۆمۈلۈپ بولۇنغان، ئۇنىڭدىن باشقا دەسلەپكى كىچىك كاتتىۋاشلاردىن بىرى بولغان تۇرسۇنمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، جەسىدى يوقۇتىۋېتىلىپ بولۇنغان چاغ ئىدى) چۈنكى ئابلەت نۇر ئاتالمىش ئىككى تەرەپ بىرلەشكەندە ھەر ئىككى تەرەپ ئورتاق رازى بولۇپ باش لېدىرلىققا سايلانغان كىشى بولۇپ، دىنىي ۋە «دېموكراتىك» ساھەنىڭ ئورتاق ئېتىراپىغا ئېرىشكەن بۇ كىشى خىتايلارنى قايغۇغا سالغان. بۇنداق ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان بىرىنىڭ بولىشى خىتايلار ئۈچۈن چىداپ بولمايدىغان ئىش بولغاچقا ئۇنى يوقۇتىۋەتمەي خىتايلارنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيتى. مانا شۇ تەخىرسىز زۆرۈرىيەت ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچىلارنى قىستاپ، ئالدىراتقانلىقى مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى دۈشمەن دەپ تونۇتۇپ، كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ قەتلى قىلىنىشىنى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەمتىمىن ھەز... كەسپىي يالغانچىلىقىنى ئىشقا سالغان ئىدى.

مەن ئابلەت نۇرنىڭ دۈمبالىنىش ۋەقەسىگە بەك نارازى بولغانىدىم. ئۇ چاغدا مەمتىمىن ھەز...نىڭ بۇنى ۋەزىپە زۆرۈرىيىتىدىن قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچكە، يېنىكلىك بىلەن خاتا قىلدى دەپ قاراپ، بىر قېتىملىق تېلېفوندا ئۇنىڭغا بۇ نارازىلىقىمنى ۋە بۇنىڭ سەۋەبى(دىنىي ساھەنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولىدىغانلىق)نى ئېيتقانىدىم، ئۇ: «ئابلەت خىتايغا ئىشلەيدىكەن ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئىدى. مەن ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن: «ئىشەنمەيمەن!» دېگىنىمدە، ئۇ: «ئىشىنىپ قالىسىز، كۆرۈشۈپ قالساق دەلىلنى كۆرستىمەن، قولۇمدا ئىسپات بار» دېگەن بولسىمۇ يەنىلا ئىشەنمىگەن ئىدىم. چۈنكى بۇ، بۇ ئادەمنىڭ ھېساپسىز يالغانلىرىدىن

پەقەتكىنە بىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئاسانلىقچە ئىشەنمەس بولغانىدىم. ئۇنىڭ بۇنداق بىر «پاسكىنا يالغانچىلىق»[1]نى دادىل ھالدا قىلالىشىدىكى سەۋەپ، بىزنىڭ يۈز كۆرۈشۈپ قېلىش ئېھتىماللىقىمىزنى كەسكىن ھالدا يوق دەپ قارىغانلىقىدىن ئىكەن. چۈنكى ئۇ كېيىن «سەككىز كىشىلىك تازىلاش ئەترىدى» ئەۋەتىپ، مەن ۋە ماڭا ئوخشاش قاراشتىكىلەرنى يوقاتماقچى بولغان بولسىمۇ، بۇ شۇملۇقنى خېلى بالدۇر تونۇغرا پەرەز قىلىۋالغىنىم ئۈچۈن، مۆۋەپپەقىيەتلىك ساقلىنىپ قالدىم ھەمدە تېنچ ئامان ئىستانبۇلغا كېلىپ، باشقا ھېساپ كىتاپلار قاتارىدا – ئابلەت نۇرمۇ سورۇندا ھازىر ۋە ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ۋەكىللىرى ئالدىدا— ئابلەت نۇرنىڭ خىتايغا ئىشلەيدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتلىرىنى كۆرسىتىشنى سوراشقا نېسىپ بولغانىدى.

ئۇنى قىزىرىپ كەتتى دەمسىز؟ ياق، ئۇمۇ خۇددى خوجايىنلىرىغا ئوخشاشلا داپ يۈز بولغاچقا ھېچ قىزارماستىن «مەن ئابلەت قارى بىلەن ئايرىم كۆرۈشىمەن...» دېگەنىدى. مىڭلارچە ئەپسۇسكى، بۇ ھېساپ-كىتاپ يىغىلىشى ۋاقىت كەچ بولىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋاقىتلىق يىپىلغان، ئەمما بۇنىڭ پەقەت بىر باشلىنىش ئىكەنلىكى، داۋام قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئېيتىلغان بولسىمۇ، مەمتىمىن ھەز... ۋە ئابلىمىت تۇرسۇنلار روپاش خوتۇنلاردەك جامائەتكە كۆرۈنمەيدىغان بولغاچقا قايتا تېپىشقا بولماي، ئۇلارنىڭ رەسۋاسى شاھىدلار ئالدىدا ئوتتۇرىغا تۆكۈلمەي قالغانىدى.

ھەسەن مەخسۇمنىڭ يېنىدىكى مۇھىم شەخسلەردىن بىرى ئابدىمىجىت بولۇپ، بۇ كوممۇنىست ئىستىلاسىدىن كېيىنكى ئەڭ مەشھۇر مىللىي مۇناپىق، يۇقۇرى دەرىجىلىك ساقچى ئەمەلدارى ۋە مەشھۇر

---

[1] بەزى كىشىلەر يالغانچىلىقنى ئىككى تۈرگە بۆلگەن: ئوپۇل-توپۇللا كۆتى ئېچىلىپ قالىدىغان يالغانچىلىق «پاسكىنا يالغانچى»، ئۇزاق زامانغىچە يالغانلىقى بىلىنمەيدىغىنى «پاكىز يالغانچى» دېيىلىدىكەن، — ئا.

پوچۇركــا مۇتىخەسسىــسى مامۇتجــان(قەشــقەر ۋىلايەتلىــك ســاقچى باشقارمىــسىنىڭ باشــلىقى ئەمما نــازىر دەرىجىــسىدە مۇئامىلە قىلىنىــدۇ، پەقەت قەشــقەر ناھــايىتى مــوھىم بولغاچقــا ئــۇنى ســاقچى نــازارىتىگە— ئۆرۈمچىگە يۆتكەپ كەتمىگەن)نىڭ جىيەنى بولۇپ، بۇ كىشى مەخسۇمنىڭ يېنىغا تويلانغان بىچارە ياشــلارنىڭ ئــارخىپىنى تۇتۇشــقا مەسئۇل بولغــان (قــوزىلار بــۆرىگە ئامــانەت)! بالىلارنىــڭ ھەقىقىــي ئىــسىم پامىلىــسىنى ۋە يۇرتتىكى ئادرېسىنى بىلىدىغان بىردىن- بىر ھوقۇقلــۇق كىــشى بولغــان! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۇرتقا قايتقانلىكىسىنىڭ چېگرىدىن ئۆتىۋېلا تۇتۇلــشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بۇ ئابدىمجىت ھەققىــدە كىچىكىــنە قىــستۇرما: ئــۇنى ئىــشەنچلىك كۆرسىتىش مەخسىدىدە ئۇنى مەشھۇر مۇجاھىــد، 22يىــل تاجاۋۇزچىلارنىــڭ تۇرمىــسىدە ياتقــان ئەبەيــدۇللا دامــوللىنى «چەتــئەلگە ئېلىــپ چىققــۇچى» سۈپىتىدە سەھنىگە چىقارغان. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەبەيدۇللا داموللىنى چەتــئەلگە ئېلىــپ چىقىنىغــا قــاراپلا، ئۇنىڭغــا ياخــشى كــۆزدە قاراشــقا باشلىغان(ئۇيغۇر ساددىلىقى!).

ئەمما، ئابدىمجىتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلگەنلەر بىــر ئــاز شۈبھە بىلەن داموللىدىن سورىغان:

— داموللام، ئابدىمجىتكە ئىشىنەملا؟

—ئەگەر جىھاد بولۇپ، ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا دۈشمەنگە قارشى جەڭگە كىرسە ۋە دۈشمەننىڭ ئوقىدا ئۆلسە، مەن بــۇنى ئــۆز كــۆزۈم بىــلەن كۆرسەم ئاندىن ئىشىنىمەن، —دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىر قىسىم «تېرورچىلىرىمىز» ھەققىدە لەتىپىلەر(2)

## ئاجايىپ «ئەپۇچان»لىق

ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بىر نۇقتا شۇكى بەزى ئاتالمىش «ئۇيغۇر تېرورىستلىرى»نىڭ ئۆز ئارا تەسەۋۋۇر ھالقىغان «ئەپۇچانلىق»ى بولۇپ، بۇ بىنورمال ئەپۇچانلىقمۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىدىن بىر تىپتىن، بىر قوماندانلىقتىن، بىر تايىپتىن ئىكەنلىكىنى دەلىللىمەكتە.

ئوتتۇرا ئاسىيادا پائالىيەتلەر تازا قىزغىن جۇش ئۇرۇۋاتقان زامانلاردا تۇيۇقسىزلا بىر پىتنە بازارغا چىقتى: ئۇ بولسىمۇ مەمتىمىن ھەز...نىڭ ئەخلاقىي چىرىكلىكى ھەققىدە بولۇپ، مەن بۇنىڭدىن بەك جىددىيلەشتىم ۋە مۇشۇنداق ھالقىلىق بىر زاماندا بىر لىدىرنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ناھايىتى چوڭ دۈشمەنلىك ھەركىتى بولۇپ، تەشكىللىنىشنىڭ شەرتى بولغان نوپۇز سۇندۇرۇلسا، خۇددى «دەرەخ يىقىلسا مايمۇن تۇزۇپتۇ» دېگەن ئاقىۋەتكە ئېلىپ باراتتى. شۇڭا، ئاران مۇشۇنچىلىك روياپقا چىققان تەشكىللىنىشنىڭ تېزلا تېرە- پېرەن بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇنى جىددىي سۈرۈشتە قىلدىم. بۇ پىتنىنى تارقاتقۇچى رېئال شەخسكىچە كوچىلاپ، بۇنى مۇناپىق ساتتارھاجى تارقاتقانلىقىنى، ئارقىسىدا ئابدۇللاقارى(شەيتان ياكى تەخەي) بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭمۇ ئارقىسىدىكى قوماندان ھەسەن مەخسۇم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدىم.

ساتتارغا «غىت قىسىش» ھەققىدە ئاگاھ بېرىش بىلەن بىرگە، بۇنىڭ زىيانلىرىنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش ھەققىدە ئۆز ئىچىمىزدە باش قاتۇردۇق. گەرچە بۇ شەخسنىڭ ئىناۋىتى مەسىلىسىدەك قىلسىمۇ، بۇنداق بىر پەيتتە بۇ ئىنقىلاپنىڭ تەقدىرىگە چېتىشلىق جىددىي مەسىلە ئىدى. بۇ سۆز- چۆچەكلەرنىڭ راستلىقىنى دەلىللەيدىغان ھۆججەتلەر بولغان تەقدىردىمۇ! مۇشۇ مەزگىلدە تاشكەنتكە يېتىپ كەلگەن مەمتىمىن ھەز...گە بۇ ھەقتە ئاڭلاتتىم. ھەتتا بۇنىڭغا قىلچىلىك بىخەستەلىك ۋە يۇمشاقلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە قارىشىمنى بىلدۈردۈم.

كېيىن ئۇ ساتتارنى ئەمەس، بۇ پىتنىلەرنى ئاساس بىلەن تەمىنلىگۈچى ھۆسەيىننى (بۇ يىگىت پىشقەدەم ئىنقىلاپچىلىرىمىزدىن ئابلىمىت راشىدىنىنىڭ ئوغلىكەن، كېيىن مەمتىمىن ھەز...نىڭ ئالمۇتىدىكى تىجارەت ئىشلىرىدا ياللىنىپ ئىشلىگەن ئىكەن) كۆزدىن يوقۇتۇش ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغان ئىكەن، بىراق، قاتىللارنىڭ يارىماسلىقى تۈپەيلى بۇ تازىلاش ئىشقا ئاشۇرۇلمىغان. كېيىن ئالمۇتىدا ئابدۇللا شەيتان شۇنچە ئوبدان يامپاشقا چىققان بولسىمۇ، مەمتىمىن ھەز...نىڭ رۇخسەت قىلماسلىقى تۈپەيلى بۇنداق بىر زىيانداش داۋاملىق ياشاپ قالدى. ئەسلىدە ئابدۇللا شەيتانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، مەمتىمىن ھەز...نى راسا ئۇچۇرۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىكەن، داھىيلىق شىرىن چۈشىنى ئۇخلىماستىنلا كۆرۈشكە باشلىغان بۇ ئادەم قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئېرىپ كەتكەن ئىكەن.

شۇ قېتىم بارلىق كىچىك كاتتىۋاشلار، ئۇششاق «شودۇيجاڭ»لار ئالمۇتىغا توپلانغان ئىدى. مەن بۇنداق توپلىنىشتا چوقۇم ناھايىتى موھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش بولسا كېرەك دەپ كۈتكەن ئىدىم. مىڭلارچە ئەپسۇسكى، بۇ ئادەم كىچىچە ئۇخلىماي ھازىرلىغان ھەسەن مەخسۇمنىڭ جىنايەتلىرى ۋە شۇملۇقلىرىغا ئائىت بارلىق ئاڭلىغانلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. بىر نەچچە مەملىكەتتىن كېلىپ ئالمۇتىغا توپلانغان بۇ

www.uyghurkitap.com

ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا قىلىنغان بىردىن بىر ئىشنىڭ بۇنداق بىر شىكايەتتىن ئىبارەت بولىشى خېلى كۆپ كىشىنىڭ كۆڭلىگە شەك، ئۈمىدسىزلىك، ئىشەنچسىزلىك ئۇرۇقىنى چاچقانلىقىدا گەپ يوق.

ئۇ قەدەر بىر- بىرىنى كەچۈرمەيدىغان بۇ ئىككى رەقىپ، خېلى ئۇلۇغ كېلىپ تۇرسىمۇ بىر- بىرىنىڭ «كۆزىنى چوقىمىغانلىقى» ئەمەلىيەت بولغاندىن باشقا، بۇگۈنگە كەلگەندە ئۆز ئارا قول سىقىشقانلىقى—خۇددى سەھنىدە «دۈشمەن» «پارتىزان» روللىرىنى ئالغان ئارتىستلارنىڭ، ئويۇن ئاخىرلىشىپ، پەردە چۈشكەندىن كېيىنكى ۋەزىيىتىنى ئەسلىتىدۇ: بىر سەنئەت ئۆمەكىنىڭ خىزمەتچىلىرى! ياكى قەدىمقى چۆچەكلەردە ئۈچ- ئۈچلۈك فورمىدا «ئۈچ ئاكا- ئۇكا بولغان ۋە دادىسىنىڭ تاپشۇرىقى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، بىر يول ئايرىشقا كەلگەندە بىرسى ‹بارسا كېلەر› يولغا، بىرسى ‹بارسا كەلمەس› يولغا، ئۈچىنچىسى ‹بارسا يا كېلەر، يا كەلمەس› يولغا ئايرىلغان ۋە ۋەدىلىشىپ، كىم بالدۇر كەلسە ئاشۇ ئاچالدا ساقلايدىغان بولۇشقان»غا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەمدى ئاچالغا قايتىپ كېلىپ، بىرلىشىدىغان بولغاندا، گەرچە ھەسەن ئارىلىرىدا بولمىسىمۇ ئۇنى بار دەپ بىلىپ، سېغىنىچ بىلەن ئەسلەيدۇ:

مەمتىمىن ھەز... يېقىندا ئۆزى باستۇرغان «شېئىرلار» تويلامى — «مېنىڭ ئاشىقىم» (ماڭا كۆيۈپ قالغان ئەر) نىڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇندىن ئۇزاق بىر «شېئىر»دا ھەسەن مەخسۇمنى ھەۋەس بىلەن ئەسلەيدۇ. تارىختىكى قەھرىمانلارنىڭ ھەممىنى ساناپ چىقىشقا بېغىشلانغان بۇ «شېئىر»دا ھەسەن، زامان تەرتىپى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى رەتتە تىلغا ئېلىنىپ، شۇنداق «ئوتلۇق مىسرالار» دىققەتنى تارتىدۇ:

يەر-كۆكنى تىترىتىپ تانكىلار سىپپى
ئۇزاقتىن يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ.
تانكا ئۈستىدە،

ھەسەن مەخسۇم كۆرۈندى ئەنە،
ھارغىن ئەمما خەلقىنى كۆرۈپ
كۆزىدە تەبەسسۇم ئويناۋاتىدۇ.

بۇنىڭدا بىر ئۆمەكنىڭ ئارتىستلىرى بولۇشتىن باشقا، يەنە، مەمتىمىن ھەز... قايتا ئوتتۇرىغا چىقىش ۋە يەنە بىر قېتىم خەلقنى ئالداش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا دۇچ كېلىدىغان مۇقەررەر بىر توسالغۇنى ئېلىپ تاشلىماقچى بولىدۇ: ئىلگىرى ھەسەن تەرەپ بولۇشقان ۋە مەمتىمىن ھەز...گە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان تالىپلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ: «بۇ ھەجەپمۇ كەڭ قورساق ئادەمكەنا، شۇنچە يامان گېپىنى قىلغان ئادەمنى مەدھىيىلەپتا...» دېيىشىنى تاماھ قىلغان. ئەمما ئۇ خەلقتە پەيدا بولغان نەپرەتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەن.

بىر قاراشتا ناھايىتى ئاداۋەتتى قاتتىق بولغان مەمتىمىن ھەز... نىڭ ئەپۇچانلىقى بۇلا ئەمەس. ئابدۇللا شەيتان ئىستانبۇلغا كەلگەندە شۇ يەردە ئۇنى ئەدەپلەش تامامەن مۇمكىن بولسىمۇ، يەنىلا كەچۈرىدۇ.

1997- يىلى قىشتا تاغ تۇراغا ئەۋەتىشكە ھازىرلانغان بىر توپ ياش ئىچىدە بىر جاسۇس بايقىلىدۇ، ساختا ئىسمى(؟) بىلەن غالىپ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مۇناپىق تۇتقۇن قىلىنىپ قاماپ قويۇلىدۇ. كېيىن ئۇ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ دەل ئادىل قىرغىز[1] قاراۋۇللۇق ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە،

[1] ئادىل شۇ ۋاقىتتىكى ساختا ئىسمى بىلەن ئالىم قىرغىز (ئىلگىرى تورغات ئېغىزىدا ساقچى بولغان)، ئۇ ئالمۇتىدىكى كىشىنى شۇركەندۇرىدىغان ۋەھشىيلەرچە قاتىللىق ۋەقەسىدىكى موھىم قاتىللارنىڭ بىرى، شۇنداقلا تۇرسۇن (بىر مەزگىل سۇرىيىدە ئوقۇغان)نىڭمۇ قاتىلى، شۇنداقلا قەشقەردىن بىشكەككە چىققان نامەلۇم بىر كىشىنىڭمۇ قاتىلى. كېيىن ئۇ مەمتىمىن ھەز...نىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن تۈركىيىدە ياشىغان. ھەم شۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى—م. ھەز...نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مالىيە ۋەزىرلىرىدىن بولغان سەيفۇللا پامىرنىڭ يوللىشى بىلەن تۈركىيىدىن كاناداغا يولغا سېلىنغان.

www.uyghurkitap.com

ئادىلنىڭ «غەپلەت بېسىپ» ئۇخلاپ قېلىشى سەۋەبىدىن قېچىپ كەتكەنىدى. مانا شۇ مۇناپىق كېيىن يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن ئوغۇرلۇقچە سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئالمۇتىغا كېتىۋاتقاندا تەكرار بايقالغان ۋە ئىزنىغا چۈشۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەمتىمىن ھەز...نىڭ رۇخسەت قىلماسلىقى تۈپەيلى، بولدى قىلىنغان ئىدى! بۇ «لېدىر»: «بۇ ئىشنى كۆپ ئادەم بىلىپ كەتتى، شۇڭا ئەمدى ئۇنىڭغا قول سېلىشقا بولمايدۇ»[1] دېگەننى باھانە قىلغانىدى .ئەمما دۇرۇس ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشتىكى ئىككىلەنمەسلىكى بۇ تۇتۇمى بىلەن رەپ كەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈشتە ئەڭ ئاكتىپ ھەركەتتە بولغان مۇناپىق ساتتارھاجى تۈركىيەدە ياشاشقا كەلگەنلىكىنى بىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىنكاستا بولمىغان، ئەمما ھەدەپ بىزنى يوقۇتىۋېتىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدىغان تەھدىتلەرنى(گەرچە پوققا يارىمىسىمۇ) توختاتمىغان ئىدى. بىرىنىڭ: «ئاشۇنچىلىك ئىمكانىڭىز بولغاندىكىن، ساتتارنى يوقىتىۋەتسىڭىز بولمايتىمۇ؟» دېگەن سۆزىگە جاۋابەن مەمتىمىن ھەز...: «ماڭا شۇنى قىلىشقا ئىمكان بەرمىدىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېگەنىدى. بۇ دېگىنى، «سىلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادا يوقىتىۋېتىش ئۈمىد قىلسام، ئۆلمەي، بۇ يەرگە سالامەت كېلىپ، مېڭەمنى ئېلىشتۇرىۋەتتىڭلار، شۇنىڭ بىلەن، ئويلىغانلىرىم ئاستىن- ئۈستىن بولۇپ كېتىپ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق، قولۇم ئىشقا بارماي قالدى...» دېگىنى ئىدى.

---

كېتىش ھارپىسىدا تۈركىيەدە نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشى قېيىپ يۈرگەن ياشلارغا ئۆزىنىڭ غەرپ دۆلەتلىرىگە كېتىدىغان بىر يول تاپقانلىقىنى، ئەگەر قىزىقسا ئالدىن مىڭ دوللاردىن پۇل بېرىشنى، ئەمما ھېچقانداق ئادەمگە تىنماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، بىر-بىرىگە ئۇچراشتۇرماي ئالتە يىگىتتىن ئالتە مىڭ دوللارنى قويۇۋەتكەچ كېتىپ قالغان. ئەمما ھازىر دېرىكى يوق.

[1] غالىپ كېيىن ھەسەن مەخسۇمنىڭ قوشۇنىغا بېرىپ قوشۇلغان، ئۇ يەردە دىنىي كېڭەش ھەيئىتىمۇ، بىر ۋەزىپىدە بولغان ئىكەن. غالىپنى تۇنجى قېتىملىق سوراقتا مەن سوراق قىلغانىدىم. ئۇنىڭ قىل سىغماس خىتاي ئاگېنتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەپسىلىي ئەسلىمىدە توختۇلىمەن.ھازىر ئۇ نورۋېگىيەدىكەن،— ئا.

ساتتار تۇركىيەدە ماكانلىشىۋاتقان، خىتايدىن مال كەلتۈرۈپ تىجارەت قىلىۋاتقان كۆنلەردە، ئازاربەيجاننىڭ باكۇ شەھرىگە «خىتاي بازىرى» ئاچقان مەمتىمىن ھەز... بازارنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە غوللۇق تىجارەتچىگە ئېھتىياج ھېس قىلىپ، ساتتارنى ئېھتىرام بىلەن باكۇغا كېلىپ تىجارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؛ ساتتار باكۇنىڭ قاتناش مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ تىجارەت كۆلىمى ئۈچۈن ئۇيغۇن كۆرمەي، بېرىشنى رەت قىلىدۇ.

مانا شۇ ئەيۇچان ئادەمنىڭ چەتئەلدىكى باشقا تەشكىلاتلارنى يارىماسلىقتا ئەيىپلەپ، كۆزىگە ئىلماسلىقلىرىنى ئاۋۇلارنىڭمۇ ئەيۇچانلىق بىلەن ئۇنتۇپ، ئۇنى پېتىۋاتقان ۋە توختاغلىق قېيىقتا كاپىتانلاردىن بىرى بولۇشقا چاقىرغانلىقى بۇ ئاجايىپ «كۇي»نىڭ «ئەۋجى» بولۇپ قالدى.

ئاشۇ ئەيۇچان «لېدىر»نىڭ ئالمۇتىدا (سۇرىيىدە ئوقۇغان، غۇلجىلىق) تۇرسۇننى شەخسىيىتى تۇپەيلى كەچۈرمەستىن ئۆلتۈرگۈزگەنلىكىنى، ئابلىمىت تۇرسۇننىڭ گۇمانلىق تەرەپلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى تەكلىپ قىلغىنى ئۈچۈنلا كەچۈرەلمەي، تۆرت يىگىتنى ئۆلتۈرۈپ پارچىلىۋەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلار، بۇ ئەيۇچانلىقتا ھەيران قالماي تۇرالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بەزى «تېرورچىلىرىمىز» ھەققىدە لەتىپىلەر(3)

## «تېرورچىلىرىمىز»دىن خىتايلارغا يېڭى دەلىل تەمىنى

بەلكىم كۆپچىلىكمۇ ماڭا ئوخشاش چارلېس چاپلىنىنىڭ كىنولىرىغا ئامراق بولسا كۆرگەنلەر كۆپتۇر. بىر فىلىمىدە چاپلىن ئەينەك سېلىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھەمىشە خېرىدار بولۇپ بەرمىگەنلىكىدىن كىرىمى ئاۋۇمىغان بولىشى كېرەك، ئەقىللىق كالللىسىنى ئىشلىتىپ، بۇنىڭمۇ چارىسىنى قىلىدۇ: بالىسى ئالدى بىلەن تاش ئېتىپ ئەينەكلەرنى چېقىپ كېتىدۇ، ئارقىدىن چاپلىن سۇنئىي يارىتىلغان خېرىدارلارغا مۇلازىمەت سۇنۇپ، ئەينىكىنى دۇمبىسىگە يۈتكەن ھالدا يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشى خېلى قاملىشىدۇ.

بىزنىڭ قەدىرلىك خىتايلارمۇ چاپلىن مېتودى بىلەن شۇنداق قىزىق ئىش قىلدى. بىزنى تېرورچى دېيىشتىكى باھانىلەر دىققەتنى تارتالمىغاچقا، خەلقئارا سورۇنلاردىكى جار سېلىشلىرى تازا تو يېمىگىلى تۇرىۋىدى، ئۇلارمۇ «بالىلىرىنى ئىشقا سېلىش»نى توغرا كۆرگەن بولىشى كېرەك. بۇ «چاققان بالىچاقلار» دەرھال ئىشقا كىرىشىپ، خىتايلارغا كېرەك بولىۋاتقان «ئۇيغۇر تېرورچىلىرى»غا ئائىت يېڭى «دەلىل»نى سۇندى:

خېلى يامان ئەمەس دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان بىر تور بېتىدە (بۇ تور بەتنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىكىن؟) مەمتىمىن ھەز...گە ئائىت بولغان ۋە شۇ ئانلاردا ئۆزى ۋە ئابلىمىت تۇرسۇندىن ئىبارەت ئىككىلا داھى ھەم ئەزادىن مۇتەشەككىل بولۇپ قالغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ «تەڭرىتاغ ئارسلانلىرى» (ياشلار تەشكىلاتىمىش، ھەيۋەتلىك ئاتلارنى تاپالىشىدىكى ئېپىنى قاراڭلار!) نامىدىن بېرىلگەن غەلىتە بايانات(؟) ياكى ئۇختۇرۇش(؟) ئەيتاۋۇر نېمە دېسە مۇۋاپىق بولىدىكىن — مانا بۇ بىخىللارچە، پىتكۆزلۈك بىلەن دادىسىغا سۇنۇلغان يېڭى دەلىلدۇر. ئالدى بىلەن نېمىشكە «بىخىللارچە» دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى ھەققىدە بىرنەچچە كەلىمە ئېنىقلىما بېرىپ كېتەي:

سىياسىي بىر خىل ئويۇندۇر. ئۇ بەزىدە ئۇستا شاخمەتچىنىڭ ئويۇنىغا، بەزىدە ئۇستا ئارتىسنىڭ سەھنە ئەسىرىدىكى ئويۇنىشىغا ئوخشاش. ھازىرقى زاماندا تاماشىبىنلارنى قاتتىق جەلپ قىلىش، ئويۇننىڭ چىنلىق تۈسىنى قويۇق بەرمەك ئۈچۈن، بەزىلەر تەۋەككۇلچىلەرنى سېتىۋېلىپ، بەزى خەتەرلىك روللارنى رەسمىي ئويناتقىنىدەك، سىياسىدىمۇ بەزى «ئويۇنلار» كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قۇربان بېرىش ھېسابىغا، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى چالغىتىپ، رەسمىي ئىشەندۈرۈش غايىسىگە يېتىدۇ. مەسىلەن: خىتاي ئىلگىرى بىشكەكتە ئىككى پەردە مۇشۇ خىل ئويۇننى ئوينىغان، بىر قېتىمدا قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقى تاشقىي ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر غۇلامنى تولۇق قۇربانلىق قىلىش، باشقا ئىككى غالچا ساقچىنى يېرىم قۇربانلىق قىلىش ھېسابىغا قانلىق بىر سەھنە كۆرۈنۈشىنى «تاماشىبىنلار»غا سۇنغانىدى؛ يەنە بىر قېتىمدا كېيىنكى تۈگىگەن قېرى بىر سابىق دىپلوماتنى قۇربان قىلغانىدى.

بۇ قېتىمقى چۈپەيلىك بەلكىم خىتاينىڭ ئۆزىگىلا خاس چۈپرەندىلىكى، كۆزى كىچىكلىكىدىن بولغان بولىشىمۇ مۇمكىن؛ يەنە بىر تەرىپى بولسا، خىتاي پۇخرالىرىنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا،

www.uyghurkitap.com

ئەگەر بىرەر قانلىق سەھنە يارىتىلسا، قورقۇنچاق خىتايلار «ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىكەن ئەمەسمۇ، سەل قاراشقا بولمايدىكەن» دەپ قورقۇپلا تۇرىدىغان بولۇپ قېلىشى، خوجايىنلىق روھى بىلەن ئۆزىنى تۇتماستىن، بىچارە كەلگىندىدەك روھى ھالەتتە تۇرىدىغان بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، خىتايلار بۇ قېتىم پەقەتلا تور بېتىدە بىر قانلىق مەنزىرىدىن بىشارەت بېرىشتىن ئىبارەت چۈپرەندە بىر دەلىل ئىشلەپچىقىرىش بىلەنلا قانائەتلەنگەن. بۇ غەلىتە ئۇختۇرۇشنىڭ ئاتالمىش «ئاپتونوم رايون» قۇرۇلۇش خاتىرىلىنىدىغان پەيتتە ئېلان قىلىنىشى دىققەتنى تارتىدۇ. بارلىق تېنچ ئاھالە بىلەن بىرلىكتە، بارلىق «ئوبدان خىتايلار»نىڭمۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى، بولمىسا پارتىلىغۇسى بومبىنىڭ چاچراندىلىرى تېگىپ كېتىپ قېلىش ئېھتىماللىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا بېغىشلانغان بۇ ئاجايىپ «ئۇختۇرۇش»نىڭ يەنە باشقا دىققەتكە ئەرزىيدىغان تەرەپلىرى بارمۇ؟

بار، ئەلۋەتتە. خىتاي رابىيە قادىر خانىمنى «تېرورچى» قالپىقى بىلەن سەتلەشتۇرۇپ، خەلقارا جامائەتچىلىكنى سەسكەندۇرمەكچىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەلىلنى قانداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى بارىدى. يەنە بىر ئېھتىماللىقمۇ بارىدى: بۇ ئاتالمىش «ئەللىك يىللىق»نى تەبرىكلەش مەزگىلىدە بىرەر ئۆپكىسى تاشقان تەلۋە ئۇيغۇر بىرەر ۋەقە تۇغدۇرۇپ قېلىش ئېھتىمالى! ئۇ ھالدا بۇ تەلۋىنىڭ قىلغان ئىشىنى قانداق قىلىپ رابىيە قادىر خانىم بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۇرۇش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىنىمۇ نەزەردە تۇتقاندا تەبىئىي ھالدا شۇنداق بىرلا ئىشنى قىلىش كېرەك بولاتتى:

دەلىل، مەتىمەن ھەز...گە ئالاقىدار بىر مەنبەدىن تەمىن ئېتىلسە، مەتىمەن ھەز... بىلەن رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئاتالمىش دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يىغىنىدىكى ئۇچلۇك ئايرىم كۆرۈشمىسى بۇ يىپنى بىر- بىرىگە چېتىشنىڭ ياخشى دەستىكى بولالايتى. رابىيە قادىر خانىمنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر

قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن يىغىنغا زورۇقۇپ چاقىرىلىشى؛ بۇ يىغىنچىلارنى ھېچقاچان ياراتمايدىغان مەتىمىن ھەز...نىڭ تۇنچى قېتىم بۇنداق بىر يىغىندا «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك، ئەسكى تامدىن ھوشۇر چىققاندەك» پەيدا بولىشىمۇ، ئاشۇ يېشىمنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەمىن ئېتىدىغان ئالدىنقى «پەردىلەر» ئىدى!

مۇشۇنداق بىر «دەلىل»نى كۈتۈپلا تۇرغان خىتاي ئالمان ـ تالمان بۇ ئاجايىپ «دەلىل»نى ئاغزىنى تولدۇرۇپ تىلغا ئېلىپ، خەلقئارا سورۇنلارنى بېشىغا كېيىشى بۇ سەھنە ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى ئىدى.

بۇ غەلىتە ئۇختۇرۇش پەيدا بولغان چاغدىكى بۇ تەھلىلىم بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە تەككەن ئىدى. يەنى، ۋەتەن قايغۇسى بىلەن ھەسرەتلىنىپ يۈرگەن بىر ۋەتەندىشىم بۇ ئۇختۇرۇشنى كۆرۈپتۇ ۋە ھاياجانلانغان ھالدا بۇنى ماڭا يەتكۈزدى. ئۇ «تەبرىكلەش تازا قىزىغان» مەزگىلدە بىرەر چوڭ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن تاماھتا بولۇپ قالغان ئىدى. مەن دېدىم: بۇ بىر خىل ئويۇن، يا ئىلگىرىدىنراق باشلانغان ئويۇنلارنىڭ داۋامى، يا يېڭى بىر ئويۇننىڭ باش قىسمى. توختا مەن بىر ئويلىناي،... كېيىن دەل بۇ ماقالىدە يازغانلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ چاغدا بۇ قېرىندىشىم ماڭا بىر خىل دۈشمەنلىك نەزىرىدە قاراپ قويدى. ھەممىنى ئىنكار قىلىپلا تۇرىدىغان بىر ئاداشكەن، دەپ ئويلىغان بولىشى كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى بىر ئاز بولسىمۇ بوشىتىپ قويماقچى بولۇپ، ئاساسلىرىمنى سۆزلىدىم. ۋە دېدىمكى، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ، مەتىمىن ھەز...نىڭ بۇنداق بىر «كومسومول»غا تەقلىد ياشلار ئەتىرىدى يوق، بولسا بولسا ئابلىمىت تۇرسۇن بىلەن ئىككىسى قالغان ئەھۋالدا؛ خانىملىرى بىلەن قىلامدۇ بۇنى؟ سەھنىدىكى ھەزىلكەشلىك بولسىغۇ، ئابلىمىت بۇنى خانىمى بىلەن ئورۇنداپ كېتەلەيتى، ئەمما بۇ ۋەتەننىڭ ئىچىدە بولماقچى قانلىق بىر ئىش،... ئۆز ۋاقتىدا ئورتا ئاسىيا تازا قىزىغان مەزگىلدىمۇ قىلالمىغان بىر ئىشنى، ئەمدىلىكتە «روپاش خوتۇندەك» جامائەتتىن يوشۇرۇن ياشايدىغان

مەمتىمىن ھەز... كىم بىلەن قىلاتتى؟ ھېچ ئىش بولمايدۇ، بولمىسا باغلىشىمەن، نېمە تىكىسەن؟ دېدىم. ئەڭ ئاز دېگەندە بۇ بىر كىچىك ھىيلە بولۇپ، ئەگەر بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، بۇ تاسادىپىي ۋە ئىستىخىيىلىك ۋەقەگە ئىگە بولىۋېلىش ئۈچۈن قىلىنغان بىر ئىشتۇر. كىشىلەر: «ھە، راست، مەمتىمىن ھەز... نىڭ تەشكىلاتى مۇشۇنداق قىلىمىز دەۋاتاتتى، دېمەك خېلى بولىدىغان ئادەمكەن جۇما...» دەپ قالسۇن ئۈچۈن قىلىنغان ھارامزادىلىك دەپ ئىزاھلاپ قويدۇم. چۈنكى ئۇ سىياسىنىڭ مۇرەككەپ ئويۇنلىرى ھەققىدە بەك چۈشىنىپ كېتەلمەيتى.

ۋاقىت ئۆتتى، بىر ئاي، ئىككى ئاي،... «ھە، نېمە بولدى؟» دەپ سورۇدۇم ۋەتەندىشىمدىن. «دېگىنىڭ راستەك تۇرىدۇ» دېدى ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا. ئۇنىڭ ئېتىراپىدىن كېيىن ئاندىن مەن، ئەسلى قارىشىمنى كۈچەپ شەرھىيلىدىم: بۇ خىتايلار ئۈچۈن «دەلىل» تەمىنلەش شۇملۇقى!

# ئۇيغۇرلاردا «دىپلوماتچىلىق» مىجەزى

ئۇيغۇرلاردا بىرخىل تاپقا چۈشمەيدىغان «دىپلوماتچىلىق» بار. بۇ نورمالدا ياخشى مىجەزدەك قىلسىمۇ، سىياسىي نۇقتىدا بۇ بىر خىل نومۇسسىزلىقنىڭ، تېخىمۇ توغرىسى «لامزەللە»لىكنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدىغان غەلىتە مىجەز، بۇنداق غەلىتىلىكنى مەن باشقا مىللەتلەردە سەزمىدىم.

«سىياسىي نۇقتىدا» دېيىشىمنىڭ سەۋەبى، كۆپ ھاللاردا ھەممىمىز دېگۈدەك شۇنداق ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن: مەلۇم بىر شەخس بار، ئۇنى شۇ تۈپىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممەيلەن «ئىشەنچىسىز ئادەم»، توغرىسى، «خىتاي ئايغاقچىسى» دەپ بىلىمىز. ئەمما ئەنە شۇنداق دەپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى نورمال، ئىچىلىپ- يېيىلىپ مۇئامىلىمىزنى قىلىۋېرىمىز. بۇ خىل- دۈشمەن دەپ بىلگەن ئادەم بىلەنمۇ يېقىنچىلىق ساقلاش خۇسۇسىيىتىنى تەبىئىيكى بىر خىل «لامزەللە» مىجەزلىك دېيىش تازا جايىدا بولسا كېرەك. بۇنىڭ پىسخىك ئاساسى پەسكەش تاماخورلۇق بولۇپ، «بىر كۈنلىرى، بىر ئېھتىياج بىلەن شۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالسام سەت بولمىسۇن» دېگەندىن ئىبارەت. نورمالدا —كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، دوستلۇق، قوشنىدارچىلىق، تونۇش — بىلىشچىلىكلەردە بولغان بولسا بۇ بەك ياخشى پەزىلەت سانىلاتتى، ئەلۋەتتە. ئەمما دەل ئەكسىچە، بۇنىسىدا قەيسىرانە ئاداۋەتچى بولىمىزۇ، سىياسىي دۈشمەنلىرىمىز ھەققىدە ھېلىقىدەك ... ئېلىشاڭغۇ قىلىق ئىپادىلەيمىز!

www.uyghurkitap.com

«دىپلوماتچىلىق»نىڭ سەۋەبى يىتىم قىلىشتىن، جامائەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇش، دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇنداق سىياسىي پىرىنسىپى بولمىغان ياخشىچاقلىق يەنىلا تاماخورلۇقتىن تۇغۇلغان بولىدۇ. دۇنيانىڭ مەنتىقىسى شۇكى، راست گەپ قىلغانلار هامان يامان ۋەزىيەتكە قالىدۇ، ھەقنى سۆزلەيمەن دەيدىكەنسەن بىرىگە بولمىسا بىرىگە تېگىپ كېتىشتىن خالى بولالمايسەن. بۇ ھالدا ماداراچىلىق قىلىشنى تاللىۋېلىش، ئەنە شۇ دىپلوماتچىلىق مەجەزدىن بولىدۇ.

ئەگەر بىرەرسىمىزنىڭ مەيدانى ئېنىق، پوزىتسىيىسى قاتتىق بولۇپ، بۇنداقلار بىلەن ئادا- جۇدالىق ئېپادىسى كۆرسەتسە، ھەممىمىز ئۇنى يامان كۆرۈشۈپ بېرىمىز (ھېلىقى ئىشەنچىسىز ئادەم ئالدىدا)؛ كەينىدە بولسا «تازا ياخشى قىلدىڭىز» دەپ بۇنىسىنى ماختاپ قويىشىمىزمۇ بار بولمىسا. ئەمما ئۇ ياخشى قىلغان بولسا، نېمىشكە سەنمۇ شۇنداق قىلمىدىڭ ئەمىسە؟ سالامىلىشىدىغانلارنىڭ سانى ئازىيىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپمۇ؟ ئۇنىڭدىن بىرەر پايدا چىقىدىغان بولۇپ قالسا، شۇ «رىزىق»نىڭ يولىنى توسۇپ قويماي دەپمۇ؟

مۇناپىقلارنى ئۇچ كۆرمەسلىك، ئاردىن سىقىپ چىقارماسلىق، يىتىم قالدۇرماسلىق، ھېس قىلىپ تۇرساقمۇ يەنىلا مازلىق بىلەن مۇئامىلىمىزنى بىر قېلىپتا قىلىپ كېتىۋېرىشىمىز — مىللىتىمىز ئىچىدە مۇناپىقلارنىڭ ياخشى تەرەققىي قىلىشى، كۆكلىشى، ئاۋۇشى ئۈچۈن مۇۋاپىق تۇپراق بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەن مۇناپىقلارنى يىتىم قالدۇرۇش ھەققىدە ئىلگىرى «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى»دا توختالغان ئىدىم. نۆۋەتتە بۇ تېمىنى ئىككىنچى بىر تەرىپىدىن — «دىپلوماتچىلىق» مىجەزىمىزنىڭ سەۋەبلىرى، ئاساسلىرى،... نۇقتىسىدىن— بايان قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بايقىدىم.

بىز بەك «داستىخانچى» خەلق بولغىنىمىز ئۈچۈن، بۇنداق داستىخان ئۇلپەتچىلىكىدە ئادىمىمىز (ئارىلىشىدىغان، بىزنى قاتارغا ئالغۇسى

كېلىدىغان، تۆرگە تەكلىپ قىلىدىغان ئادەملىرىمىز)نىڭ كۆپ بولىشى بەك ياخشى بولغاچقا، بىرەرىنى ئازايتىپ قويۇش بىلەن، بىرەر داستىخاننى (ياكى تۆرنى) ئازايتىۋېتىشنى خالىمىساق كېرەك. مانا شۇ داستىخانچىلىق مۇقەررەر هالدا شۇنىڭغا ئېلىپ بارىدۇكى، «مېنى تۆرگە ئالدىمۇ، دېمەك، ئۇ ياخشى ئادەم؛ يەنى مېنى چاقىرغان يىلان زىياندىش هېساپلانمايدۇ!». مانا بۇ فورمۇلا.

هەتتا داهىلىرىمىزمۇ مانا شۇنداق. داستىخانغا كۆرە سىياسىي سالاهىيەت باهالايدۇ، تۆرگە باشلىدىمۇ، ئۇ ئىنقىلاپچى، ئۇنىڭ هەققىدە هېچ گۇمانلىنىشقا يوق! تەنقىدىي پوزىتسىيىدە بولىدىمۇ، «ئۇ خىتايغا ئىشلەيدۇ!». خۇلاسە چىقىرىشىمىز بەك ئاسان. بىر داهىغا هەقىقەتەنمۇ ساداقەتلىك بىر سەبداش لازىم بولۇپ قالسىمۇ، مانا شۇ داستىخانچىلىق ئۆلچىمى بويىچە تاللايدۇ ۋە بۇنداق مەسىلىلەرنى كۇنىمىزدىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. سىياسىي سەزگۈرلۈك، هۇشيارلىق يوق! ياق، بۇ بۇنداقلا ئاددىي ئەمەس، ئىنقىلاۋىي پىرىنسىپ دېگەن نەرسە يوق، ياكى بۇنى بىلمەيمىز. هەممە ئىشقا داستان ئۆلپەتچىلىكىمىز بويىچە باللارچە ياكى گالۋاڭلارچە مۇئامىلە قىلىمىز.

ئۆز ۋاقتىدا — ئابلا تەخەينىڭ تۇتۇپ كېتىپ، بۇلاڭچىلىق قىلىش «تىجارىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان» چاغلاردا — ئۇنىڭدىن تاياق يېگەنلەرنى كۆرىتىدىغان بولساق، بۇگۈنكى كۇندە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئابلا بىلەن بىر شەهەردە (ئىستانبۇلدا) ياشايدۇ؛ ئەمما هېلىقى «لامزەللىلىك»نىڭ كاساپىتىدىن ئۇچرىشىپ قالسىمۇ هېساپ سوراي دېمەيدۇ! هەتتا، ئەگەر مەلۇم داستىخان ئۆلپەتچىلىكىدە ئۇچرىشىپ قالسا مۇلايىملىق بىلەن رەڭگىگە زەيپانە كۇلۇمسىرەش يۇگەرتىپ، سالام قىلىشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئىش ئەمەس!

يا دىپلوماتچىلقنى ئۇبدان جارى قىلدۇرۇپ، قوساق بېقىش كېرەك. بۇنىمۇ يامان دېگىلى بولمايدۇ؛ پەقەت سىياسىيغىمۇ تەڭ قوشۇق سېلىپ،

بۇ ئارىدىمۇ بىر كىشىلىك ئورۇننىڭ دەۋاسىنى قىلماسلىق كېرەك، سىپى ئۆزىدىن «جاھانساز» بولۇپلا قۇتۇلغان ياخشى. يا سىياسىي مەيدان، ئىنقىلاۋىي پرىنسىپ، مەلۇم تۇراقلىق ئۆلچەم بولۇشى كېرەككى، بۇنىڭغا ئۇنداق ئۆلپەتچىلىك، داستىخانچىلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ، پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلماسلىق كېرەك. ئەگەر سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلا بولسا، ئۆزىنى بىر ئىنقىلابچى ھېساپلايدىغانلا بولسا، ھەركىمدە شۇ مۇددىئاغا ئۇيغۇن قاتتىق پرىنسىپ بولۇشى، ھەربىر كىچىك ئىشلارغىمۇ سەل قارىمايدىغان پرىنسىپال خۇسۇسىيەت بولۇشى كېرەك. «پوقى- بۇلمىقى ئارىلاش» دېگەندەك، بۇنداق ئەتى- مەتى يوق دىپلوماتچىلىق، ئىنقىلاپ پائالىيەتلىرىگە زەرەر ئېلىپ كېلىدۇ، دۈشمەن پايدىلىنىدىغان يوچۇقلارنى كۆپەيتىدۇ.

يەنە باشقا تۈرلۈك پىسخىك يىلتىزى، سەۋەپلىرى، ئاساسلىرى، ئىپادە تۈرلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئورتاق ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن بۇ يازمىشىم بىر ئەسلەتمە رولىنى ئويناپ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشلەرگە سەۋەپ بولسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن.

# «ئەقىللىق» ئىنكاس

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى چىقىمىنى بېرىدىغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن «جاپالىق ئىشلەۋاتقان»، قىممەتلىك خىزمەتلىرى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان، مۇبارەك رادىئونىڭ تور بېتىدىن (18- يانۋار 2006- يىلى) شۇ خەۋەرنى ئوقۇدۇم: كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ دوكلادىغا «ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» دەرھال ئىنكاس بىلدۈرۈپ، «بۇ دوكلادنى قارشى ئالىدىغانلىقى»نى بىلدۈرۈپتۇ! ئەجەپ ئەقىللىق ئادەملەر توپلانغان تاۋكا جۇمۇ بۇ، قاراڭلار ئۇلارنىڭ ھازىر جاۋاپ ئىنكاسىغا! دوكلادتا : «خىتايلار زوراۋانچىلار بىلەن ھەقىقىي ئاپتونومىيە(!) ياكى مۇستەقىل دۆلەت بولۇشنى تېنچ يولدا تەلەپ قىلغۇچىلارنى پەرقلەندۈرمىگەنلىكى...»نى ئەيپلەپ يېزىپتىكەن، بىزنىڭ بۇ «دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى .... بىردىن- بىر ۋەكىللىك ئورگىنىمىز»غا شۇنىسى بەك ياراپ كەتسە كېرەك!

بۇ دېمەك، «ۋەتىنىمىزدە بەزىلەر ھەقىقەتەنمۇ زوراۋانلىق قىلىۋاتىدۇ(خىتاي يولداشلارغا)» ياكى «راست دېگەندەك، ۋەتىنىمىزدە (خىتاي يولداشلارغا قارىتا) زوراۋانلىق قىلىۋاتقانلار بار» دېگەن ئېتىراپ بولىدىغانلىقىنى بىلگۈدەك سىياسىي سەزگۈرلۈكنىڭ يوقلىقىدۇر. بۇلار ھېلىقى بىر خىتاي بىلەن ئالتىسى توختام تۈزۈشۈپ، سامان ساتقان ھۆججەتكە قول قويغاندەكلا قول قويغانلارنىڭ خىلىدىكىلەر بولۇشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەنە ئاشۇنداق چېچەن- چەبدەس، زېرەكلەرچە ئىنكاستا بولۇپتۇ.

كۆپچىلىككە سوئالىم شۇ: ۋەتىنىمىزدە ھەقىقەتەنمۇ زوراۋانلار بارمۇ؟

تەبىئىيكى بار، بۇ دەل تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت ۋە قورال سايىسىدە كەلگەن كۆچمەن خىتايلار! ئەمما، ئېنىقكى، دوكلادتا كۆزدە تۇتۇلىۋاتقىنى ھېچ ئۇلار ئەمەس، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىچىدىكى «زوراۋانچىلار» (توربەت شۇنداق يېزىپتىكەن ئۆزگەرتمىدىم، ئەمما بۇ سۆزنىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرى «مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام دېگەندەك»، ئۇيغۇر تىل ئادىتىگە چۈشمەي تۇرىدۇ). بىزدە مۇشۇنداق زوراۋانلار بارمۇ؟ بولغانمۇ؟

ئەقەللىي بىر ساۋات بار، بىر پاشا قانچىلىك قېنىمىزنى ئىچىپ كېتەرىدىكى، ئۇنى چېقىۋالغان گۇناھى ئۈچۈن ئۆلتۈرىۋېتىمىز. ھەممە نەرسىمىزنى تارتىۋالغان، ئۇستىلەپ ھېساپسىز دەررە ئۇرىۋاتقان خىتايغا بىرەر قېتىم «ھاي» دېگەنچىلىك قول شىلتىغىنىمىز «زوراۋانلىق» سانىلامدىكەن؟ دۇنيانىڭ بۇ قانۇنىنى تۈزگەنلەرنىڭ ۋەتىنى تاجاۋۇزغا ئۇچرىسا، ئۇلار قانداق قىلاركەنمىش؟ «جانابىي ئالىيلىرى، خاپا بولماي ئۆز يۇرتىڭىزغا كەتسىڭىز بوپتىكەن، چىقىشالماي، سەن- پەن دېيىشىپ قالساق سەت تۇرىدىكەن...» دەپ ئەدەپ بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، تاجاۋۇزچىدىن ئۆتۈنۈپ سورايدىكەنمىشمۇ؟ ئىلگىرى— دۇنيا ئۇرۇشلىرىدا، ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بېسىۋېلىنغان چاغدا ياكى مەنپەئەتدارلىق مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن ئىتتىپاقداشلار سېپىگە قېتىلغانلىرىدا — قانداق قىپتىكەنمىش؟ «مىستىر گىتلېر، ئۆزلىرىنىڭ گېرمانىيىسىدە ئولتۇرىۋەرمەي بۇ نېمە قىلغانلىرى، دەيمەن، ھە؟ جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك كۆڭلىگە مالالەت يەتمىسە، خاپا بولماي چىقىپ كەتسىلە بوپتىكەن؟» دەپ ئولتۇرۇپتىكەنمۇ ياكى «زوراۋانلىق» قىپتىكەنمۇ؟

دېموكرات خىتايلار ئادرېسىنى خاتا يېزىپ خەت ئەۋەتسە پەرقى- پاسات قىلمايلا خەتنى ئېچىپ ئوقۇغان جاناپلارنىڭ ئورتاقلىرى، بۇنداق بىر دوكلادنى دەرھال «قارشى ئالىدىغان» (بىر يەردىن كېلىۋېتىپىمىدىكىن؟) لىقىنى بىلدۇرۇشكە ئالدىراپ كەتمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كەپ قالمايتى. ئۇلار ھەرگىزمۇ «بۇ ئۇيغۇر خەق ھەجەپمۇ كالىدەك

www.uyghurkitap.com

بىرنېمىلەركەن، بۇلارنىڭ ھەققىدە گەپ قىلىۋاتساق ‹لام›مۇ دېمەستىن ئولتۇرۇشۇدا، زوۋانىڭ تۇتۇلغۇرلار» دەپ قالمايتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى شۇ؛ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى دەپ قىلىۋاتمايدۇ. شۇڭا بۇ قەدەر چاپتىكەشلىك بىلەن بىلمىگەن ئىشقا ئېغىز ئاچقاندىن كۆرە شۇك تۇرغان بولسا تېخىمۇ سۈرلۈك بولاتتى («‹ئۆلۈك نېمىشكە سۈرلۈك؟› ‹گەپ قىلمىغاچقا›»، دېگەن تەمسىلىمىز بارغۇ؟).

ئەسلىدىغۇ ئۇلارغا تۈزىتىش بەرمەك ئەڭ توغرىسىدى. مېنىڭ قايىنىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ.

ھە، دېسىلا تېرورچى دېسە، تېرورچى دېيىشىپ، «زوراۋانچى» دېسە، «زوراۋانچى» دېيىشكە ئالدىرىماي، بۇنىڭ ماھىيىتىدە ياتقان پايدا- زىياننى ئۆلچىمەك، سۆز ئىشلىتىشتىكى پەرق تۈپەيلى مەيدانغا كېلىۋاتقان بېشىمىزغا چولوپ كېلىدىغان قالپاقنى رەت قىلماق كېرەكىدى. بىزدە ھېچقاچان زوراۋانلار يوق! خەلقىمىز زۇلۇم چەككە يەتكەندە، تىغ سۆڭەككە تاقاشقاندا پەقەت «ھاي» دەپ قول شىلتىغانچىلىك بىر قارشىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ھەقنىڭ ئىگىلىرى تۇرۇپ، زۇلۇم چەككۈچى تۇرۇپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ يوق تۇرۇپ قانداق زوراۋانلىق قىلاتتى؟ پەقەت، زۇلۇمغا چىدىيالمىغاندا، ئىختىيارسىز ھالدا يۇلقۇنۇپ كەتكەندۇ. شۇڭا ئىبارىلەرنى توغرا ئىشلىتىشكىلارنى تەۋسىيە قىلىمىز، دەپ ئاگاھ بەرمەك بۇلارنىڭ ئابروينى تېخىمۇ ئۆستۈرگەن بولاتتى، ئۇلارنى تېخىمۇ يېتىلگەن، سىياسىي سەزگۈرلۈككە ئىگە كىشىلەردەك كۆرسەتەتتى.

«*زوراۋانچىلار بىلەن ھەقىقىي ئاپتونومىيەچىلەرنى پەرقلەندۈرمەي...*» بۇ گەپچە- زە، زۇلۇمغا چىدىيالمىغاندا يۇلقۇنۇپ كەتكەنلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، (چىشىنى چىشلەپ چىداپ تۇرۇپ بەرمىگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن) قىرغىن قىلىشقا، تۈرمىلەردە چىرىتىشكە بولىدىكەن- دە!؟ ئەپەندىم، سىز نېمىنى قارشى ئېلىۋاتقىنىڭىزنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالاۋاتامسىز؟ بۇنىڭغا دىپلوماتىيە تىلى بىلەن ئىنتايىن گۈزەل بىر رەددىيە بەرمەك كېرەك بىر دوكلاد ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن گۈزەل سۆزلەر بىلەن تولغان ماختاش ۋە مەدھىيىلەردىن كېيىن، خۇددى سالامخەتلەردىكى «سالامدىن سوڭرە يېتىپ مەلۇم بولغايكى» دېگەن پەدىدە، «...ئەمما، شۇ، شۇ ئىبارىلىرىڭىزلار كۆڭلىمىزنى غەش قىلىپ قويدى، بىزدە قانداقمۇ زوراۋانلار بولاتتىكى، بىز زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئەمەسمۇ يا؟ بۇندىن كېيىنكى قېتىملاردا سۆز ئىشلىتىشتە دىققەتلىك بولىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز...» دېگەندەك كەلتۈرمەك جايىدا بولاتتى. ئەمما ياغۇنچاقىقا قوشقان ئىشەكتەك، بۇ ئايلامباشلىقتا ياتقان شۇم نىيەت شۇكى، دوكلادتىكى «... پەرقلەندۈرمەي،... » دېگەن سۆز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھوشۇغى «ئالچۇ» چۈشكەن- دە، باشقىسىنى ئويلاپمۇ باقمىغان! يەنى، بۇ «پەرقلەندۈرۈش» بويىچە بولغاندا بىز (قۇرۇلتايچىلار) «گۇد بوي» (خىتايلار ئۈچۈن «好孩子خاۋ خەيزى») بولاركەنمىز، ئاۋۇلار «بەد بوي» بولاتتىكەن، دەپ ئويلاپ، خۇرسەندچىلىكى ئىچ- ئىچىگە پاتماي قالغان ۋە دەرھال ئىنكاس بىلدۈرۈشكە ئالدىرىغان.

ئەمما، ئۆز خەلقىمىزنىڭ كۆزىدە قايسىسى «گۇد بوي»؟ بۇنى بىلمەك؛ بارلىق ھەققانىيەتنى سۆيگۈچى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە كىملەر «گۇد بوي»؟ ئەركىنلىكى ئۈچۈن جان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان كىشىلەرنى كىم سۆيمەيدۇ؟ ئەلۋەتتە پەقەت خىتايلار! بۇنى دەڭسەپ كۆرمەك ئۇلارنىڭ ئەقلىلىرىگە كېلەرمىدى؟

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئازادلىقى يولىدا كۆرەش قىلىشقا جاسارىتى يوق، قۇرۇق گەپنى قىلىپ ياتىدىغانلىرى بەك نەزەرگە ئىلىنىپ كەتمىسە كېرەك. «زوراۋانلىق» ھەققىدىكى تېئورما، پەقەت نۆۋەتتە يەھۇدىيلار ۋە غەرپنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان مەسىلىلەردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، شۇ قاتاردا ھەممە قانلىق ۋەقەلەر شۇنداق ئاتالغىنى بىلەن، ۋەتەن ئۈچۈن جان بېرىش، قان تۆكۈش ھېچقاچان جىنايەت سانالمايدۇ، ھېچقاچان ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەيىپلىك بىر ئىش قاتارىدا

كۆرۈلمەيدۇ. رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئۇنى- بۇنى دەپ قويۇشىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق جاسارىتى بارلار ھەرزامان مەدھىيىلىنىدۇ. بوسنىيەلىكلەرنى كىم ئەيىپلىدى؟ كوسوۋولۇقلار ئەيىپلەندىمۇ؟ ئەمما بىزنىڭ يېرىم ئەسىردىن بېرى قىلغان ئاتالمىش «زوراۋانچى»لىقىمىز، ئاۋۇلارنىڭ (بوسنىيە ۋە كوسوۋولۇقلارنىڭ) بىركۈندە قىلغىنىچىلىك كەلمىسە كېرەك. پەقەت بىزنىڭ خوتۇنلارچە يارىماسلىق بىلەن، قورقۇنچاقلىق قىلىپ، خىتاي بىر كۈنىسى ئىنساپقا كېلىپ ۋەتىنىمىزنى بېرىدۇ،... دېگەندەك لاۋزىلىقىمىزدىن، كىشىلەر بەكرەك يىركەنسە كېرەك؛ تېشىدا «ھە ياخشى بالا، خاپا قىلمايدىغان يۇۋاش...» دەپ ماختاپ قويغاندەك قىلىسىمۇ، ئىچىدە بەلكىم بۇنداق جاسارەتسىزلىكتىن قۇسۇۋەتكۈدەكلا بولۇشىلىرى چوقۇم. چۈنكى ئۇلار ۋەتەنلىرى تاجاۋۇزغا ئۇچرىغاندا، بېسىۋېلىنغاندا بۇنداق ئىنجىمەرۇق خوتۇندەك غىڭشىلداپ ئولتۇرماي، ئەركەكتەك، ئۆلۈمگە يۈزلىنەلىگەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى- دە.

شۇڭا مەن دەيمەن، جاناپلار، «كۈلەلمىگەن نېمەڭگە ھىجايما!» دېگەندەك، نېمىگە نېمە دېيىشنى بىلمىگەندىكىن، «زوكۇننىڭ تازىسى كۆت قىسقان» دېگەندەك شۇك تۇرغىنىڭلار ئابرويىڭلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى. بەلكىم، نەسىرىددىن ئەپەندىمنىڭ جاۋاپلىرىدەك بىر جاۋاپ كۆڭۈللىرىدە لىپپىدىلا پەيدا بولار: «قىلىۋاتقان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىمىز مانا شۇنداق ئىشلار تۇرسا، ئۇنىڭغا ئىنكاس، بۇنىڭغا ئالقىش، يەنە بىرىگە بايانات بەرمىسەك، بالا باققىنىمىزنى رادىئودا دەمدۇ، ئەمىسە!؟» بۇمۇ راست، ھەي بىچارىلار، قانداق قىلىسۇن، ئۇلارغىمۇ تەس جۇمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# خاتىرىلەش تەڭسىزلىكى

خېلىدىن بېرى چەتئەللەردىكى مەتبۇئاتلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق كۈنى خاتىرىلەنسە ياكى بۇ ھەقتە خەۋەر ئېلان قىلىنسا، تەڭسىز بىر «خاتىرىلەش» ھېس قىلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ مۇنچە يىللىقى دېگەندە ھامان، 40 - يىللاردىكى جۇمھۇرىيەت نىشانلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن 30- يىللاردىكى جۇمھۇرىيەت ھەققىدە گەپ يوق؟

بۇنىڭ ئاستىدىمۇ يىرگىنىشلىك بىر مەزھەپچىلىك يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك قىلىدۇ. يەنە بەزى «ساۋاتلىق» سىياسىئونلار «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن ئاتالغۇ ئىچىدىكى «ئىسلام»دىن ھۈركۈپ شۇنداق قىلسا كېرەك. بۇنىسى تېخىمۇ يىركىنىشلىك، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭدىكى «ئىسلام»نىڭ بولارنى بەك ئېسەنكىرىتىۋېتىشى، «غەرپ قۇلچىلىقى»دىن كېلىپ چىققان بولىشى مۇمكىن. بۇ ئەقىللىقلەر شۇنىمۇ ھېس قىلمايدۇكى، بىز بۇ تارىخىمىزنىڭ تەپسىلاتىنى دەل غەرپلىك تارىخچىلارنىڭ يازمىشلىرىدىن تولۇقراق ۋە چىنراق ئۆگىنەلەيمىز! ئۆزىمىزدىكىلىرى يا «مەن مەركەزچىلىك»نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ(ھايات قالغانلار ئەسلىمە يازغاندا ھامان ئۆزىنىڭ شۇ زاماندىكى رولىنى داھىيلىق ياكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى قەھرىمانلىق ئورنىغا قويۇپ بايان قىلىشتىن خالى بولالمىغانلىقى ئۈچۈن) يالغان ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ؛ ياكى (مەملىكەت ئىچىدە) خىتايدىن قورقۇپ، بەزى پاكىتلار يوشۇرۇلغان، كىچىكلىتىلگەن، سەلبىيلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. خۇلاسە كالام، نەتىجىدە غەرپ مەنبەلىرى ئىشەنچىلىق يېپ ئۈچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

دېمەك، سىز — جانابى دوكتور، پروفېسسور ئەپەندى، — يوشۇرۇۋاتقان تارىخىي پاكىتنى غەرپلىكلەر بىلىدۇ. «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرغان خەقكەن ئەمەسمۇ بۇ، دەپ غەرپلىكلەرنىڭ خوشى كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەشكە ئورۇن يوق. نېمىلا بولمىسۇن شۇ چاغدىكى ئەجدادىمىز تونلىرىنىڭ پېشىنى سۆرەپ يۈرۈپ، شۇنچىلىك بىر نېمىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىپتىكەن، بىز ئۇچۇن كىچىككىنە بولسىمۇ دەۋاغا دەستەك، دادىخاھتا كۆرسەتكۈدەك پاكىت يارىتىپ قويۇپتىكەن، ھەم شۇ ئەقىدىسى يولىدا ئۆلۈشكە جۈرئەت قىلىپ، دۈشمەننىڭ تىغىدا ئۆلۈشتەك ئالىي شەرەپكە مۇشەررەپ بوپتىكەن، سىز بىلەن بىز (مەدەنىي بولۇپ كەتكەن بەچچىغەرلەر)نىڭ قولىمىزدىن نېمە كېلىۋاتىدۇ؟ پەقەت ئۇلار ياراتقان تارىخىي پاكىتنى دۈشمەننىڭ پايدىسى ئۈچۈن چەيلەپ تاشلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن ياراتقان ۋە تونۇتقان جۇمھۇرىيىتىنى ئۇنتۇپ، تارىختىن بۇنداق بىر ئىسمنى ئۆچۈرىۋېتىشتەك خىتاي ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئىسىم كەشپ قىلىشتىن نېرىغا بارالىغىنىمىز يوق!

«ئەمدى كەلدۇق مولللازادىگە»، دېگەندەك، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت تىلغا ئېلىنىپ بىرىنچىسىنىڭ تىلغا ئېلىنماسلىقىدىكى پاسىق، پەسكەش سەۋەپلەر كوچىلانسا، بۇنىڭدىن چىقىدىغان يىرىك كۆكۈللەرنى ئېلىشتۇرىۋېتىدۇ. شۇڭا، بۇنى ھەركىمنىڭ ئەقلىگە ھاۋالە قىلىپ، تارىخىي ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن ئاۋالقى جۇمھۇرىيەتنىڭ تېخىمۇ موھىملىقى ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز توختۇلىمىز:

ھەرقانداق ئىشتا، ھايات مۇساپىسىدىكى ھەر دەۋر، ھەر ھادىسىدە بىرەر شەيئىنىڭ بىرىنچى قېتىم ۋۇجۇتقا چىقىرىلىشى كەشپىياتتۇر. بۈگۈنكى كۈندە بىرسى ياغاچتىن ۋېلىسىت ياسىسا كۈلكىلىك تۇيۇلار، ئۇنىڭ قۇسۇرلىرى، ئەيىپلىرى، سەت ۋە قوپاللىقى،... ئەمما، مۇشۇنداق ئىككى چاق بىلەن ماڭىدىغان بىر نېمىنىڭ ئەڭ دەسلەپ كەشپ قىلىنغان ۋاقتىدىن مەسىلىگە قارىساق، ئۇنىڭ قۇسۇرلىرىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تارىخنىڭ موھىم

بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى، پەن - تېخنىكىدىكى زور ئىنقىلاپ سانىلىشىدا گەپ يوق. بۇ مىسال بىلەن بىرىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ تارىخىمىزدىكى ئەھمىيىتى مۇنازىرە تەلەپ قىلماس دەرىجىدە ئايدىڭلاشتى دەپ ئويلايمەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ قىسقىغىنا پۇرسەتتە، دۆلەتنىڭ پاسپورتى، پۇلى، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت گېربى، ... قاتارلىق بىر دۆلەتتە بولۇشقا تېگىش ھەممىنى ئاساسەن تولۇق مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكى، تا بۈگۈنگىچە «شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت بايرىقى» دەپ كۆتۈرۈپ يۈرىشىمىز ئۈچۈن ياراۋاتقان بۇ تارىخىي ۋەسىقىنىڭ، دۆلەت گېربىنىڭ ئۈنىڭدىن كېلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىدىكى يەنە بىر تەرەپتۇر.

«ئىسلام»دىن قورقۇش (ياكى غەرپلىك دوستلار ئالدىدا مۇسۇلماننىڭ يۈشتىدىن بولۇپ قالغانلىقىدىن «خىجىل بولۇش») كەيپىياتىدىكىلەرنىڭ سەمىلىرىدە بولسۇنكى، 1944- يىلىدا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت دەسلەپكى چاغاسىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتالغان ئىدى! بۇ ھەقتە ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ھايات شاھىت سۈپىتىدە زىيارەت قىلغان ئىلكىل قۇربانىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ناملىق كىتابىدىكى شۇ سەترلەرگە قاراڭ:

«قەشقەردە 1933- يىلى 12- نويابىردا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1944 - يىلى 12- نويابىردا غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە بولغان مەنىۋى تەسىرى مۇئەييەنلەشتۈرىلىشى كېرەك. بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلىشىنىڭ ئوخشاش ۋاقىتقا توغرا كېلىشى ۋە غۇلجىدىكى جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› دەپ ئاتالغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس» (شۇ كىتابنىڭ 12 – 13- بەتلىرى).

# ئىنسان روھىيتى ۋە تەشۋىقاتنىڭ بۇرمىلاش، قايمۇقتۇرۇش، يېتەكلەش رولى

تەشۋىقات — بىر غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مەنىۋى ئامىل بولۇپ، بەزىدە شۇنداق ھاللارمۇ بولىدۇكى، بۇ مەنىۋى ئامىلنىڭ رولى، يۈزمىڭ كىشىلىك بىر ئارمىيەنىڭكىدىن كەم بولمايدۇ. بەزى چاغدا ئانچە كۈچلۈك بولمىغان بىر ئارمىيە ئەگەر كۈچلۈك ۋە تەسىرلىك تەشۋىقات بىلەن ماسلاشتۇرۇلسا، كۈچلۈك بىر ئارمىيە ئۈستىدىن غالىپ كېلىشى مۇمكىن. چۈنكى جەڭدىكى ئۈستۈنلۈك، پەقەتلا قورال- ئەسلىھە ئۈستۈنلىكى بولۇپ قالماي، تېخىمۇ موھىمى ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا باغلىق بولغاچقا ۋە بۇنداق جەڭگىۋارلىق (روھىي ئامىل) تەشۋىقات ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان بولغاچقا، تەشۋىقات غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسى دېيىشمۇ ئاشۇرىۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

كوممۇنىستلارنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خىتايدا ھاكىمىيەتكە چىقىشىدىكى موھىم ئامىللارنىڭ بىرى دەل تەشۋىقاتتۇر. كوممۇنىستلار مۇۋەپپىقىيەتلىك تۈردە كىشىلەرنى ئالداپ، كوممۇنىزىم ئوتوپىيىسىگە ئىشەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، غەلىبىنىڭ كاپالىتى بولغان مەنىۋى قۇرۇلما يارىتىلىپ، غەلىبىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئىدى. گەرچە كوممۇنىستلارنىڭ نەقەدەر نومۇسسىز يالغانچىلار ئىكەنلىكىنى بۈگۈنكى

www.uyghurkitap.com

كۈندە بالىلارمۇ بىلىدىغان دەرىجىگە كەلگەن بولسىمۇ (زورلۇق كۈچ بىلەن تۈتۈپ تۇرۇشنى مۇستەسنا قىلغاندا) تەشۋىقات يەنىلا موھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. ئىنسانلار توپى ھامان پادىغا ئوخشايدىغان، توپتا بىر نەچچە سەركىگە ئەگىشىدىغان ئادەت بولغاندەك، ھامان بىرىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋېرىدىغان گەپ؛ ھەتتا قۇشخانىغىمۇ ئۆز ئايىغى بىلەن مېڭىپ بارىدىغان گەپ. چۈنكى، ئىنسانلار توپىدىكى ھەربىر شەخس مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنداقكەن، بۇنى چۈشەنگەن كاززاپ كوممۇنىستلار، ئاللىقاچان كاسات بولغان بىر كونا مالنى، باشقا رەڭگە بوياپ قايتىدىن بازارغا سېلىپ، يەنىلا بۇ «پادىنى» ئالداشنى داۋام قىلماقتا. ھەر خىل سۈنئىي مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئاتالمىش «قەھرىمان ئۈلگە»لەر، ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆپتۈرۈلگەن ئىش- ئىزلىرىنى ئۈگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىش تەشۋىقاتى يەنىلا مودا يېڭىلاپ تۇرىۋاتىدۇ. كوممۇنىستلار تەشۋىقاتىدا ھامان ئەنە شۇنداق بىرەر ئۈلگىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىنسانلارنى كىمگە ئوخشاش بولۇشى كېرەكلىكىگە مانا شۇنداق بىر مىسالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى دوراشقا قىستايدۇ.

ستالىنگراد ئۇرۇشىغا دائىر بىر كىنو كۆردۇم، ئامېرىكا كىنوسى. ئۇنىڭدا دەسلەپكى مەغلۇبىيەتلىك ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ن. س. خىرشىېۋ ستالىنگرادقا ئەۋەتىلىدى. خىرشىېۋ كېلىپلا بۇ يەردىكى باش قوماندانىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى ۋە ئۇنى «شەرەپ بىلەن ئۆلۈۋېلىشقا» بۇيرىدى. ئاندىن بارلىق گېنېراللار، شتاپ ئوفىتسېرلىرىغا جەڭچىلەردە كەيپىياتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم بىر ئۈلگە تىكلەش لازىملىقىنى سۆزلىدى. بىر مەنىۋىي ئۈلگە بولمىسا بولمايدۇ، دېدى. ئاندىن مۇشۇنداق بىر ئۈلگە بارمۇ - يوق!؟ دەپ چىڭقىلىپ سورىدى. بىر ئوفىتسېر ئۆزىنىڭ بىرسىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇ جەڭچى قەھرىمانلىق بىلەن بىرنەچچە نېمىس ئەسكىرىنى يوقاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ

ئەسلىدە قەھرىمانلىق دەپ كەتكىدەك بىر ئىشمۇ ئەمەس ئىدى، بۇ كۆرۈنۈشنىڭ ئەسلىسى تاماشابىنلارغىمۇ كۆرسىتىلگەن، ئاددىي بىر ۋەقە ئىدى. ئەمما، خىرىشچېۋ كوممۇنىست نەزىرىيىسىگە كۆرە بۇنى قانداق كۆپتۈرۈپ، قانداق چوڭايتىپ تەشۋىق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتى. جەڭچىنىڭ سۈرىتى تارتىلدى، گېزىتلەرگە ئاجايىپ تەسىرلىك ئاخباراتلار بېرىلدى. رادىئودىمۇ ئاڭلىتىلدى. ئاندىن جەڭچىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ قەھرىمانلىق روھىدىن ئۆگىنىش تەشۋىقاتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەركۈنلۈك گېزىت قەھرىماننىڭ يېڭى- يېڭى قەھرىمانلىقلىرىغا دائىر خەۋەرلەرگە تولۇپ تۇراتتى. جەڭچىلەرنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنى دورىيدىغانلار، جېنىغا تەۋەككۇل قىلىدىغانلار كۆپەيدى... مانا شۇنداق قىلىپ ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە كەسكىن بۇرۇلۇش بارلىققا كەلدى...

خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆزلىرىنى قۇتقازغۇچى قىلىپ كۆرسىتىپ كەلگەن يىرىم ئەسىرلىك ئىدىئولىگىيىلىك ئوۋچىلىقىدا، پەقەت ۋە پەقەت كوممۇنىستلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئەلدىلا خەلقنىڭ ھەقىقىي خوجايىن بولىدىغانلىقى، دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولىدىغانلىقى، بەختلىك، باياشاد بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەشۋىقات بىلەن بىرگە، كاپىتالىزىم دۇنياسى دەپ تونۇتۇلغان دېموكراتىك ئەللەر ھەققىدە، «قان ئىچكۈچى كاپىتالىستلار، خەلقنىڭ شىلىسىگە مىنىۋالغان خوجايىنلار، زالىم، شەپقەتسىز، پارازىتلار، مۇشۇ دۇنيانىڭ دوزىقى» دېگەن سۈپەتلەشلەر؛ بۇ ئەللەردە ياشايدىغان ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ ھەرقاچان ھەريەردە قېقىندى - سوقۇندى بولۇشلىرى، ھەر كۆرگىنىدە خوجايىنلارنىڭ ئالىيىشلىرى، بىكاردىنلا تېپىپ ياكى دەسسەپ ۋە يا تۈكۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىشلىرى، ھوقۇقسىزلىقى، خارۇ - زارلىقى، بايلارنىڭ ئەخلەتلىرىنى تىتكىلاپ، يەيدىغان نەرسە ئىزدەشلىرى،... ھەققىدىكى ئېچىنىشلىق ھېكايىلارغا تولغان دەرسلىكلەر، بالىلار كىتاپلىرى ۋە سىنىپىي كۆرەش تەربىيىسى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بارلىق ئىدىئولوگىيىلىك ئوۋچىلىق بىزنى قانداق

www.uyghurkitap.com

ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئەسلەشمۇ ھەقىقەتەن كۈلكىلىك! بۇ تۈردىكى تەشۋىقاتلار ئەڭ كۈچەيگەن زامانلاردا شەھەرلەردە ئاق ئاشلىق تەمىنلىشى 5% گە چۈشكەن بولۇپ، قالغىنى سېرىق قوناقنىڭ يىرىك ئۇنى ئىدى. (كېيىن سېرىق قوناق ئۇنى مەسخىرە يۈزىسىدىن «ھەربىيچە» دېيىلىدىغان بولدى) ئەنە شۇ يىرىك قوناق ئۇنىغىمۇ تۈزۈكرەك قورسىقىمىز تويماي، ئاچ- زېرىن چېشلىرىمىزنى پارقىرىتىپ، ھېلىقى ئۇلۇغۋار شۇئارلارنى توۋلايتۇق. ئۆزىمىزنىڭ يەر شارىدا ئەڭ بەختلىك ئىنسانلار ئىكەنلىكىمىز ھەققىدە (خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ غەمخورلىقىدا) ھېچ گۇمانىمىز يوق ئىدى. يەنە شۇ ھالدىمۇ كىشىلەرنى، سۇنئىي مەيدانغا كەلتۈرۈلۈپ، كۆپتۈرۈپ يوغىنىتىلغان ئۆلگىلەردىن ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىشاتتى ۋە دېيىلەتتى: «ماۋزېدوڭ دەۋرى —قەھرىمانلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدىغان دەۋر». بۇ قەھرىمانلار «قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان»، نامسىز قەھرىمان بولىدىغان، ھەقسىز ياردەم، ھەقسىز ئەمگەك قىلىدىغان، ئومۇمغا كۆيۈنگۈچىلەر بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن خىتاي ئەسلىدە ھېلىقى قەدەر ئاز ھاياتلىق ئېھتىياجلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدىغان قىلماقچى بولسا كېرەك. ئۇ چاغدىكى تۇيغۇمىز، چۈشەنچىمىز شۇ ئىدىكى، گويا بىز بەختىيار سوسىيالىستىك مەملىكەتتە ياشاپ قالغىنىمىز ئۈچۈنلا، ئەنە شۇنداق باشقىلارنىلا ئويلايدىغان قەھرىمانلىرىمىز، «خەلقنىڭ چاكىرى» دەپ سۈپەتلىنىدىغان كوممۇنىست كادىرلىرىمىز بولاتتى. بۇنى ھېلىقى ۋەيلۇن دوزاق كاپىتالىزىمدا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتى. بولاتتىمۇ ئەمىسە؟ ئۇلار دېگەن مەنپەئەتنى دەپ ئۆلىدىغان ۋەھشىيلەر تۇرسا؟!

بىر ئاز چوڭ بولغاندىن كېيىن بۇ «خەلقنىڭ چاكارلىرى»نى تونۇشقا باشلىدىم ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن كالىنى يۇۋ دېمەيلا يۇتىۋېتىشكە يارايدىغان يالماۋۇزلار ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ... چەتئەلگە چىقىپ، ھېلىقى بالىلىق قەلبىمىزگە «دوزاق» سۈپىتىدە ئورنىتىلغان دېموكراتىك ئەللەردە ياشاشقا

تـوغرا كەلـدى. ئەمـدى كۆرـۋاتـمىزكى، بـۇ يەرلەردە ئۇنـداق ئالـدامچىلـق تەشۋىقاتى پودىغى يىرىلىپ كەتكۈدەك جار سېلىنمايلا، ئىنسانلاردا ئىنسانغا خاس تەبىئەت، ياردەمسۆيەرلىك، ... بولغانـدىن باشـقا، يىقىنـدا بىـر خەۋەردە ئامېرىكىدا ھاكىمىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا خىزمەت قىلىدىغان بەزى باشلىقلار (ئەگەر باي بولسا) مائاش ئالماي بىكارغا ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۇقـۇپ، كاللامغـا ھېلىقـى «قىلچىمـۇ ئـۆز مەنپەئەتىنـى كـۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان» قەھرىمان كوممۇنىستلار كەلدى! خەۋەردە مىسال قىلىپ، نيۇيورك شتاتىنىڭ باشلىقى مايكىل بلومبېرگ ۋە كالفورنىيەنىڭ باشلىقى شۋاردزىنېيگىر نىڭ بىكارغا ئىشلەيدىغانلىقىنى يازغانىكەن. بىزنىڭ سۆيۈملۈك كوممۇنىستلار بولسا دەل چۆنتەك تولدۇرۇش ئۈچـۈن باشـلىق بولىـدىغان تۇرسـا، مائـاش تۆگـۈل، باشـقۇرۇش دائىرىسىدىكىنىڭ ھەممىسىنى مىنىڭ قىلىۋېلىش يولىنى ئىزدەپلا ھەلەك بولىدىغان تۇرسا، بۇنداق بىر روھنى ئۇلاردا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟

ئەمما، بىز شـۇئانغا قەدەر بـۇ يالغانلارغـا ئالدانـدۇق، خەلقىمىـز تېخىچە ئالدىنىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەشۋىقاتنىڭ قۇدرىتىدىن بولىۋاتىدۇ!

ئاتـالمىش «مەدەنىـيەت زور ئىنقىلابـى» دەۋرـدە بـالا ئىـدىم، تەڭتۇشلىرىمدىن بىرىنىڭ دادىسى «جىـن- شـەيتان» قىلىنىپ، تارتىپ چىقىرىلغان ئىدى. بىر كۈنى كىنوخانىدا بۇ كىشىنى كۆرەش قىلىش چوڭ يىغىنـى بولـدى. بىـز «خوڭـشياۋبىڭ»(قىـزىـل كىچىـك ئەسـكەر) ئىـدۇق، تەبىئىيكى، ئالدىنقى سەپلەردىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردۇق. سەھنىدە بىـر ئورۇنـدۇق ئۈسـتىدە بوينىـدا تاختـا، پەسـكە ئېڭىـشكەن ھالـدا كـۆرەش ئوبيېكتىمىز — ساۋاقدىشىمىزنىڭ دادىسى تۇراتتى.

كۆرەش باشلاندى، چاپسانلا قىزغىن ھارارەت يۇقـۇرى پەللىـگە چىقتـى. كىشلەرنىڭ كاللىسى رېئاكسون تەشۋىقات بىلەن ئايلاندۇرىۋېتىلگەن بولغاچقا، بۇ ئادەم بىزگە نېمە زىيان قىلغان؟ دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرماستىن شىكايەتلەر، قارىلاشلار باشلىنىپ كەتتى. ئارىلاپ- ئارىلاپ ئۆپكىسىنى

باسالماي قالغان «ئىنقىلاۋىي ئامىمە»دىن بىرسى شۇئار تووۋلاپ تۇراتتى. بىر كەمدە ھېلىقى ساۋاقداشىمىز — سەھنىدە ئېڭىشتۇرۇپ قويۇلغان «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»نىڭ بالىسى — ئورنىدىن تۇرۇپ، غەزەپتىن چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋە قەھرى بىلەن شىلتاپ شۇئار تووۋلىدى:

— تۇرسۇن ئاۋۇت تازنى يوقۇتايلى!

— يوقۇتايلى!!!

پۈتۈن زال جەڭگىۋار ساداسى بىلەن شۇئارغا ئاۋاز قوشتى ۋە شۇئار تووۋلىغۇچىنىڭ كۆرەش قىلىنغۇچىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى كىشىلەر ئارىسىدا بىردەمدىلا شاۋ- شاۋ بولۇپ، كىشىلەر بۇ ھەقىقىي «پارتىيەنىڭ بالىسى» بولۇپ يېتىشكەن «كوممۇنىزىم ئىز باسارى»غا چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھەۋەس بىلەن قاراشتى؛ ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەستىن بۇ ئىسىل ئوغۇلنىڭ «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان» دادىسىدىن دەرھال چەك- چېگرا ئاجرىتىشتەك، مەيدانى ئېنىق، كۆزى روشەن ئىپادىسىنى ماختىشىپ كېتىشتى. ئۇ بىردىنلا مەشھۇر بالىغا، قەھرىمان ئۆسمۈرگە ئايلانغان ئىدى. بىزمۇ بۇ دوستىمىزنىڭ ئاجايىپ جاسارىتىگە ئىپتىخارلىنىپ باقاتتۇق. شۇ چاغدا مېنىڭ كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان غەلىتە خىيال شۇ بولغانكى، ئەجەب مېنىڭ دادامۇ ئاشۇنداق كۆرەش قىلىنغان بولسىچۇ، مەنمۇ شۇنداق شۇئار تووۋلاپ، «پارتىيەنىڭ ياخشى بالىسى» بولغان بولسام... بەلكىم بۇنداق خىيال باشقا ساۋاقداشلىرىمدىمۇ پەيدا بولماي قالمىسا كېرەك، چۈنكى زامان شۇنداق، كەيپىيات شۇنداق ئىدى.

مانا شۇنداق، ئىنسانلارنى ئىنسانىي تۇيغۇلىرىدىن مەھرۇم قىلغان ۋە بۇنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدۇرغان، ئىنسانىي مېھىر- مۇھەببەت، قېرىنداشلىق مېھرى دېگەنلەردىن (بۇرژۇئازىيىچە ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى دېيىلىپ) يىرتقۇچلارچە ۋاز كەچتۈرگەن ۋە بۇ ئىنسانىيەتسىزلىكنى شەرەپلىك بىر ئىش سۈپىتىدە قوبۇل قىلدۇرالىغان

كۈچ نېمىدى؟ زورلۇق؟ ياق! تەشۋىقات ئىدى. تەشۋىقات ئىنسانلارنى ئەنە شۇنداق قايمۇقتۇرالايدۇكى، ئىنسان شەرمەندىلىكنى شەرەپ دەپ بىلىشكە باشلايدۇ؛ شەرەپنى نومۇس دەپ بىلىدىغان بولىدۇ!

بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى نەمۇنىچىسى» دېگەندەك شەرمەندىلىكنى، شەرەپ سۈپىتىدە تونۇتماقتا ۋە بۇنى كىشىلەرمۇ شۇ تەقلىتتە قوبۇل قىلىدىغان، بۇ مىللىي مۇناپىقلىقنىڭ، ۋەتەنساتقۇچلۇقنىڭ گۇۋاھنامىسىنى شەرەپ ئوردىنى بىلىپ، ھېچ نومۇس قىلمىغاننى ئاز دەپ، پەخىرلەنگەن ھىسسىياتتا، چوڭقۇر شەرەپ تۇيغۇسى بىلەن سەھنىلەردە قوبۇل قىلىدىغان بولدى! خەلقىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى يولىدا كۈرەش قىلغان ئىنقىلاپچىلار يەنە شۇ تەتۈر تەشۋىقات بىلەن «خەلق دۈشمىنى»، «ئەكسىيەتچى»، «ئوغرى-بۇلاڭچى»،... دەپ سۈپەتلىنىۋىرىپ، كىشىلەر بۇنىڭدىن نومۇس كېلىدىغان مەنىۋىي كەيپىيات بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ مەنىۋىيتىمىزدىكى بۇزۇلۇش، ماددىي تاجاۋۇزچىلىقتىنمۇ خەتەرلىكراق، قورقۇنۇچلۇقراق بولۇپ، بىزنى تامامەن «مانقۇرت»لارغا ئايلاندۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

خەلقىمىزنىڭ ئىستېتىك ئۆلچىمىنىڭ تەتۈر بولۇپ كېتىشىنىڭ قورقۇنۇچلۇقلۇق دەرىجىسى ۋەتىنىمىزنى بىرگە يۈز نىسبەتتە خىتايلار بېسىپ كەتكەندىنمۇ يامانراقتۇر. چۈنكى، ئەمەلىيەت شۇكى، ئەگەر ۋەتەن ئۈچۈن، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش خاتا ئىش، خەلق دۈشمىنى قىلىدىغان جىنايەت دەپ قارالسا، كىم بۇنداق «گۇناھ»نى قىلىشنى خالايدۇ؟ بۇ مەنىۋىيىتىمىزدىكى بۇزۇلۇشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، تەدرىجىي ھالدا، بۇنداق بىر ئىستەك (ئازادلىق ئىستىكى) كۆڭلىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ خىتايلار پىلانلىق، مەخسەدلىك ھالدا ئېلىپ بېرىۋاتقان پسىخىك ھۇجۇملارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلار خوتەننىڭ مەلۇم يېزىسىدا شېھىت بولغان ئىككى ياشنى يېزا خەلقى،

شېھىد، قەھرىمان دەپ ئاتاپ، ماتەم بىلدۈرۈپ، دەبدەبە بىلەن دەپنە قىلغانلىقىدەك ۋەقەگە ئىنتايىن دىققەت قىلغان. ئۇلار بۇ ئىشتىكى مەنىۋى سۈپەتتىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن. بۇ ئىشنىڭ دەرىجىسىنى بارلىق بولىۋاتقان، بولغان تىركىشىشلەرنىڭ ھەممىسىدىنمۇ ئېغىر دەپ باھالىغان. خىتايلار يەنە «خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت» دېگەندەك ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىدىنمۇ بەك ئېسەنكىرەپ كەتكەن[1]. دۈشمەننى چۆچۈتىۋەتكەن بۇ ۋەقەدىكى ماھىيەت نېمىدە؟ خەلقنىڭ ئىستېتىك ئۆلچىمىنىڭ توغرىلىنىپ قالغانلىقى! گۈزەل نەرسىلەرنى گۈزەل، يىركىنىشلىك نەرسىلەرنى سەت دەپ بىلىدىغان مەنىۋىيەت! تاجاۋۇزچىلارنىڭ، تەشۋىقات ئارقىلىق، تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى پەردىلەپ، ئۆزلىرىنى «قۇتقازغۇچى» دەپ تەن ئالدۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بوشقا كەتكەنلىكى؛ «خەلق دۈشمىنى» دەپ تونۇتۇلۇپ، نەپرەتكە نىشان قىلىشقا ئۇرۇنۇلغان ئىنقىلابچىلارنىڭ «قەھرىمان» دەپ تونۇلۇپ، سۆيۈلگەنلىكى!

بۇ بىزگە قانداق ئەقىل بېرىدۇ؟ دەل دۈشمەننىڭ ئەكسىچە تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش؛ خەلققە نېمىنىڭ شەرەپ، نېمىنىڭ شەرمەندىلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇتۇش، قەھرىمانلارنى تەشۋىق قىلىش، ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى تونۇتىدۇ.

ئىنقىلاپ قىلىمىز دەيمىزۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق ئىدىئولوگىيىلىك ئاساسى يوق. خەلقتىغۇ يوق، ئەمما ھېلىقى ھەيۋەتلىك ناملار بىلەن ئاتالغان تەشكىلاتلارمۇ، ئوخشاشلا چۆگىلىتىپ قويۇپ بېرىلگەن ئادەمدەك، ھېلى ئۇ ياققا، ھېلى بۇ ياققا ئۇسۇپ، نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمىگەن ھالدا يىغىن ئېچىپ، ھېچقاچان بۇنداق بىر ئىدىيىۋى

---

[1] «دۆلەت مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» (国家利益高于一切) غا قارالسۇن، — ئا.

سىستېما بەرپا قىلىش توغرىسىدا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشكىنى يوق. چۈنكى بۇ سىياسىي كىملىكتىن تاشقىرى مەنەۋىي ساپاغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا بۇنداق «مۇما» تۈۋگە توپلىنىۋالغانلار ئىچىدە بۇنىڭغا ئەقلى يەتكۈدەك ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقى تايىنلىق بولماقتا. شۇڭا بۇنداق «قارا نۇرلۇق چىراق»لارغا قاراپ ئولتۇرماي، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر ئاممە ئۆزى بىلىدىغان قەھرىمانلارنىڭ ھاياتى، پائالىيەتلىرىنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ پىداكار ئىش-ئىزلىرىدىن خەلقىمىزنىڭ ئۈلگە ئېلىشى ئۈچۈن سۇنىشى تەخىرسىز بىر زۆرۈرىيەتتۇر. پىت بازارلىرىنى «ئۆزۈننى كېسىپ، قىسقىنى ئۇلاپ» بىلەن «ئاۋات» قىلىدىغان بىلەرمەن ئەپەندىلەرنىڭمۇ ۋەتەننىڭ قىسمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى راست بولسا بىرەر ئەمەلىيراق تېما ئۈستىدە ئىزدىنىشلىرىنى ھۆرمەت بىلەن تەۋسىيە قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# «ئىسلاھاتچى»لارغا مەدھىيە

(فىليەتۇن)

لاچىن سوققان توشقاننىڭ
ئۆگزەڭدىن تولا مورا.
نىمانچىلا يىغلايسەن
مەيدەڭدە تۆمۈر بارمۇ؟
—مەشھۇر گۈڭگا شېئىرلاردىن

**ھىكايەت:**

بىر ساياھەت پاراخودى ئاتلانتىك ئوكياندا كېتىۋاتاتتى. بىرمۇدا خەتەرلىك ئۈچ بۇرجەك رايونىغا يېقىنلاشقاندا بىردىنلا دېڭىز قاينام ھاسىل قىلىپ، پاراخود لەپپەڭلەشكە باشلىدى. بارغانسىرى كۈچلۈكرەك لەپپەڭلەپ، ئاخىرى بىر تەرەپكە قىسىيىشقا باشلىدى. كانايدىن كاپىتاننىڭ ئۈمىدسىز ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئىلاجىمىز تۈگىدى، قىسمەت شۇنداقكەن، جانمۇ - قان ئۆزنىڭ جېنى. ھەركىم ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ چارىسىنى ئۆزى قىلسۇن، خەق ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ بېرىدىغانغا مەن خەقنىڭ قېيىنى ئاكىسى ئەمەس! گەپ تامام. خەير، ئۆلگەنلەر بىلەن باقىيدا، ھايات قالغانلار بىلەن پانىيدا كۆرۈشەيلى!

قىيا-چىيا باشلاندى. ئادەملەر قۇتقۇزۇش چەمبىرىكى تالىشىپ

ئۆلگەندەك قىلىشتى؛ قۇتقۇزۇش قېيىقلىرى ئاللىقاچان پاراخود خادىملىرى تەرىپىدىن ئوغۇرلىنىپ، ئۇلار تىكىۋەتكەن ئىدى. ماچتا ياغاچلىرى، پالاقلار، تاختايلار،... لەيلەيدىغانلىكى نەرسىلەر تالىنىۋاتتتى...

— هوي، نېمىش بۇ؟ ئاغزىمغا سۇ كىرىپ كەتتىغۇ؟ شۇنداقمۇ چاخچاق قىلغان بارمۇ؟ سوغۇق سۇ چېچىپ ئويغاتماي، ئىسسىمنى چاقىرىپ ئويغاتساڭ بولمامتى! — سۇدا پالاقلاۋاتقانلاردىن بىرى ئۇيغۇرچە سۆزلەپ قالدى. دېمەك بۇ پاراخودتا ئۇيغۇرلاردىنمۇ بىر نەچچىسى بارمىدىكىن.

سۆزلىگۈچى ئۇخلاۋاتقاندا ياتقان يېرىگە سۇ كىرىپ كېتىپ، سوغۇق سۇدىن ئەندىكىپ ئويغانغان ئىدى. پاراخود ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا چۆكۈپ كەتكەن، پەقەت ماچتىسىنىڭ ئۇچىلا قالغانىدى. ئىنسانلارنىڭ ئاۋالراق ئۆزىنى ئۇچلىۋالغانلىرى ئاللىقاچان ئۈزاقلىشىپ كەتكەنىدى. ناهايىتى ئاز ئادەم چۆككەن پاراخود ئەتراپىدا پالاقلاپ يۈرەتتى.

ئۇخلاپ قالغان ئۇيغۇرغا بىرەر پارچە تاختايمۇ قالمىغاچقا پالاقلاپ يۈرۈپ تەستە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ئاغزىغا كىرىپ كەتكەن سۇنى چىرتتىپ تۈكۈرىۋېتىپ، ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىدى:

— خۇدائۇرغۇر، قېنى سەن ئاغىنە؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— بوشراق ۋارقىراۋا، ئاغزىڭغا سۇ كىرىپ كېتىدۇ! — جاۋاپ بەردى خۇدا ئۇرغۇر.

— مېنى ئۆلسۇن دېمىسەڭ، بىرەر تال تاختاي بولسىمۇ ئەپ قويمايتىڭمۇ؟ تازىمۇ پەس ئىشەككەنسەن.

— ۋۇي! تىلىڭقۇرغۇر، ئۆزەمگىمۇ بىر نېمە تەگمىگەن تۇرسا، نېمىگە پىتنە قىلىسەن!؟

— ئۆزەڭگە ئالمىغان تەقدىردىمۇ مېنى دەپ بىرەنى ئەپ قويماپسەن، بوپتۇ، ئەمدى ئۇ گەپنىڭ نېمە پايدىسى؟ كۆك رەڭدىكى بىر نېمىنى كىيمەيلى، دېڭىزغا چىقىۋاتقاندىكىن، دېسەم ئۇنىمايسەن، مانا ئەمدى بىز سۇنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاپ كەتكەچكە ھېچكىم بىزنى قۇتقۇزۇشقا

كەلمەيدۇ.

— يىرتقۇچ بىلىقلارمۇ بىلەلمەي يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ، ئەخمەق!

— ۋاي قارا، چاچلىرىڭنىڭ سەتلىكىنى، يۇندىگە چۈشكەن مۈشۈكنىڭ ئۆزىلا بوپسەن..غىق....! ۋاي ئۆلدۇم!...توختا ئاغزىمدىكى...تۇففف... چېچىڭنىڭ تۇرقىنى دەيمەن...

— ئۆزەڭگە باقە، تولا ئەرۋايىمنى ھۇركۈتمەي! غىققىق! ... — خۇدائۇرغۇر بوغۇلۇپ كەتتى، تەستە پالاقلاپ سۇدىن چىقىپ، تىلىقۇرغۇرغا جاۋاپ بېرىشكە تىرىشتى،— ئۆزەڭ نېمىگە ئوخشاپ قاپسەن؟ شۇ ئاندا ئەينەك بولغان... غىققىقىق! ۋاي ۋاي!.. . ئەي ي....تۇفففۇ! ئەينەك بولغان بولسا كۆرەتتىڭ....

ئۇلار چۆكۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن جان تالىشىۋاتقان بولغاچقا سۆزلەشمەك ئاسان ئەمەسىدى. پات- پات چۆكۈپ كېتىپ گېپى ئۈزۈلۈپ قالاتتى ۋە تەستە يەنە سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

— ئەي ي نەك دەمسەن؟ مانا يانچۇقۇمدا... توختا، ئەمما يوقتەكمۇ قىلىدۇ، يەنە بىر چاپىنىمدا بولسا كېرەك. ھە راست شۇ چاپىنىم نەدە قالدىكىنە؟

— يۇندىگە چۈشكەن ئىتتەك بولۇپ كېتىپمۇ يەنە باشقا چاپىنىڭنىڭ گېپىنى قىلىسەنغۇ؟

— ئىتنىڭ گېپىنى قىلىشىڭدىن ھېلىقى تۇرغۇنىڭ ئىتى يادىمغا كەلدى...غىق...

— ئىتمۇ شۇمۇ؟ ئۆچكىگە ئوخشاش بىر نېمىنى ئىت دەپ بېقىۋېلىپ،... غىق!!...

— ھازىر دېگەن مانا شۇنداق ئىتلار مودا بولىۋاتسا، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، بۇنداق ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن! ... غىققىق! .....

— هاي، تىلىڭقۇرغۇر، بارمۇ سەن؟ ۋاي ئادەم ئۆلدى! هە، خۇداغا شۈكۈر، بارىكەنسەن. ماڭا قارا، سەن نېمانداق چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتتىڭ؟ بىزنى نېمىم...ە..

ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپكە ئۈزۈپ كېتىۋاتقىنى بىلىنمەيتى. جايىدىن قوزغالغاندەكمۇ قىلمايتى. ئەتراپتا ئادەملەر شالاڭلىشىپ، ئۇلار ئوچۇقچىلىقتا قېلىۋاتاتتى. كۆپرەك ئېنىرگىيەسىنى گەپلىشىش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتقاچقا ئىلگىرىلەشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتى.

— مانداق دېسەم كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، ئەمما راستىنى دېگەندە سەندە سەل سەھرا پۇرىقى بار جۇما، ئاداش، .... غىققىىققق ....

—ۋې، ئۆزەڭنىڭ تۇرۇڭگە باقەۋە!

— بولدى، بولدى! ئۇنىمۇ قويۇپ، بۇنىمۇ قويۇپ، بىز بىر مودا چىقارمامدۇق؟....غىقق...

—....غىققق!! ... ۋاي، هالىمدىن كەتتىم، ... نېمە مودا دەيسەن؟

— مەسىلەن: هازىر چېچىمىز چاپلىشىپ تازا بىر نېمە بولدىغۇ، مانا شۇنى مودا قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقساق،....ۋاي ئۆلدۈم!...هۇھا! هۇھا!...

— بولىدىغان گەپتەك قىلىدۇ، ئەمما كىيىمدىن نېمىنى مودا قىلسا بو.... ۋاي كەتتىم! هۇھ هۇھ....

— كىيىمنىڭ مودىسىنى دەمسەن؟ بۇ دېگ....هۇھ هۇھ هالىمدىن كەتتىم، قاراپ باققىنا قەيەرگە كەلدۇق.

— نەدىكى قاملاشمىغان مودىلارنىڭ گېپىنى قىلىدىكەنسەن؟ هازىر دېگەن قالپاقنىڭ ئىچىگە پايپاق كىيىدىغان زامان...

— بۇ مودا.... — ۋاي ئۆلگىلى تاس قالدىم،... — بۇ مودا ئاياللار ئۈچۈنمۇ، ئەرلەر ئۈچۈنمۇ؟

— تەبىئىيكى ئەرلەر ئۈچۈن! شۇنىمۇ بىلمەمسەن كالۋا؟ ئاياللار ئۈچۈن هېچنېمە كىيمەسلىك مودا بولىۋاتسا...

— يە...نى، ئاياللىرىمىزنىڭ بەدەن.... گۈزەللىكىنى شەخسىي مۈلۈك

قىلىۋالماي، پۇتكۇل جامائەت بىلەن ئورتاقلىشىش... ئورتاق بەھرىمەن بولىشىمىز كېرەك - تە؟ مانا بۇنى مەدەنىيەت دېسە بولىدۇ...

— ئەمما مەن دەيمەن، ھېلىقى مودا توغرىسىدا،... پايپاقنى قالپاقنىڭ ئىچىگە كىيسە بەكرەك مەدەنىي بولامدۇ، قالپاقنىڭ تېشىغا كىيسىمۇ؟

— ئىچىگە كىيىش كېرەك!...ھۆۋۆۋ....

— ھوي بارمۇسەن؟ ماڭا قارا، مەنچە تېشىغا كىيسە تېخىمۇ مودا بولارمىكىن دەيمەن...

— ئىچىگە!...

— تېشىغا!

— ئىچىگە!

— تېشىغا! مەن بىر چەتئەل يومۇرى ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇنىڭدا دەيدۇكى، ئىت ئادەمنى چىشلىۋالغان بولسا يېڭى خەۋەر ھېساپلانمايدۇ، ئادەم ئىتنى چىشلىۋالغان بولسا يېڭى خەۋەر بولىدۇ... خۇددى شۇنىڭدەك، قالپاقنىڭ تېشىغا پايپاق كىيىۋالسا يېڭى مودا بولمامدۇ؟

— ياق ئىچىگە...

—....

بۇ جېدەل بوغۇشۇشقىچە بېرىپ يەتتى، ھاياتتا قېلىشقا قۇۋۋىتى يېتىش- يەتمەسلىكى ئىككى تايىن تۇرغاندا، بۇ ئۇلارنىڭ تازىمۇ دەرمانىنى قۇرۇتتى.

ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئاخىرقى ئىككى كىشى بىر تالدىن تاختايغا يامىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئافرىقىلىقتەك قىلاتتى.

— سىلەر ئۇيغۇر ئوخشىمامسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇلار.

— ھە ئە، سىلەر ئۇيغۇرچە بىلىدىكەنسىلەردە؟

— ئۇيغۇرچىنى بىلمەيمىز ئەمما دېيىشىۋاتقان گېپىڭلارغا قاراپ پەرەز قىلدۇق، غەرپتىن ئۆگىنىشتىكى ئىپىڭلارغا قاراپ، ئۇيغۇردىن باشقىسىدا بۇنداق ئەقىل بولمايدۇ، دەپ ئويلىدۇق. ھايات قالامدۇق، يوق؟ قىرغاق

نەدە؟ دېمەستىن مودىلاردىن، ھېچ مۇناسىۋەتسىز بىر نېمىلەردىن تالاش - تارتىش قىلىشىڭلارغا قاراپ بىلدۇق.

— بىزگە ئەقىل ئۆگىتىپ كەتكىنى قارىۋايلارنىڭ! ئۇنىڭغا ئارىلاشماي، تاختىيىڭلارنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئېسىلىۋالساق بولامدۇ؟ ھە، ما گەپنى قىلىشلى!

— بولمايدۇ، مەن ئۆزەمنىڭ جېنى بىلەن! ھەممە ئادەم شۇ. سېنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆزەمنىڭ جېنىنى زىيان تارتايمۇ ئەمدى؟! خوش، سىلەر تالىشىڭلارنى داۋام قىلىۋېرىڭلار، ...

ئۇلار ئۇزاپ كەتتى. ئەمدى ئوچۇقچىلىقتا ئىككى ئۇيغۇر — خۇدائۇرغۇر بىلەن تىلىڭقۇرغۇرلا قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېرىپ ھېچ مادارى قالمىدى، قىرغاقتىن ئەسەر يوق. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئۇلار قىرغاققا قاراپ يېقىنلىشىۋاتامدۇ ياكى بىر ئىزدا ئەلەڭلەپ تۇرامدۇ، ۋە ياكى دېڭىزنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە كېتىۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتى....

......

ھېكايەتتىن چىقتۇق. ئەمدى رېئاللىققا قايتىمىز.

كۆنىمىزدە يېزىق ئىسلاھاتى، ھەتتا بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىقىپ، ئېتىقاد ئۆزگەرتىش تەشەببۇسلىرى تالاش - تارتىش كۆنتەرتىپىدە تۇرىۋېتىپتۇ. كىملەر بۇ ئۆزى، ئېلىپبەنى ئىسلاھ قىلغۇچىلار؟ ئېتىقادنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار كىم ئىدى؟ بۇلار چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئەلۋەتتە. «سەۋزىدە خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك، تىلنىڭ ئىگىسى بولغان 30 مىليون خەلق شەرقىي تۈركىستاندا ئىكەن؛ ئېتىقادنىڭمۇ ئىخلاسمەنلىرى شۇ يەردە، يەنە شۇلار ئىكەن، چەتئەللەردىكى «بىلەرمەنلەر»نىڭ بۇنداق بىمەنىلىككە ۋاقىت ۋە زېھنىنى زايا قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ قىچىشمىغان يەرنى قاشلىغاندەك بىر ئىش بولىۋاتىدۇ!

سوراپ باقايلۇق: سەن ئۆزەڭ نورمالدا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتەمسەن؟ كەلگۈسىدە بالىلىرىڭ ئىشلىتەمدۇ؟ تەبىئىيكى، ياق! ھەر

بىرىنىڭ ئۆزەك ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلىدا ھەممە ئىشىڭنى قىلىسەن، پەقەت ھاردۇق چىقارغاچ «ئىنتېرنەت يىپ بازىرى»غا كىرىپ، قۇرۇق پاراڭ قىلىشقانىنىڭ ئورنىدا قىلىشىدىغان يېزىشمىلىرىڭ ئۈچۈن ئېلىپبە ئۆزگەرتمەكچىمىدىڭ؟ نېمە قىلىسا ۋەتەندىكى ئاساسىي كۆپچىلىك بۇ ئىشنى قىلىدۇ، قىلىۋاتىدۇ. بىز چەتئەلدە بۇ تېمىلارغا «قوشۇمچە»مىز، ئاشۇلارنىڭ بېكىتكەن قارارلىرىغا قوشۇلىمىز خالاس. بۇ تىلنى شۇلار ئىشلىتىدۇ؛ بۇ يېزىقنىمۇ شۇلار ئىشلىتىدۇ!

«ئىنتېرنېت يىپ بازارلىرى» دىكى يېزىشمىلار ئۈچۈن ھازىرقى ئىشلىتىۋاتقىنىمىز يەتمەمدۇ؟ كىم نېمىنى چۈشىنەلمەي قېلىۋاتىدۇ؟ لاتىن ئېلىپبەسىنىڭ ئاساسىي ھەرپلىرى بىزنىڭ تاۋۇشلىرىمىزغا رەپ كېلىدۇ؛ پەقەت تىلىمىزنىڭ ئۆزگىچە خاس بىر نەچچىلا تاۋۇشنى ئىپادىلەش مەسىلىسى تالىشىلىۋاتىدۇ. تالىشىۋاتقان شۇ يازمىلارنى (تېخى بىرلىككە كەلمىگەن ئەھۋالدىمۇ) كىشىلەر چۈشىنىۋاتىدۇ. ھەر كىمنىڭ «ش»لىرى، «ق»لىرى ھەر خىل بولىشىغا قارىماي، چۈشىنىلىۋاتىدۇ. بۇ دېمەك ئىنتېرنېتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدۇ دېگەن گەپ. كىتاپ نەشر قىلماق، (مىللەتنىڭ ئاساسىي ۋە بىردىن بىر ئېلىپبەسى قىلماق) ئۈچۈن بولسا، چەتئەلدىكىلەرنىڭ ئۆپرىنىشى ئارتۇقچە.

قەدىمىي يېزىقلار ئۇقۇلىۋاتقان، تىلىگىراف شىفىرلىرى تەرجىمە قىلىنىۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز، شۇڭا، قالتىس ئىش قىلىۋاتقان، مىللەتنىڭ قىسمىتىگە كۆيىنىۋاتقان كۆرۈنۈش ئىپادىلەشكە ئۇرۇنۇپ، ئۆزىمىزنى خېلى موھىم ئىشقا باش قاتۇرىۋاتقان قىلىپ كۆرسىتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. خۇددى «ئاتوم دەۋرىدە ياغاچ ۋەلسىپت كەشپ قىلغان»دەك!

چەتئەلدە يېتىشىپ ئاسمانغا بېشى تاقىشاي دېگەنلەرنىڭمۇ بۇ مىللەتكە بەرگەن بىرەر مېۋىسى ئوتتۇرىدا يوق. مەسىلەن: كومپيۇتېردا ئۇيغۇرچە ئىشلىتىشنى چەتئەللەردە يېتىشكەنلەر ھەل قىلمىدى، ئەكسىچە

ۋەتەن ئىچىدىكى ئاشۇ «يېتىشمىگەن» بىچارىلەر ھەل قىلىدى ۋە تېخىمۇ يېتىشمىگەن، ئۇيغۇرچىدىن باشقا ھېچ تىل ۋە يېزىق بىلمەيدىغان يۇزمىڭلىغان ئۇيغۇرنى بۇ مېۋىسى بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىسى پاكىتكى، مانا مەن چەتئەلدە ياشاۋېتىپمۇ، ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتالنى ۋەتەندىن ئەپچىقتۇرۇپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتىمەن. ئېنگىلىزچە ئۇگىنىشكە ئېھتىياج چۈشىۋىدى، بۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ۋەتەندىكى «يېتىشمىگەن ئۇيغۇرلار» ئىشلەپ چىققان ئېلېكترونلۇق لۇغەتنى ئەپچىقتۇرۇپ ئىشلىتىۋاتىمەن. گەرچە يېتىشكەنلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۇرسىمۇ، بۇلار پاكىت، بۇلار رېئاللىق.

ئەگەر ھەقىقەتەنمۇ مىللەتنى بىرەر ئىلىم - پەن يېڭىلىقىدىن بالدۇرراق نەسىۋىدار قىلماقچى بولسىڭىز، ساھەڭىز بويىچە ئىزدىنىپ، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن بىر نېمە بېرىپ بېقىڭ. مەسىلەن: ئىنتېرنېتتە نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىلىدا تېكىست تەرجىمە قىلىدىغان يۇمشاق دېتاللار بارىكەن، مانا شۇنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئىشلەپ، ئەلگە تەقدىم قىلىڭ، چۈنكى سىز چەتئەلدە يېتىشتىڭىز، مەملىكەت ئىچىدىكىلەر ھېچ تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئىمكانلارغا ئىگىسىز؛ ئۇ ھالدا بىز مەملىكەتتىن بىرەر يېڭىلىقنى ئەپچىقتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان بولماي، ئەكسىچە ئۇلارغا كىرگۈزۈپ بېرىدىغان بولايلى، مانا شۇنداق بولسا ئاندىن مىللەتكە كۆيۈنگەن، ئۇنىڭ ئۇچۇن بىرەر ئىلمىي تېمىنى ھەل قىلىپ بەرگەن بولىمىز.

ئەمدى تېخىمۇ قىزىق ياكى بىر تەرىپىدىن قارىسا ئۇچىغا چىققان بىمەنە بىر تالاش- تارتىش، ئېتىقاد ئۆزگەرتىش، دىن يېڭىلاش مەسىلىسىدۇر. يەنە شۇنداق سوئاللار تۇغۇلىدۇ: كىم سەن ئۆزەڭ؟ ئەسلىدە ئېتىقادلىق، دىيانەتلىك بىرسىمىدىڭ؟ ھېلىمۇ سەن دىنغا ئىشەنمەيدىغان تۇرۇپ، ئېتىقادنى كىم ئۇچۇن يەڭگۈشلىمەكچى ئىدىڭ؟ ئۆزەڭ ئۇچۇن بولسا بولىدۇ، خەقـقە مەسلىھەت سېلىپ ئولتۇرماي مۇرتەد بولىۋەرسەڭ بولىدۇ. ئىسلام دىنىدا شۇنداق بىر پىرىنسىپ بار: **دىندا**

**ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاش يوق**. بۇ بىر ئايەت. ئەپەندىم، ئىسلام دىنى دېموكراتىيە پرىنسىپىنى 1400 يىل ئەۋۋەل ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان. شۇڭا مۇرتەد بولىدىغان بولساڭ ياكى خرىستىيان بولىدىغان بولساڭ تاللاش ئۆز ئەركىڭ. ئەمما بۇنى ئۆزەڭ ئۈچۈن ئەمەس، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن (كۆيۈنۈپ) دەۋاتقان بولساڭ، بۇنىڭ قانچىلىك بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۆزەڭ ئىشەنمەيسەن، ئەمما دىندارلارغا ۋاكالىتەن «ئۆزگەرتىش قارارى» ئالىسەن. ئاندىن بۇ قارارىڭنى مەملىكەتكە ئەۋەتىپ بېرەمسەن؟ بۇ قارارىڭ ئۇ يەردە قانداق قىسمەتكە دۇچ كېلەر؟ قارشى ئېلىنارمۇ؟ كۆتىگە تېپىلەرمۇ؟ بۇنىڭغا كۆز يەتكۈزمەك شۇنچە تەسمۇ، ئەپەندىم؟

سىزگىمۇ مەسلىھەت، جانابىي تەقسىر، مىللەت ئۈچۈن كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ قىسمىتىدىكى مۇھىم بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرىۋاتقان ساختا كۆرۈنۈش ئىپادىلىمەي، قانداق قىلغاندا مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز؟ دېگەن تېمىدا ئىزدىنىپ باققان بولسىڭىز.

يەنە شۇنىمۇ دەپ قويماقنىڭ زۆرۈرىيىتى باركى، ئېتىقاد — بۈگۈن بىز ئۈچۈن تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ موھىم. ئۇ خىتايلارنىڭ بىزنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىۋېتىشىدە ئەڭ قاتتىق بىر توسالغۇ! بۇنى ئېلىۋەتمەكچىمۇ سىز؟ خىتايلارغا ياردەملىشىپ، يوقۇلۇشىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرمەكچىمۇ؟

# دىققەتكە سازاۋەر ئىشلاردىن بىرى

گۆھەر ياتىدۇ سايدا،
تونىمىساڭ نېمە پايدا؟

كۆز دېگەنغۇ بار نېمە،
كۆرمىسە بىكار نېمە.
— ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

ماقال- تەمسىللەر ئەقىل پاراسەت غەزنىسى بولۇش سۈپىتىگە مۇۋاپىق، هاياتنىڭ تەجرىبىلىرىنى، ساۋاقلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملاپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۇرمۇشىمىزدا مىڭلىغان «گۆھەر»نىڭ ياتىدىغانلىقى، ئۇلارنى كۆپ هاللاردا كۆرمەيدىغانلىقىمىز راست.

رادىئو تەرىپىدىن ئاڭلىتىلغان خىتايلارنىڭ چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى خىتاي جاسۇسلۇق سىستېمىسى ئۈچۈن ئىشلەشكە قىستاۋاتقانلىقىغا دائىر خەۋەر قانچىلىك ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى؟ بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، ئەتراپىغا قانچىلىك نەزەر سالدى ۋە ئەتراپتىن بۇنىڭغا يارىشا گۇمانلىق نەرسىلەردىن قانچىلىك هېس قىلدى؟ بۇلارنى توغرا مۆلچەرلىگىلى بولمىسىمۇ، هايات تەجرىبىلىرىمىز، مىللىتىمىزنىڭ كۆزى ئوچۇق كۆر هالىتى ھەققىدىكى سانسىز ئەمەلىي مىساللار، بۇرنىمىز تۇرۇپمۇ پوق يەۋېرىدىغان كالۋالىقلىرىمىز، ھەم بۇلارغا

www.uyghurkitap.com

يانداق قىلىپ، ئاتا- بوۋىلىرىمىز دەل بىزنىڭ شۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرىمىزگە كۆرە يەكۈنلەپ چىققان يوقارقى ماقال- تەمسىللەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قىياس قىلساق، دىققىتىمىزنىڭ چاغلىق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس.

پەرھاد ياسىن قېرىندىشىمىز چەتئەلگە چىققىلى ئون يىل بوپتۇ. ئائىلىسىنى ئەكىلەلمەپتۇ. ئەمما بۇ ئون يىل ئىچىدە نۇرغۇن ئادەم چەتئەلگە چىقتى، بەزىلىرى بالاۋاقىسى بىلەن بىللىلا چىقتى، ھېچ جۇدالىق ئازابى چەكمىدى؛ يەنە بەزىلىرى بەك ئىش ئەپلەشتۈرەلەيدىغانلىقى خاسىيىتىدە كېيىن ئەپچىقىپ ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇۋالدى. ئەجەبا، بۇ پەرھاد ياسىن بەك بۇجۇمبۇش كىشى بولغىيمىدى؟ ئۇ نىمىشكە بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىدى؟ بۇ سوئاللار ئەنە شۇ خىتايلار تەرىپىدىن قىلىنغان سانسىز تېلېفونلار ئارقىلىق جاۋاپ تاپىدۇ. دېمەك، بۇ ھەل بولماسلىق ئارقىسىدا بۇنداق بىر شەرتنىڭ ئورۇندالماسلىقى ياتماقتىكەن!

ئۇ ھالدا، ئاسانلا بۇ قىيىنچىلىقى ھەل بولغانلار ۋە ئەسلىدىنلا پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە چىققان ئەپەندىلەر ھەققىدە نېمە ئويلاش كېرەك؟ بۇنىڭ ئارقىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق شەرت بولغان بولسا، بۇ شەرت قوبۇل قىلىنغانمىدۇ؟ خىتايلارنىڭ پەسكەشلىك بىلەن، ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرغا تېلېفون قىلىپ، بۇنداق ھەمكارلىقنى تەكلىپ قىلىۋاتقانلىقى، ھەتتا بەك ئادەتتىكى كىشىلەرنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئىلگىرى مەن بىر ماقالە ئېلان قىلغانىدىم.

ئۇ ماقالىمۇ، رادىئونىڭ ئۈچمەس تۆھپىلىرىدىن بىرى بولغان موھىم بىر خەۋەرنىڭ ئىلھامى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئىدى: «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باياناتچىسى دىلشاد رىشىتنىڭ خانىمى مۇۋەپپىقىيەتلىك قېچىپ چىقتى» دېگەن مەزمۇندىكى خەۋەر شۇ ماقالىغا سەۋەپ بولغانىدى.

ئەمدى ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرگە شۇ ماقالەمنى يەنە ھۆرمەت بىلەن تەۋسىيە قىلىمەن ۋە بۇلارنى پەرھاد ياسىننىڭ ۋە يەنە باشقا

قىسمەتداشلارنىڭ تراگېدىيىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىشنىڭ زېيىنى بولمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئەجەبا، پەرھاد ياسىن تەشكىلاتلارغا قىزغىن ئىشتىراك قىلىش، پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا ئۈندەلگەن يەردە، موھىم بىر ئەرباب بولغان باياناتچى دىلشاد رېشىتنىڭ خانىمى دەل چاڭگىلىغا چۈشكەن تۇرسا ئۇنى شۇنداق بىخەستەلىك بىلەن «قاچۇرۇپ» قويۇپ ئولتۇرغاندىمۇ؟ پەرھاد ياسىن ھەرخىل قاچاق يوللار بىلەنمۇ پاسپورت ئىشلىتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرۈپتۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماپتۇ؛ ئەجەبا ھېلىقى خانىمغا شۇنچە ئوڭ كەپتۇ؟ تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر نۇقتا شۇكى، خىتايلار ئۇنى سۆزلىشىشكە كانادا ياكى مېكسىكىغا كېلىشكە دەۋەت قىپتۇ! دېمەك، بۇ دۆلەتلەردىمۇ خىتاينىڭ بەلگىلىك يوشۇرۇن كۈچى باركەن، ئەمما نېمىشكىدۇر بەزىلەر تامامەن ئالقىنىغا كىرگەن بولسىمۇ ئۇلارنى قولايچە قاچۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇلاردىن گۇمان قىلىشقا ھەققىمىز بارمىكەن ياكى پېقىر بەك ئاشۇرىۋېتىپتىمەنمۇ؟

«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ناملىق بۇ خىتايلار تەرىپىدىن ئىسىم بېرىلگەن قورچاق تەشكىلات ئىچىدە يەنە ئابلىمىت تۇرسۇندەك تەلەيلىكلەرمۇ بار. ئۇ پەقەت ئايالى بىلەنلا چىققان بولسىمۇ، كېيىن خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى ئۇنى قايتىپ كەتمەيدىغان قىلغاچقا بالىسى ئارقىدىن چىقىرىپ بېرىلگەن ئىدى. بۇ مەزگىلدە ئابلىمىت تۇرسۇننىڭ قازاقىستاندىكى ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، ھېلىقى ئاتالمىش «قورال تۇتۇلۇپ قېلىش» ۋەقەلىرىنىڭ پەردىسىنى ھازىرلاۋاتقانلىقىنى ئالمۇتىدا بولغان ھەركىم بىلگەن يەردە، كالۋا خىتايلار بىلمىگەن بولغىيمىدى؟ دەل ئۇنىڭ بالىسى ئارقىدىن چىقىرىپ بېرىلگەن مەزگىلدە مەن ئايالىمنى بولسىمۇ چىقىپ بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ كەتسۇن دەپ، بىرىدىن پاسپورت ئۈچۈن پۇل كىرگۈزگەن ۋە بىر پاسپورت ھۆددىگىرىگە ھۆددە قىلماقچى بولغان بولساممۇ، ھۆددىگەر «خاپا بولمىسۇن، بالىلىرىمنى باققىلى قويسۇن» دېگەن سالامنى ئېيتىپتىكەن! كۆپچىلىككە ئايان

بولغىنىدەك، شۇ چاغدىمۇ ئىنقىلاپ سېپىدىكى ئورنۇم ئابلىمىت تۇرسۇنىنىڭكىدەك بىلىنەرلىك ئەمەسىدى! بەلكىم ئۇنى، بالا سېغىنچىدا خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمىسۇن، بالىسىنى چىقىرىپ بەرسەك خاتىرجەم ئىشلىسۇن، دېگەنمىكىن؟

پۈتۈن ئالىسى بىلەن چىققانلار، كېيىن بېرىپ كەلگەنلەر، «قوغۇنلۇقنىڭ يولىدەك» دائىملا بېرىپ تۇرىدىغانلار ھەققىدە نېمە دېسەك بولار؟ يەنە تېخى شۇنداق ئىشلارمۇ باركەن: بەزى داھىلارنىڭ يۇرتتىكى قېرىپ قالغان ئاپىلىرى خىتاي ئامانلىق ئىدارىلىرى تەرىپىدىن يوقلۇنۇپ تۇرىدىغان، ئىككى مىڭ سوملاپ پۇل، بىرەر ياتا گۆش، بىرەر خالتا ئۇن، گۈرۈچ، ياغ قاتارلىقلار بىلەن ھال سورۇلۇپ تۇرىدىغان ئىشلارمۇ باركەن، بۇ ئىلتىپاتلارنىڭ سەۋەپكارى بولغان ۋاپادار ئوغۇل بولسا، چەتئەللەردىكى ۋەتەننى قۇتقۇزىۋالىدىغان تەشكىلاتلاردا لەشكەر بېشى بولۇپ، بىزلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىكەن!

قېرىنداشلار! ئازراق كۆزىمىزنى ئاچايلى! ئازراق ئەقىل ئىشلىتەيلى! پاكىتلارنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈش، گۇمانلىق نۇقتىلار ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىش ۋە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشنى ئۆگىنەيلى! ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا ئۆزىمىز ئۇنداق يېنىكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلمايلى! باللارچە گول بولغاندىن ئاز ـ تولا گۇمانخور بولغاننىڭ زىيىنى يوق.

# مىللىتىمىز ئاخىرقى نەپىسىنى ئېلىۋاتىدۇ!

2000- يىلى تاجاۋۇزچى خىتايلار ئۆز ۋەتىنىمىزدە ئۆز تىلىمىزنى ئىستېمالدىن قالدۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولغان، ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى ئىشلەتمەسلىكنى ئېلان قىلغانىدى. بۇ كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىنىڭ ھۆلى ئىدى. ئارقىدىنلا ئاتالمىش «قوش تىللىق مائارىپ»سەپسەتىسى قەپەزدىن چىقىرىلدى. يېقىندىن بۇيان بۇ خىل تىل تاجاۋۇزىنى يەسلىدىن باشلاشتەك بىشەملەرچە نىيەتلىرىنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا.

ئاتالمىش ئاپتونوم رايوننىڭ باش ھۆكۈمدارى ۋاڭ لېچۈەن خىتاينىڭ: «قوش تىللىق مائارىپ 100 يىللىق پىلان» دېگىنى بولسا ئەنە شۇ ئۆلۈم جازاسىنىڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ چېكى ھەققىدىكى ئېلاندۇر.

تىلىمىز ئالىي مەكتەپلەردە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىلا، مەن بۇ بىر باشلىنىش، بۇنىڭ ئاخىرى پۈتۈن جەمىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئىستېمالدىن قالدۇرۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، دېگەن ئىدىم ۋە مەسىلىنىڭ تەخىرسىز جىددىيلىكىنى قېرىنداشلارغا ئۇختۇرۇش مەخسىدىدە، بۇ تېمىنى «مىللىتىمىز ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى» دېگەن ماۋزۇدا يوۇرۇتۇشقا تىرىشقان ئىدىم. شۇندىن كېيىن ساتىرا تىلى بىلەن «ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلى قۇرۇتىلىدىغان بولدى!» دېگەن ماۋزۇدا بىر فىليەتونمۇ ياغانىدىم. ناھايىتى ئەپسۇسكى، بۇ ھەقتىكى چۆچۈش، ئويغىنىش، ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تۆۋەن ياكى تامامەن يوق. بۇ ھەقتە نە بەس مۇنازىرە، نە قارشىلىق

www.uyghurkitap.com

پائالىيەتلىرى، نە ئەقىلگە مۇۋاپىق تىركىشىش، جان تالىشىش پىلان-لاھىيەلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ھېچقانداق تەدبىر، ھەتتا ئەقەللىي قارشىلىق روھىمۇ ئىپادىلىمىگەن بۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى نېمە بولار؟ بۇلارنى ئويلىسا كىشىنى سۈر باسىدۇ.

ئاتالمىش ئاپتونوم رايوننىڭ قورچاق مۇئاۋىن رەئىسى «قوش تىللىق مائارىپ» نىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە توختالغاندا «تۇڭگانلار خىتايچە سۆزلەيدۇ، ئۇيغۇرلارمۇ خىتايچە سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتسە نېمە بوپتۇ» دەپتۇ. قالغانلىرىمىزمۇ ئۇنداق دېمەيدىغاندۇق؟ ئۇيغۇر بولۇپ ياشاش، تۇڭگانغا ئايلىنىپ ياشاش، ياكى خىتاينىڭ ئۆزى بوپ كېتىشنىڭ پەرقى يوق بولغان ئەڭ تۆۋەن ھاياتلىق تەلىپىدىكى ئاۋۇ مۇئاۋىن رەئىستەك ئېشەكلەرگە ئەلۋەتتە ھېچگەپ ئەمەس، ھەتتا چوچقىغا ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ پەقەت ياشىسىلا بولىدۇ، توق ياشىسا، قېنىپ يۇندا ئىچەلىسىلا ياشىغانلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە! قالغانلارمۇ شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە نېمىشكە بۇ مەسىلە ھەققىدە باش قاتۇرمايمىز؟

بەزىلەر مىللەت يوقالمايدۇ! دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. بۇ بەك چىرايلىق گەپ، ئۈمىدۋارلىقنى ئىپادىلەيدىغان قەھرىمانانە گەپ. ئەمما كونكرېت شەرتلەرگە قارالدىمۇ؟ مىللەتنىڭ يوقالماسلىقى ھەققىدىكى لاپلار پەقەت ئابستراكت ئارزۇ، ئەمما بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا بۇنىڭ ھېچقانداق كونكرېت ئاساسى يوق. ئارزۇ ھامان شېرىن، رېئاللىق ھامان رەھىمسىز.

ئوتتۇرا ئاسىيادا، تۈركىيەدە، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ (غەرب دۆلەتلىرىدىكىلەر يېڭى بولغاچقا ئۇلار ھەققىدە توختۇلۇشنىڭ ئورنى يوق)، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئالدىنقى ئەۋلادى ئۇيغۇر سۈپىتىدە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى ياكى ئاخىرلاشتۇرىۋاتىدۇ؛ شۇ يەردە تۇغۇلغانلار ئاللىقاچان مىللىي تىلىنى بىلمەيدىغان، مىللىي كىملىكىنى ئۇنۇتقان، ھەتتا مىللىي كىملىكىدىن تېنىشقا مايىل بىر ئەۋلاد بولۇپ چىقتى، چىقىۋاتىدۇ ۋە چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇ دۆلەتتىكى ئاساسىي ئاھالە بىلەن بولغان

نوپۇس نىسبىتى، ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلىتىدىغان تىل، ھاكىمىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ھاكىم تىلنىڭ تەكىتلىنىشى، تەلەپ قىلىنىشى ۋە بىلىنمەس بىر شەكىلدە بولسىمۇ بىر خىل قىستاش،... تەدرىجىي يوسۇندا ئەنە شۇنداق يوقۇلۇشقا ئېلىپ كەلدى. گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەھۋال بىرئاز ياخشىدەك، تېخى ھازىرمۇ تۇغۇلىۋاتقان بالىلارنىڭ ئۇيغۇرچە تىلى چىقىۋاتقىنى (قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننىڭ بىرقىسىم رايونلىرىدا) ھەرگىزمۇ ئاساسىي ئېقىم ئەمەس.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدا پەرغانە ۋادىسىدا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ياشىغانلىقى، ئەنجان شەھىرىدىلا بىرنەچچە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ، دىراما- تىياتىرنىڭ بولغانلىقىنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرساق، نېمىنىڭ ئاساسىي ئېقىم ئىكەنلىكىنى كۆرىۋېلىشىمىز تەس ئەمەس: بۈگۈن بۇ يەرلەردە بىرەر ئۇيغۇر مەكتىۋىنى تاپقىلى بولامدۇ؟ 40 ـ يىللارغىچىمۇ تاشكەنتتە ئۇيغۇر تىلىدا مەتبۇئاتلار باردى، ژۇرناللار نەشىر قىلىناتتى، بۈگۈن بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئۆزبېكىستاننىڭ بىر ۋىلايىتى بولغان قەشقەر دەريا ۋىلايىتىدىكى ئاھالە ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئىدى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ پاسپورتىغا قاراڭ، نېمىكىن. ھەتتا رەسمىي مەتبۇئاتلار «قەشقەر دەريا» دېگەن يەر ئىسمىنى غەرەزلىك تۈردە بۇرمىلاپ، تەدرىجىي ھالدا «قاشقا دەريا» دەپ ئومۇملاشتۇرماقتا. ئەمما شۇ يەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىسمىنى «قەشقەر دەريا» دەپ ئاتايدۇ.

قازاقىستاندا بۇرۇندىن مەۋجۇت بولغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئىلىم- مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ مۇستەقىللىقتىن كېيىن كىچىكلىتىلىشى ياكى ئاساسەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى، ئۇيغۇرچە «يېڭى ھايات گېزىتى»نىڭ خىتاينىڭ تەلىپى ئىجابى تاقىلىشى، بىر مىليوندىن ئارتۇق بولغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆلكىلىك دەرىجىدە ئاز كۆرسىتىلىشى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ ئومۇمىي ئېقىمنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتۇر. بۈگۈنكى خىتاي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەت يېقىنلىقىمۇ، بۇ

مەۋجۇتلۇقنى كۆندىن ـ كۈنگە يوق قىلىدىغان كۈچلۈك بىر ئامىل بولۇپ تۇرماقتا.

يوقارقى بارلىق مىساللار بۈگۈنكى ۋەتەن ئىچى ۋەزىيىتىمىزگە سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن بېرىلدى. بۇ سېلىشتۇرما نۇقتىلىرى شۇلاردىن ئىبارەت: نوپۇس نىسبىتى، ھاكىمىيەتنىڭ ئاشكارە- يوشۇرۇن بېسىمى — ھاياتنىڭ تەقەززاسى: ياشاش ئۈچۈن شۇ دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولۇش،... قاتارلىقلار. ئەمدى ئۆز ۋەتىنىمىزگە كەلسەك، ئۇ يەردىكى ھاياتلىق شارائىتىمىز، يۇقۇرىدا مىسال قىلىنغان چەت دۆلەتلەردىن پەرقسىز، يەنى، قارىماققا ئۆز يۇرتىمىزدەك قىلغىنى بىلەن، يەنىلا ئۆز يۇرتىمىزدا مۇساپىر، ھوقۇقسىز، تىلىمىزنىڭ ھاكىمىيەت تىلى ھېساپلانمايدىغانلىقى، نوپۇس نىسبىتىدىكى قورقۇنۇچلۇق پەرق قاتارلىق تاشقى مەۋجۇتلۇق شەرتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئۇيغۇرلار ياشايدىغان چەت مەملىكەتلەر بىلەن ئوخشاش بولسا، خىتاينىڭ تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكى، ئىشتاھاسىنىڭ ھەرقانداق بىر كونا- يېڭى جاھانگىردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى، ۋەھشىيلىكتە تەڭدىشىنىڭ يوقلىقى، زورلاش مېتودىنىڭ قەبىھلىكى، يېرىمىزنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا بولغان جىددىي ئېھتىياج قاتارلىق ئامىللار باشقا مەملىكەتلەرگە قارىغاندا ئارتۇق بولۇپ، ھەتتا، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار مىللىي كىملىكىدىن يوقۇلۇشتىن بۇرۇنراق، شەرقىي تۈركىستاندا يوقۇلۇپ بولىشى چوقۇم.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغانلار مەۋجۇتلۇقتىن قېلىشىمىزدىكى تاشقىي شەرتلەر ياكى ماددىي شەرتلەر بولۇپ، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن نېمىلەرنىڭ كېرەكلىكىنىمۇ شۇنىڭدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ: مىللىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ موھىم ۋە بەلكى بىردىن بىر ماددىي شەرتى — مۇستەقىل دۆلەتتى بولۇشتۇر.

تىلنىڭ يوقۇلىشى— مىللەتنىڭ يوقۇلىشى ھېساپلىنامدۇ؟

ئەلۋەتتە. بىز دۇنياغا، تارىخنىڭ بەتلىرىگە قارايدىغان بولساق، تىلدىن

ئايرىلىپ مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز.

بۈگۈن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر ئاساسەن ئىسپانچە، ۋە قالغىنى پورتۇگالچە سۆزلىشىدۇ. يەنى، 37 مىليون نوپۇسلۇق ئىسپانىيەنىڭ تېشىدا يەنە 350 مىليون ئىنسان ئىسپان تىلى ئىشلىتىدۇ؛ 12 مىليون نوپۇسلۇق پورتۇگالىيە سىرتىدا 190 مىليون ئىنسان پورتۇگالچە سۆزلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ دۆلەتلەردىن كۆچۈپ بارغانلارمۇ؟ ئاشۇ قاتناش قولايسىز دەۋرلەردە ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇنچىلىك ئادەمنىڭ كۆچۈشى ئاسان ئەمەس؛ ئەمەلىيەتتە بۇلار مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىۋېتىلگەن يەرلىك نوپۇسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئىيكى، ياۋروپالىق بولمىغانلارنىڭ قېنى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىسپانلار، پورتۇگاللار ياۋروپالىقلارغا ئوخشىمايدۇ: قاراچاچ، تېرىسىمۇ ئاق ئەمەس، بۇغداي ئۆڭ ياكى قارا. ئەمما ئۇلار تىلى ئىسپانچە، پورتۇگالچە بولغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئىسپان، پورتۇگال دېيىشىدۇ. تىلنىڭ بىرلىكىدىن تەبىئىي شەكىللىنىدىغان ھېسسىيات بىرلىكى، مەدەنىيەت بىرلىكى، ئىستېتىك ئۆلچەملىرىدىكى ئورتاقلىق، تادرىجىي ھالدا ئاسسىمىلاتسىيە بولغۇچى مىللەت ئەزالىرىدا ئاسسىمىلاتسىيە قىلغۇچىنىڭ كىملىكىنى مېنىڭسىمەك ئورنىغا ئۆتىدۇ.

خىتايلارنىڭ كۆزلەۋاتقىنىمۇ دەل ئەنە شۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر جەمەتىدىن بولغان ئەرەپلەشكەن بىر كىشى، ياكى بۈگۈنكى كۈندە ئەنجاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئەۋلادى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ھېچ قىزىقمايدۇ؛ ئىنسان گەرچە ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشلىرىنى ئاسان ئۇنتۇپ قالمىسىمۇ، لېكىن، ئۆزى ياشاۋاتقان زاماندىكى مەۋجۇدىيىتى نېمە بولسا، شۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسى ھەممىدىن ئۈستۈن بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، بۈگۈنكى ۋېنگىرلار، فىنلار... بىز بىلەن بولغان يىلتىزداشلىقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن جان ئاتمايتتىمۇ؟ ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەتىدىن كەلگەن يېڭى «ئۆزبېكلەر» ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇنتۇپ قالغىدەك ئۇزاق زامان ئۆتمىگەن، ئەمدىلا بىر ئەۋلاد ئۆتكەن ياكى تېخى تولۇق ئۆتمىگەن بولۇشىغا قارىماي، بۇنداق بىر ئەسلىگە كۆيۈش، يىلتىزىغا تارتىنىش خاھىشى ئىپادىلىمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. مانا بۇ رېئاللىقنى خىتايلار تەتقىق قىلمىدى ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار، مىللىي تىلنى يوقىتىش ئارقىلىق، مىللىي كىملىكىمىزنى ئۆزگەرتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى!

ئۇيغۇرلارنىڭ يوقۇلىشى تارىخىي مۇقەررەرلىكمۇ؟

بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولمىسا ئۇنىڭ يوقۇلىشى مۇقەررەر! پەقەت قالدى ئىش ۋاقىت مەسىلىسى: يا بالدۇر يا كېيىن؛ ئەمما ئاخىرقى نەتىجە بىرلا، ئۇ بولسىمۇ يوقۇلۇش! بىر فىرانسۇز رۇس دۆلىتى ئىچىدە ياشىسا مۇقەررەر رۇسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ فىرانسۇز بولۇپ تۇرىشىنىڭ شەرتى مۇتلەق بىر فىرانسىيە دۆلىتى؛ بىر تۈركنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ شەرتىمۇ بىر تۈركىيەنىڭ بولىشى!

ئەگەر بۇ نۇقتا چەتكە قېقىلمايدىغان بولسا، يەنە بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تەرەققىيات مەنزىلى شۇنداقكى، ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ كەسكىنلىكى، قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ تېزلىشىشى، دۇنيانىڭ «كىچىكلەپ كېتىۋاتقانلىقى»دىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇت ئەمەلىيەت، بەزى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تىلىنى دۆلەت ھالقىپ ھاكىم تىل ئورنىغا چىقىرىۋاتىدۇ؛ يەنى، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تىلى دۆلەت ھالقىپ، ئاسسىمىلاتسىيە ھۇجۇمى قىلىدىغان بىر ۋەزىيەتتە ياشاۋاتىمىز. ھەتتا بۇنداق تىللارنى ئاسسىمىلاتسىيە بولغۇچىلار «كۆكۈل رىزالىقى» بىلەن ئۆزلىرى ئىستەپ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلمەكتە. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، دۆلىتى بولمىغان، يەنى مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەڭ موھىم ماددىي شەرتىدىن مەھرۇم بولغان مىللەتنىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تاجاۋۇزچىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىكى بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ھەققىدىكى خىياللار ئۆتۈپ كەتكەن ئوتۇپىيە بولسا كېرەك.

مىللىي يوقۇلىشىمىزغا مۇۋاپىق تۇپراق ۋەتەن ئىچىدىمۇ، ۋەتەن سىرتى —قېرىنداش قوشنا ئەللەردىمۇ خىتاينىڭ مەخسىدىگە خوپ چۈشكەندىن باشقا، ئۆزىمىزدىكى مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئىچكى شەرتلىرىمۇ خىتايلارغا ئوڭ كېلىدىغان ھالەتتە تۇرماقتا: تەشكىللىك قارشىلىق، ئىستىخىيىلىك قارشىلىق، يوقۇلۇشقا تىرەجەش روھى بولمىغاندىن تاشقىرى، ئەڭ ئۇلۇغ بىلەرمەنلىرىمىزمۇ بىزگە يۈزلەنگەن خەتەرنىڭ دەرىجىسىنى توغرا مۆلچەرلەپ باقمىدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ھەقتىكى ھازىرلىق، چارە تەدبىر، ئىزدىنىش ...لاردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. خەتەرنىڭ دەرىجىسىنى توغرا تونۇماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا لايىق قارشىلىق روھى شەكىللەنمەيدۇ! خىتاينىڭ ئاتوم بومبىسى ئۇ قەدەر قورقۇنۇچلۇق ئەمەس ئىدى، ئەمما بۇ يوقۇتۇش سىياسىتى نەچچە ھەسسە خەتەرلىك ۋە قورقۇنۇچلۇق!

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىغقۇچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى www.uyghurkitap.com

# مىللىتىمىز ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى!

تىل — مىللەت مەۋجۇتلىقىنىڭ شەرتى؛ تىل — مىللەتنىڭ موھىم بەلگىسى؛ تىل — مىللەتنىڭ بارلىقى؛...

مىللىي تىل ھەققىدە قەدىمدىن كېلىۋاتقان باھالارنىڭ ھەممىسى كۆرسىتىدۇكى، تىل بولمىسا مىللەت بولمايدۇ. تىل بولمىسا مۇستەملىكە ئەل مەڭگۇ يوقۇلىدۇ. بۇ ھەقتە فرانسىيە كىلاسسىكلىرىدىن ئالفۇنس دود «ئەڭ ئاخىرقى دەرس» ناملىق ھېكايىسىدە: «تىل — مۇستەملىكە قەپىزنىڭ قۇلۇپىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ» دېگەن ئىدى. مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ تىلىنى ساقلاپ قېلىشى ئەنە شۇ قەپەزنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزىدە ساقلاش بولسا، تىلىنى يوقۇتۇش — بۇ ئاچقۇچىنى يوقاتقانلىقتۇر؛ مەڭگۇ ئاشۇ قەپەز ئىچىدە قېلىش ۋە شۇ قەپەز ئىچىدە ئۆلۈپ تۈگەش دېمەكتۇر!

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خىتايلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىنى چەكلىگەنلىكى — مىللىتىمىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلغانلىقىدۇر. بۇ بىر باشلىنىش ئىكەنلىكىنى ھەركىم تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. ئەتە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، ئۆگۈن باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، ئاندىن جەمىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىدە تىلىمىز ئىستېمالدىن قالدۇرىلىدۇ. بۇ ھەقىقىي تۈردە مەۋجۇتلۇقتىن قېلىش دېمەكتۇر!

1998- يىلى جاللاتلار كاتتىۋېشى جاڭ زېمىن ۋەتىنىمىزگە كېلىپ، «خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن»دە سۆزلىگەن «موھىم سۆزى»دە «ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى شۇنى ئېنىق تونۇشى كېرەككى، جەمىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تىللار كۆپەيمەيدۇ، بەلكى

ئازىيىدۇ» دەپ بۇ ھۆكۈمنامىنىڭ يېقىن ئارىدا جاكالىنىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن ئىدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپلا ئالىي مەكتەپلەردە تىلىمىزنىڭ چەكلىنىشى، خىتايلارنىڭ يوقۇتۇش قەدىمىنى نەقەدەر تېزلەتكەنلىكىنى، بۇنى تەخىرسىز قىلىۋاتقان قانداقتۇر بىر ئىچكى سەۋەپنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن.

جاللاتلارنىڭ رەھىمسىز قىلىچى بوينۇمىزغا تەڭلەكلىك بولغاچقا، مانا شۇ يوقۇلۇشقا ئۇن- تىنسىز كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇپتىمىز. نە قارشىلىق بولدى، نە نارازىلىق! چۈنكى، كوممۇنىست سىستېمىدا بۇنداق بىر قارشىلىقنىڭ رەھىمسىز قەتلىئام بىلەن نەتىجىلىنىشى ئېنىق ئىدى. خەلقئارادا  شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ئائىت تەشكىلاتلار بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئۈنۈملۈك ئىش قىلغىنى يوق، شۇنداقلا قولىدىن بىرەر ئىشنىڭ كېلىشىمۇ ناتايىن. ئېيتايلۇق: خەلقئارا تەشكىلاتلارغا دات ئېيتىش، نارازىلىق نامايىشلىرى، قۇرۇلتايلار، مەتبۇئاتلاردا بىلدۈرۈلگەن ئېيپلاشلار، قاخشاشلار... بۇنداق ئۇسۇلدىكى «ئىنقىلاۋىي ھەركەت»لەرنىڭ كوممۇنىستلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، بىرەر پايدا كەلتۈرگىنى كىمنىڭ ئېسىدە بار؟ ھەرھالدا مېنىڭ ئېسىمدە يوق. ھەتتا تىبەتنىڭ بەك نەتىجىلىك (خەلقئارادىكى تەسىرى نۇقتىسىدىن) دەپ قارىلىۋاتقان پائالىيەتلىرىنىڭمۇ خىتاي كوممۇنىستلىرىغا بىرەر ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە دائىر مىسال يوق.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قىلىنىغۇسى ۋە قىلىنىشى كېرەك بولغان بىردىن بىر ئىش، ۋەتەن ئىچىگە قارىتىلىدىغان تەشۋىقات. تەشۋىقاتلار ئارقىلىق خەلققە بۇ سۇئىقەستنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان بالا - قازانى ھەرزامان ئەسلىتىپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئانا تىلغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىش، بىر تۇرلۇك «جىم - جىت قارشىلىق» ئۇسۇلى بىلەن، ئاسسىمىلاتسىيىگە جەڭ ئېلان قىلىش، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن تىركىشىش روھى ھالىتى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك. بۇ تىركىشىش - تىل ۋە دىنىي

ئېتىقادتىن ئىبارەت ئىككى يۆنۈلۈشتە بولىشى زۆرۈر. مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلىقى مانا شۇ ئىككى ئامىلغا باغلىق. گەرچە كېيىنكىسى «مەدەنىيلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار»غا بەك ياقمىسىمۇ بۇگۈنكى كۈندە بىزنى خىتايدىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىر موھىم چېگرا دىنىي ئېتىقادىمىزدۇر. مانا شۇ ئىككى موھىم چېگرانى قانچە ئۇزاق قوغدىيالىساق مەۋجۇتلىقىمىزمۇ شۇنچە ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. خەلقنى مۇشۇ ئىككى نۇقتىدا تەربىيىلەش، يېتەكلەش، قارشىلىق روھىنى بىلەپ تۇرۇش تەشكىلاتلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت كۈن تەرتىۋىدە ئەڭ ئاۋالقى قۇرلاردا تۇرىدىغان ئىشلاردىندۇر.

ۋاھالەنكى، مەملىكەت ئىچىگە قارىتىلىدىغان تەشۋىقاتنىڭ خەلققە يېتىپ بېرىشىدىكى بىردىن بىر ۋاستە رادىئو بولۇپ، ئەگەر رادىئونىڭ مۇناپىقانە تۇتۇمى ئۆزگەرمىسە بۇ ئىشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر باشقا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى (ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن كۆيۈپ- پىشۇاتقىنى راست بولسا) بۇ سەپتە كۆرەشكە ئاتلىنىشلىرى ئەقىللىي بىر ئىش. بۇنى قويۇپ قىلىنىۋاتقان قۇرۇق دەبدەبىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئۆزىنى رېكلام قىلىش ئۇرۇنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەسلىدە بۇ شەرقىي تۈركىستان سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ موھىم بىر ئىشى بولىشى كېرەك بولسىمۇ، لېكىن، رادىئونىڭ بۇ ھۆكۈمەتكە تۇتقان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى بۇنىڭغا ئىمكان بەرمەيدىغان بولغاچقا، باشقا تەشكىلاتلارنىڭ «ئىنقىلاۋىي مەيدانى» راست بولسا، ھەقىقەتەنمۇ ئۆز - ئۆزىنى رېكلام قىلغىنىدەك بۈيۈك ئىشلارنى قىلىپ يېرىۋېتىپ بارغان ۋە قىلىدىغىنى راست بولسا، رادىئو بىلەن ھەمتاۋاق بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، رادىئودىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، بۇ باپتا بىرەر ئەمەلىي قەدەم ئېلىپ باقسۇن، بۇنى خەلق كۆرۈپ باقسۇن! بېشىمىزدا بۇ قەدەر بۈيۈك بىر بالا ماراپ تۇرغاندا ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق «موھىم ئىش»لار بىلەن بەنت بولىشى، بولىۋاتقىنى كىشىنى

قىزىقتۇرىدىغان بىر تېما، ئەلۋەتتە.

www.uyghurkitap.com

# دەۋامىز تۈيۈق يولدا!

**بىزنىڭ دەردىمىز نېمە؟**

ھازىر ئوتتۇرىدا كۆپ تەكرارلىنىۋاتقان «كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە» شوئارلىرى ئىچىدە ئاستا- ئاستا شۇنداق بىر كەيپىيات، بىر خىل مەنىۋى ئاتموسفىرا بارلىققا كېلىۋاتىدۇكى، گويا بىزنىڭ ئاساسىي دەردىمىز ئەنە شۇ — دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق.

**بىزنىڭ دەردىمىز شۇمۇ؟ تەلىپىمىز دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقىمىزمۇ؟**

شۇ پاكىتلارغا قاراپ باقايلى: دېموكراتىك خىتايلار، فالۇنگوڭچىلار، تىبەتلىكلەر،... دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەلىپىدە بولماقتا؛ بىزنىڭ دەردىمىزمۇ ئۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشاشمۇ؟ كېرىمۇۋ ھاكىمىيىتىدىن قاچقانلارمۇ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەيدۇ؛ بىزنىڭ دەردىمىز ئۇلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟

يۇقارقى مىساللاردا كۆرسىتىلگەن توپلار شۇ دۆلەتنىڭ تۈزۈمىنىڭلا ئۆزگىرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر دۆلەت تۈزۈمى ئۆزگىرىپ، دېموكراتىك سىستېما قۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ دەردى تۈگەيدۇ، مەسىلە ھەل بولىدۇ. بىزنىڭمۇ شۇنداقمۇ؟ خىتاينىڭ سىياسىي تۈزۈمى ئۆزگەرسىلا ئىشىمىز پۈتەمدۇ؟ ياق! مىڭ مەرتە ياق!

بىزنىڭ دەردىمىز قانداقتۇر دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى مۇنقەرز بولغان دۆلىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسىدۇر. داۋا قىلغۇچىلاردا بۇ نۇقتا ئېنىق بولۇشى كېرەك! ئەمما

شۇئاندىكى ھەددى- ھەرىكەتلىرىمىزگە قارايدىغان بولساق تەدرىجىي ھالدا نىشاندىن چەتنەپ، دۇنيادا ئومۇمىي ئېقىم بولۇپ قالغان دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى مېنىڭسىگەندەك قىلىمىز. بۇ جەزمەنكى تۇيۇق يولدۇر!

ئۆزىنى «دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق...نىڭ بىردىن بىر قانۇنىي ۋەكىللىك ئورگىنى» دەپ پەدەزلەۋاتقان تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلمىسى، پىرىنسىپلىرى، نامى،... بۇ بۈيۈك داۋانىڭ داۋاگىرى بولۇشقا لايىق كەلمەيدۇ! چۈنكى ئۇنىڭ پەقەت «ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» بولۇشى، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى دۆلەت داۋاسى ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ۋاھالەنكى، ئەگەر پەقەت بىر مىللەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ياكى دېموكراتىك ھوقۇقى مەسىلىسى بولىدىغان بولسا، ئۇ ئاشۇ مەۋجۇت دۆلەت ئىچىدە تۇرۇپمۇ ھەل بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت شەكلى بولار. بىزنىڭ كۈتكىنىمىز پەقەت شۇلىمۇ؟

توغرا، بۇنىڭغا ئۈچ ئەپەندى ياكى خۇسۇسەن ئىسا ئەپەندىنىڭ «مۇستەقىللىققا يېقىن مۇختارىيات» تەشەببۇسىنىڭ پەردىزى بولغان، «قەدەممۇ- قەدەم» ھەل قىلىش غايىسى كۆرسىتىلىشى مۇمكىن. ئەمما كۆپچىلىككە مەلۇم بولغان خىتايلاردىن بۇنداق بىرنەرسە كۈتمەك، ئەسكى تامدىن قوقاق تىلىگەندەكلا بىر ئىش! يەنە بىر باھانە شۇ بولۇشى مۇمكىن: خەلقئارادا قوللاشقا ئېرىشەلمەيمىز، دۆلەتلەر مۇستەقىللىق تەلىپىگە ئەمەس، دېموكراتىيە تەلىپىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئەمما بۇ ئۇمۇلغان ياردەم قانداق ياردەم؟

ئىككى خىل ياردەم بولۇشى مۇمكىن: بىرى مەنىۋىي ياردەم بولۇپ، خىتاينى ئەيىبلەش ۋە بىزنىڭ ھالىمىزغا ئېچىنىش؛ يەنە بىرى ئىقتىسادىي ياردەم بولۇپ، بۇنى دۆلەتلەر ھەرگىزمۇ بەرمەيدۇ پەقەت بەزى ئاممىۋى تەشكىلاتلار بېرىشى مۇمكىن.

مەنىۋي ياردەمدىن بىزنىڭ مەخسىدىمىز ھاسىل ئەمەس، بۇ ئەمەلىيەتتە قۇرۇق گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنى دۆلەتلەر بىزنى دەپ خىتايغا قارشى ھېچنەرسە قىلمايدۇ. ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدىغان تەشكىلاتلارنىڭمۇ ھاكىمىيەتنىڭ دىپلوماتىيىسىگە زەرەر كېلىشى ئېھتىماللىقى بولغان ئەھۋالدا، خىتاينىڭ زىتىغا تېگىشكە جۈرئىتى بولىشى مۇمكىن ئەمەس. تېخىمۇ ئاددىي بولغان ھايات ھەقىقىتى: پۇل ھامان بەدەل تەلەپ قىلىدۇ! بۇ بەدەل نېمە بولىشى مۇمكىن؟ ھازىر ئۇچۇن بازاردا ئېقىۋاتقىنى: مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىسىز، ئاندىن ياردەم قىلىمىز، دېگەندىن ئىبارەت.

بىز ئەقلىمىزنى جارى قىلىپ، ئېرىشىدىغىنىمىز بىلەن مەھرۇم بولىدىغىنىمىزنى سالماقلاپ سېلىشتۇرۇپ باقساق، قورقۇنۇچلۇق خاتالىشىۋاتقانلىقىمىزنى ھىس قىلماي قالمايمىز. بۇ خىل ۋەزىيەتنى مەن ئىلگىرىكى بىر ماقالەمدە ئوخشىتىش قىلىپ، «بۇ خۇددى ئاختا قىلىۋېتىشىمىزگە ماقۇل بولساڭ، ئاندىن ئۆيلەپ قويىمىز» دېگەندەك بىر ئىش دېگەنىدىم.

ئۇ ھالدا، دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى، تەشكىلاتلارنىڭ ماددىي ياردىمى چەتكە قېقىلسا، نېمىگە تايىنىپ پائالىيەت قىلىمىز؟ بۇ سوئال ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى يامان يەرگە قىستاپ قويىدىغان، گەپدانلىق قىلىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، ئەمەلىي قىيىنچىلىقىمىز ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن سوئال بولۇپ، قاراشلىرىمىزغا قارشى مانا شۇ سوئالنىڭ بېرىلىشىدە گەپ يوق. گەرچە ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئېغىر، ئىقتىسادىي ھالىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى مانا شۇنداق بىر ياردەمنى ئېلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان دەرىجىدە ئىكەنلىكى ھەقىقەت بولسىمۇ، بۇ ھەرگىز ئومۇمخەلقنىڭ ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىش كېرەكلىكىنىڭ باھانىسى بولالمايدۇ!

پۇلنىڭ چوقۇم بەدەل تەلەپ قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەت ئېتىراپ قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇنداق بىر «پۇل ياردەم قىلىش»



www.uyghurkitap.com

قۇرۇلىشىنى خىتاي ئۆزى ئىنشا قىلىپ، پۇل بەدىلىگە تەلەپ سۇپىتىدە ئۆز ئارزۇلىرىنى بىرگە تېڭىپ، تەدرىجىي ھالدا داۋانى خالتا كوچىغا باشلىسا قانداق بولىدۇ؟ كۆرۈنۈپلا تۇرغان رېئاللىق شۇكى، ئەگەر پۇلنى دەپ، ئاساسىي مۇددىئادىن ۋاز كېچىلىدىغان بولسا، بۇنداق بىر ئىقتىساد تەمىنىنى خىتايلار قىلمايدۇ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟

ئۇنىڭدىن باشقا، تەشكىلىي قۇرۇلمىنىڭ داۋانىڭ ئومۇمىي ھەجمىگە لاياقەتسىزلىكى دىققەتكە ئېلىنسا، داۋامىزنى تۈيۈق يولدا دەپ كەسكىن خۇلاسە چىقىرىش تەس ئەمەس!

مەن ئىلگىرى يېتەرلىك دەلىلەر بىلەن، بۇ تەشكىلىي ئورگاننىڭ نامى مەسىلىسىدە جىددىي ئويلانمىسا بولمايدىغان مەسىلە بارلىقىنى ئىسپات قىلىشقا تىرىشقان ئىدىم. بۇ ئىسمىنىڭ ئىككى يىل ئاۋال خىتايلارنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقى ۋە كېيىن ئەڭ چوڭ ۋەكىللىك ئورگىنىمىزغا ئىسىم بولۇپ قېلىشىنى تاسادىپىي تۇغرا كېلىپ قېلىش دېگەنگە مەڭگۈ قوشۇلالمايمەن! بۇ نۇقتا يېقىندا تۈركىيەدىكى قازاقلارنىڭ ئۆزلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلمىگەن، قازاقىستاندىن كەلگەن دەپ ئېلان قىلىشى بىلەن ئوخشاش مەنبە تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن شۇملۇق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس.

ئاۋال شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى ھەممە شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، پەقەتلا ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرۇلتىيىغا ئايلىنىش بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ كۆپ نوپۇسلۇق قېرىنداشىمىز بولغان قازاقلار تېپىپ چىقىرىلىش نەتىجىسىدە، مىللىي بىرلىكسەپتە دەسلەپكى دەز ھاسىل قىلىنغان بولسا؛ ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلخانىسىغا غەرەزلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان قازاق خادىمىنىڭ سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، خىتايغا قارشى قەھرىمانلارچە سوقۇشۇپ، مىڭلارچە قۇربان بېرىپ، تۈركىيەگە سىغىنغان قازاقلار — ئاشۇ قەھرىمانلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

كېيىنكى ئەۋلادى، شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەنلىكىدىن تاندۇرۇلۇپ، بۇ دەز تېخىمۇ يوغۇنۇتۇلدى. ئوخشىمىغان سەپتە ئىشلىنىۋاتقان خىتاي جاسۇسلىقىنىڭ ئوخشاش بىر نىشانى ئىشقا ئاشۇرىۋاتقانلىقىغا سىياسىي سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلماق كېرەك! يىللاردىن بېرى، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى لىگتاسىملىق بىلەن ھەركەتسىز ياتقان زامانلاردىمۇ ئاكتىپ پائالىيەتتە بولۇپ كەلگەن تۈركىيەدىكى قازاقلارنىڭ بىردىنلا بۇنداق غەلىتە ئىپادىدە بولىشى ئاددى بولمىسا كېرەك. ئاۋال بۇ تەرەپنى ئازراق يىرىپ، يىراقلىتىپ، ئاندىن قارشى تەرەپنى كۈشكۈرتۈپ، تېخىمۇ يوغۇنراق يىرىپ، ئارىلىقنى يوغۇنۇتىۋاتقان كىمدۇر بىرى بارلىقىنى كۆرمەسلىك سىياسىي قارىغۇلۇق بولىشىدا گەپ يوق!

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەشكىلىي قۇرۇلما ھەققىدە تەكرار ئويلىنىش زۆرۈر ۋە تەخىرسىز. ئۇنىڭ مەنەۋىيىتى كىچىكلىتىلگەن ۋە مۇستەقىللىق مەنىسى بەرمەيدىغان نامى ھەققىدىمۇ جىددىي ئويلىماي بولمايدۇ.

ئەسلىدە خەلقئارادىكى داۋانىڭ ئەڭ ئۈيغۇن تەشكىلىي شەكلى سەرگەردان ھۆكۈمەت ئىدى. مىڭلارچە ئەپسۇسكى، بىرەر ئەھمىيەتلىك ۋە پايدىلىق ئىشلاردا ھېچقاچان كېلىشەلمەيدىغان ئۇششاق- چۈششەك، كەپپارە - كېپەك تەشكىلات ۋە داھىچاقلارنىڭ ھەممىسى خۇددى مەلۇم يەردىن ئوخشاش بۇيرۇق تاپشۇرىۋالغاندەك، شەرقىي تۈركىستان سەرگەردان ھۆكۈمىتىنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىشكە ئالدىراشتى. بۇمۇ چوڭقۇر ئويلىماي بولمايدىغان بىر مەسىلە. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، ئەڭ ئۈيغۇن تەشكىلىي قۇرۇلما شەكلى بولغان ھۆكۈمەتنىڭ ھەركەتسىز يېتىشى تۈپەيلى، تەسىرسىز چەتتە قېلىۋاتقىنى يەتمىگەندەك، بەزىلەرنىڭ خۇددى ئۇششاق باللار لايدىن قەلئە قۇرغاندەك ئۇنىڭدىن يەنە بىرنى قۇرىشى، غايىمىزگە ئەڭ ئۈيغۇن بولغان تەشكىلىي قۇرۇلمىنى كۈلكىگە قالدۇرۇشقا سەۋەپ بولدى.

ئەمما بۇ سەرگەردان ھۆكۈمەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئىنكار قىلىشنىڭ

باھانىسى بولالمايدۇ. شەخسلەرنىڭ خاتالىرى، جىنايەتلىرى بۇ سۆيۈملۈك نامنى ئۆچ كۆرۈشمىزگە، كۈلكە ئوبيېكتى سۈپىتىدە كۆرۈشمىزگە باھانە بولالمايدۇ! ئاخىرقى ھېساپتا مۇشۇ سۆيۈملۈك ئىسىم ئاستىدىكى تەشكىلاتلا خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بۈنى خەلقىنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ تونۇپ يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتا، تۈيۈق يولدىكى داۋامىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ بىر زۆرۈرىيەتتۇر.

ئەمدى، خەلقئارا ئاتموسفىراغا ماسلىشىپ، خەق تووۋلاۋاتقان تېچلىق شۇئارىنى تووۋلاپ، ھەممىگە مودا بولغان «كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە» لوزۇنكىسىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنەۋىي ياردەملىرىنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەڭ ئاداققى نىشان، ئەڭ بۈيۈك ئارزۇ ھەققىدىكى قاراش روشەن بولغان شەرت ئاستىدا، بۇنداق بىر ئۇيغۇنلىشىش ۋە ياردەملەرنى (ھېچنېمىگە يارىمىسىمۇ) قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئەمما، پۇلنىڭ بەدەل تەلەپ قىلىشىدىن ئىبارەت چاتىقى ۋە بىزنىڭ ئاداققى مەخسىدىمىز ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان بىر زىددىيەت ياتقىنى ئۈچۈن، مۇقەررەر يوسۇندا بىردىن ئارتۇق قېرىنداش تەشكىلاتنىڭ بولىشى ئەمەلىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالماقتا! ئۇنىڭ بىرى خەلقىمىزنىڭ ئاداققى ئارزۇسىنى ھارماي تووۋلىشى، بىرى دۇنيادا مودا بولغان شۇئارنى تووۋلاپ، ياردەملەردىن بەھرىمەند بولىشى كېرەك.

مانا بۇ زۆرۈرىيەتمۇ مۇنقەرز بولغان دۆلىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىشانىنى ئۆزىدە نامايان قىلغان بىر تەشكىلاتنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇ مەۋجۇد سەرگەردان ھۆكۈمەت بولىشىمۇ مۇمكىن ياكى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» (خۇددى بۇرۇنقى ئىسمىدەك) دېگەندەك بىر مۇما ئاستىدا ھەممىنى كونفىدراتسيە شەكلىدە تۇتقان يېڭى بىر تەشكىلات بولىشىمۇ مۇمكىن.

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، دۇنيا مىقياسىدىكى داۋا پائالىيەتلىرىنى مونوپوللۇق شەكلىدە تونۇشۇپلىدىغان بىر قوماندانلىق مەركىزى بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىز ئۈچۈن ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ، بەدەللىك ياردەملەرنى قوبۇل قىلىشنى چەتكە قاقمايدىغان، پىكرىنى يۇمشاتقان بىر تەشكىلات — مۇشۇ باش قوماندانلىق شىتاپ دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، بۇ نەقەدەر قورقۇنۇچلۇق!؟ خەلقنىڭ ئارزۇ- ئارمىنى ئاددىيلا دېموكراتىيە مەسىلىسىگە تېگىشىشۈپتىلگەن بولۇپ چىقمامدۇ؟ بۇنىڭغا ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. يەنە شۇنداقمۇ خەتىرى بولىشى مۇمكىن: بۇ بىردىن- بىر قوماندانلىق شىتاپ (ھازىر بولمىسىمۇ كەلگۈسىدە) بىرەر خىتاي ئايغاقچىسى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنسا ئوتتۇز مىليون خەلقنىڭ تەقدىرى نېمە بولىدۇ؟

يەنە شۇنداقمۇ زىيىنى بولىشى مۇمكىن: بۇ بىردىن- بىر مەركەز باشقا رىقابەتچى تەشكىلاتنىڭ بولماسلىقى تۈپەيلى، كۆنسېرى ھاياتىي كۈچىنى يوقۇتۇپ، كۆنسېرى ھورۇنلىشىپ، كۆنسېرى مۇستەبىتلىشىپ، ھەرىكەتسىز ئۆلۈك نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ ھالدىمۇ مىللەتنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ؟ ھەممىنى نۆلدىن باشلاش كېرەكمۇ؟

بۇ نۇقتىلارنىڭ ھەممىسى دىققەتكە ئېلىنسا، بىر مەركەز بولۇشنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆز پىرىنسىپلىرىغا سادىقلىقنى ساقلىغان ھالدا، ئورتاقلىقلىرى جەھەتتە ھەمكارلىشىدىغان بىر كونفېدراتسىيە تېخىمۇ مۇۋاپىق. كونفېدراتسىيە بولغان ئىكەن، ئەگەر بىرەر بىنورمال ئەھۋال سېزىلگەن ھامان ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز مۇستەقىل پائالىيىتىنى قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ. بۇ دۈشمەننىڭ بىر قوللۇق تىزگىنلەش شۇم پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن كەسكىن بىر توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. قېرىنداش تەشكىلاتلار ئارا دوستانە رىقابەت (خىزمەت مۇسابىقىسى)بولۇش، ئوخشاش قاراشلاردا بولغان مەسىلىلەردە ھەمكارلىقنىڭ بولىشى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە مېتود

بولىشى ئېنىق.

خۇلاسە: شۇئاندىكى داۋا ھەركىتىمىز ئېنىق تۇيۇق يولدا بولۇپ، تەشكىلىي قۇرۇلما، پروگرامما، نىشان، تەشكىلات نامى قاتارلىقلار جىددىي تەرتىپكە سېلىنىشى كېرەك. بولمىسا ئاساسىي تومۇرى كېسىلگەن قول ياكى پۇتتەك، تەدرىجىي يىگىلەپ، ئۆز جايىدا تۇگەپ قېلىش ۋەزىيىتى كېلىچىكىمىز بولۇپ قالىدۇ!

05-01-2007

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا

شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتى ھەققىدە گەپ بولغىنىدا، ئۆزلىرىنى بۇ ھەركەتنىڭ تەشكىلاتچىلىرى كەبى كۆرستىشكە تىرىشىدىغان نۇرغۇن بىلەرمەنلەر، ھازىر دۇنيادا مودا بولۇۋاتقان «تېنچلىق» ئەندىزىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ، كۆرەش سەھىپىمىزگە چاپلاشقا ئۇرىنىدۇ. ئۇلار خىتايلارنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، خىتاي مىللىي پسىخىكىسىنى چۈشەنمەي شۇنداق دەمدۇغاندۇ؟ ئۆزلىرى تەشەببۇس قىلىۋاتقان «تېنچلىق» مېتودىنىڭ كۆزلەنگەن نەتىجىنى بېرىشىگە ئۆزلىرى قانچىلىك ئىشىنىدىغاندۇ؟ ئۇلار بىلمەسلىكتىن قىلىۋاتامدۇ؟ ياكى بىلىسمۇ ئەسلى مۇددىئاسى باشقا (نىيەت شۇم) بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەم قايمۇقتۇرۇپ يۈرەمدىغاندۇ؟ ئەقلى نورمال ئادەملەر ھەر زامان مۇشۇنداق سوئاللارنى كۆڭلىدىن كەچۈرمەي قالمايدۇ.

خۇددى ئىلگىرىكى يازمىشلىرىمدا ئوتتۇرىغا قويغىنىمغا ئوخشاش، خىتاي مەجلىس ئاچقانغا، شوئار توۋلىغانغا ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كېتىدىغان مىللەت ئەمەس. خۇددى ئامېرىكىلىق خىتاي ئادۋۇكات دېگەندەك، «ۋىجدان ۋە ئادالەت تۇيغۇسى كەمچىل» بولغان خىتايلار يالۋۇرۇشلاردىن تەسىرلىنىپ كەتمەيدۇ، پاكىتلار ئالدىدا يۈزى قىزىرىپمۇ كەتمەيدۇ. بىردىن بىر يول: «يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم!» يولىدۇر.

بەزىلەر قانلىق كۆرەشنى تەشەببۇس قىلغانلارغا تەنبىھ بېرىپ، بۇنىڭ بىلەن غەرپ رەنجىپ قالسا چاتاق بولىدۇ، دەپ ئېسەنكىرەپ كېتىدىكەن، خۇددى ۋەتەن ئۈچۈن قان تۆكۈش ئەيىپتەك، غەرپلىكلەردىن خىجىل بولۇپ كېتىشىدىكەن. ئەمما غەرپلىكنىڭ بۇنى چۈشەنگىدەك ئەقلى، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك ھالى بار، شۇڭا خىتايلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە قارىماي، ئافغانىستاندا تۇتۇلغان ئۇيغۇر ئەسىرلەرگە باشقا مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىمۇ باشقىچىراق قاراردا بولۇشتى.

چۈنكى غەرپلىكلەرمۇ مۇقەددەس ۋەتىنى تاجاۋۇزغا ئۇچرىغاندا، بېسىۋېلىنغاندا قان تۆككەن؛ تاجاۋۇزچىغا نەسىھەت قىلىنمايدىغانلىقى، ئەركىنلىكنىڭ تىلەپ ئېلىنمايدىغانلىقىنى ئۇلار بىلىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدىن ئېسەنكىرەپ، تېچلىقچىلىق چۈمپەردىسىگە ئورىنىۋېلىشنىڭ كېرىكى يوق. ھەركىم سورىسا، ئىنسانلىق ئىززىتىمىزنى تىكلەش، ۋەتىنىمىزنى ئازاد قىلىش بىزدىن قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلسا بىز بۇنىڭغا تەييارمىز؛ قان تۆكۈشنى چەتكە قاقمايمىز، دېيىشنىڭ خاتاسى يوق. چۈنكى غەرپلىكلەر يەنە شۇنىمۇ بىلىدۇكى، ئازادلىقىمىز ئۈچۈن زورلۇق كۈچكە مۇراجەت قىلىشىمىز، غەرپلىكلەرنىڭ راھىتىنى بۇزمايدۇ. ئاقىۋىتىنى بىزنىڭ قېنىمىز ۋە تاجاۋۇزچى خىتايلارنىڭ قېنى.

خوش، ئەمدى «تېنچلىق»چى ئەپەندىلەر سورىشى مۇمكىن: خىتاي قۇدرەتلىك، ئۇنىڭغا نېمەڭ بىلەن تەڭ كېلەلەيسەن؟ (ئەلۋەتتە بۇ سوئالنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلارنىڭ «تېنچلىق» شۇئارىغىمۇ بىر ئېغىز تۇكۇرۇك بار: ئەمىسە ئۇ قەدەر كۈچلۈك خىتاي سېنىڭ قۇرۇلتىيىڭدىن قورقۇپ قېچىپ كېتەتتىمۇ؟)

تۇغرا، قارىماققا بۇ ھەقىقەتەن زور، كۆز يەتكۈسىز مۇشكۈل ئىش، ئۈمىدسىزلىككە قىستايدىغان قورقۇنۇچلۇق پاكىت!

ئەمما، شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ھېچقانداق خانىدانلىق مەڭگۈلۈك ئەمەس. خانلىقلارنىڭ، ئىمپېرىيىلەرنىڭ

گۈللەنگەن دەۋرى بولغىنىدەك، زاۋاللىققا يۈز تۇتىدىغان دەۋرىمۇ بولىدۇ. تارىختا قۇدرەتتىن كىشىلەر تەسەۋۋۇرىغا يېغىلمەسلىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ كېلىدىغان سەلتەنەتلىك ئىمپېرىيىلەر بۈگۈنگىچە داۋام قىلدىمۇ؟ رىم، ئوسمانلى، چار رۇسىيە، ساماۋىي پادىشا... ھەممىسى ئاخىرلاشتى. خالىقنىڭ (ياراتقۇچىنىڭ) ئىپتىداسى ۋە ئىنتىھاسى بولمىغاننى ھېساپقا ئالمىغاندا، مەخلۇقنىڭ (يارىتىلغۇچىنىڭ) ھامان باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى بولىدۇ. بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنى.

ئەمدى دۇنيانىڭ سىياسىي جۇغراپىيەسى ئاساسىدا تەھلىل ئېلىپ بارىدىغان بولساق، خۇددى خىتايلارنىڭ مەخپىي پىلانىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، شۇنداقلا كېيىنكى ئەمەلىيەتلەرنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندىمۇ، خىتاينىڭ كېڭىيىش قارانىيىتى بارلىقى مۇقەررەر. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يۆنۈلۈشىدىكى كېڭەيمىچىلىكىنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرى ئوڭۇشلۇق بېسىلىپ، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاندىن تۇپراق تەلىپى بەجا كەلتۈرۈلدى. گەرچە قازاقىستاندىن تۇپراق تەلەپ قىلمايۋاتقان بولسىمۇ، بۇ پەقەت پۇرسەتكە باغلىق بىر ئىش بولۇپ، قازاقىستاننىڭ يادرو قوراللىرىغا ئىگە ئىكەنلىكى، بۇ نىيەتنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنى ۋاقىتلىق كېچىكتۈردى، خالاس. ئەمما قازاقىستاندىن تەلەپ قىلىنىدىغان كۆلەم تېخىمۇ چوڭ ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. چۈنكى، خىتاينىڭ سۈنئىي تارىخلىرىدا كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا قۇيۇلغان بىر ئۇقۇم، خىتاينىڭ غەربىي چېگرىسىنىڭ بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي ياقىسى ئىكەنلىكى، بۇنىڭغا پاكىت سۈپىتىدە كۆرسىتىدىغىنى: خىتاينىڭ مەشھۇر شائىرى لى بەينىڭ بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇغۇلغانلىقى ئەپسانىسىدۇر (بەزى مەنبەلەردە لى بەينىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، كېيىن خىتاينىڭ پايتەختىدە تۇرۇپ قېلىپ، خىتايچە ئىسىملا ساقلىنىپ قالغانلىقى توغرىسىدىمۇ يىپ ئۇچى بار).

خىتاي مەخپىي پىلانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوتتۇرا ئاسىياغا خىتاي

كۆچۈرۈشمۇ جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ھەتتا بۇ خىل كەلكۈندەك كۆچۈش شەرقىي ياۋروپاغا قەدەر كېڭىيىپ كەتتى. كەلگۈسىدىكى كېڭەيمىچىلىكنىڭ ئىچ تەرەپتىن ماسلىشىدىغان زاپاس كۈچى ئاساسەن مەيدانغا كېلىپ بولدى. بۇ قاراشلىرىمىزنى سابىق ئامېرىكا جۇمھۇررەئىسى كارتېرنىڭ سىياسەت مەسلىھەتچىسى بولغان، مەشھۇر سىياسىي مۇلاھىزىچى زبىگنىېۋ بىرزېنسكى، «بۈيۈك شاخمات تاختىسى» ناملىق كىتابىدا دەلىللەپ كۆرسەتكەندى. ئۇ مۇلاھىزىلىرىگە قوشۇمچە قىلىپ بەرگەن، خىتاينىڭ كەلگۈسى كېڭىيىش رايونلىرى تۆۋەندىكى خەرىتىدە ئېنىق كۆرۈلۈپ تۇرۇپتۇ:




خىتايلارنىڭ «بۈيۈك خىتاي» شېرىن چۈشىدىكى بۇ چېگرالارغا

www.uyghurkitap.com

قارالسا كەلگۈسىدىكى ئاشۇ ۋەزىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولمىسا كېرەك: خىتاي يىگىرمىگە يېقىن دۆلەت ۋە رايوننى يۇتۇۋېلىش ياكى قورچاق «قارام دۆلەت»كە ئايلاندۇرۇۋېلىشنى چۈشەيدۇ. بۇ ۋەززىيەتتە خىتايلارنىڭ دۈشمىنى قانچىلىك بولىدۇ؟ بۇ يىگىرمە دۆلەت ۋە رايوننىڭ غەرپتىكى ئىتتىپاقداشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا، خىتاي ئۆز نوپۇسىغا تەڭ ساندىكى ئىنسانىنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىدۇ! بۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستان خەلقى يالغۇز بولمايدۇ.

هازىر خىتايلارنىڭ قارا نىيىتى ھەققىدە بالىلارچە ساددىلىق بىلەن خامخىيالدا بولىۋاتقان دۆلەتلەر، مىللەتلەر، خىتاينىڭ ئىتتىپاقچىسى، ھەمكارى بولۇشتىن ئۆزگىرىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. خىتايلارنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك دۈشمەن ئىكەنلىكى ئۆز باشلىرىغا كەلگەندە كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىتقا ئايلىنىدۇ. هازىر، خىتايلارنىڭ بېسىمىدىن بىر ئاز تۇپراق بېرىپ، بەزى مەنپەئەتلەردە يول قويۇش ئارقىلىق قۇتۇلۇپ قالالايمىز دەپ خىيال قىلىۋاتقان قوشنىلار، ئۇ زاماندا خىتايلارنىڭ ھەقىقەتەندىمۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاپەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. خىتايغا بىر قەدەم يول قويسا، ئىككى قەدەم قىستاپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ ۋە بۈگۈنكى خاتالىرىنى ئىسسىق قانلىرى بىلەن يۇيۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئەنە شۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستان خەلقى، بۈگۈنكىدەك باشپاناھسىز، دوست- ئىتتىپاقچىسىز يېتىم هالدا بولمايدۇ. نەچچە يۈز مىليون خەلق تەقدىرداش بولۇپ قالىدۇ ۋە ئورتاق دۈشمەندىن ئورتاق قۇتۇلۇش يولىدا كۆرەش قىلىدۇ. شۇ چاغدىمۇ، «تېنچلىق» شۇئارى پەقەت خىتايلارنىڭ بۇ يېڭى مۇستەملىكىلەردە مۇستەھكەملىنىۋېلىشى ئۈچۈنلا پايدىلىق بولىدۇ، مۇستەملىكە ئەللەر ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپ قالىۋېرىدۇ!

# ئۆلۈم كومېدىيىسى

«تىرىكلىكىدە ئەيلىمىدىڭ ياد،
ئۆلگەندە ئاھۇ ـ پەرياد»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

راستىنى ئېيتقاندا بۇ ماۋزۇ باشقىلاردىن ئارىيەت. كىچىك ھەۋەسكار چاغلىرىمدا تاشكەنتتە بېسىلغان «ئەرەپ پىروزىسى» ناملىق بىر كىتاپنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. ئۇنىڭدا ئەرەپ يازغۇچىلىرىنىڭ تاللانغان ھىكايە-نەسىرلىرى بولىدىغان. شۇ كىتاپتا «ئۆلۈم كومېدىيىسى» ناملىق بىر ھىكايە، بۇگۈنكى ھاياتىمىزدىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر ۋەقە تۇپەيلى يادىمغا يېتىپ قالدى.

ئۇ ھىكايىدا بىر پېخسىق باي بار، ئۇ خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەققىنىمۇ تۇزۇك بەرمىگەن، ھەممىنىڭ نەپرىتىگە قالغان بىر باي. ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. سەكراتقا چۈشكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. مىراسخورى بولمىغاچقا نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ نەپەستىن توختىشىنى كۈتۈپلا تۇرىشىدۇ. ھەركىمنىڭ بىر مەخسىدى، كۆزلىگەن بىر مەنپەئەت تامايى بار. باي نەپەستىن توختىشى ھامان كۈتۈپ تۇرغانلار ئۇنىڭ بىساتىغا ھۇجۇم باشلايدۇ؛ شىكاپلار ئۆرۈلىدۇ؛ ساندۇقلار چېقىلىدۇ؛ ئادەم ئۈستىگە ئادەم،... مىيىت مېيىتلىكتە قالىدۇ. «ئۆچكىدە جان قايغۇسى، قاسساپتا ماي (قايغۇسى)» دېگەندەك، ھەركىم ئۆز غېمىدە، ھەركىم بىر ئاز بولسىمۇ

چوڭراق بىر مەنپەئەت قومۇرۇش كويىدا. بۇ هال خۇددى «ئېيشەك ئۆلىۋاتسا كۆتى غىجەك تارتىپتۇ» دېگەننىڭ ئۆزىلا بولىدۇ... ئاخىرى تالىشىدىغان تۇگەپ، هەركىم قولىغا تەككەننى ئېلىپ، جىمىققان زاماندا ئاندىن مىيىتنى ئاخىرەتكە ئۇزىتىش ئىشى ئەسكە ئېلىنىدۇ...

بىر مۇجاهىد قېرىنداشىمىز دانىيىدە بۇ تەڭسىز دۇنيا بىلەن، هەممە مىللەتكە بىرئاز بوشلۇقى بار ئەمما پەقەت ئۇيغۇر ئۇچۇنلا تار بولغان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، باقى دۇنياغا سەپەر قىلدى. «ئۆلگەندە رەھمەتلىك» دېگەندەك هەممىمىز «ئوبدان بالىدى، هەقىقەتەنمۇ دەردى بارىدى، دەردى بولمىسا قايتۇرىۋېتەمىز دېگەندىن هۆركۈپ كەتمەيتى...» دېيىشكە باشلىدۇق. «ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق...غا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىردىن- بىر قانۇنىي ئورگىنى» بولغان تەشكىلاتلارمۇ ئاندىن مەۋجۇتلۇقلىرىنى بىلىندۇرۇپ، ئوتتۇرىدا بوي كۆرسەتكىلى تۇردى. تەبىئىيكى، مەرهۇمنىڭ دوستلىرى، ئىخلاسمەنلىرى كېتىدىغان چىقىمغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە پۇلنىمۇ يىغىپ بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ جەڭگىۋار تەشكىلاتلار «هەيدىگىنىڭ ئالتە ئۆچكە، ‹هۇيت- هۇيت›ىڭ ئالەمنى ئالدى» دېگەندەك، قىلىۋاتقان ئىشىدىن يوغۇنراق داۋراڭ كۆتۈرۈپ، ئۆز - ئۆزىنى كۆرسىتىش بىلەن ئىشقا تېگىش قىلدى.

ئەگەر بۇ «ياسىن» ئۆلۈمدىن كېيىن «ئوقۇلماي»، بۇرۇنراق ئوقۇلغان بولسا قانداق بولاتتى؟ ئابلىمىت تۇرسۇندەك ئېنىق قاتىل، خىتاي تېرورچىسى قانات ئاستىغا ئېلىنىپ پاناهلىقى قوبۇل قىلدۇرۇلغاندەك، بۇ تەشكىلاتلار بۇرۇنراق بۇ خىل «ئىگىدارچىلىق»نى قىلغان بولسا، تەبىئىيكى بۇ ئىش يولىدا هەل بولغان بولاتتى. پەرەز قىلىش تەس ئەمەسكى، بورهان زۇنۇن تەشكىلاتنىڭ «تىپى»دىكى شەخس ئەمەس، هەقىقىي سىياسىي مۇساپىر، خەۋپ- خەتەردىن قاچقان مۇجاهىد بولغاچقا، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىلمىگەن. نۇرغۇن ساختىپەز ئادەملەر— پەقەت غەرپ

دۇنياسىدا ئەركىن ياشاش، باياشاد ياشاش ئىستىكى بىلەنلا چىققانلار ۋە خىتايلارنىڭ چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەرەپدارلىرىنى كۆپ سانلىقتا ئايلاندۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن چىقارغان ئادەملەر نېمىشكىدۇر ئاسانلا پاناھلىقتا ئېرىشىدىغان، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان تەشكىلاتلارمۇ، شەخسلەرمۇ كۆپ بولىدىغانلىقى؛ مۇراجەت قىلغۇچى ئۆزىمۇ نېمىلەرنى دېسە ۋە نېمىلەرنى دېمىسە مۇراجىتى قوبۇل بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇبدان مەسلىھەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن بولىۋاتقىنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرغان ئەمەلىيەت.

بورھان زۇنۇن راست مۇجاھىد بولغاچقىلا «تەلەپكە لايىق» ھېكايە توقۇمىغان بولسا كېرەك، دۇنيانىڭ رەزىل مەنتىقىسىدە راست گەپ ئەزەلدىن دۇشمەنلىككە ئۇچرايدىغان بولغاچقا ئۇ مانا شۇنداق يا ئارقىغا، يا ئالدىغا ماڭالمايدىغان كىرىزىسكە دۇچ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى ئۆلۈمنى ئاخىرەتكە ئۆزىتىش ئىشى ئۇچۇن ئېچىنغۇچىلارنىڭ پۇل چىقارماقچى بولغانلىقى تەشكىلاتنى قىزىقتۇرغان- دە، دەرھال بۇ ئىشقا ئىگە چىققان. ئەمما ئۆلارنىڭ ھەركىتى نىيەتلىرىگە كۆرە بولغاچقا، ئالدى بىلەن نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە توغرا نىشانىمۇ بولمىغان ياكى تېخىمۇ توغرىسى نىيەت شۇنداق بولغاندىكىن توغرىسى شۇ بولغاندۇر؛ ئالدى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىش تەشۋىقاتىدىن يولغا چىقىلىپ، ئىككىنچى قەدەمدە خىتاي ئاخبارات سىستېمىسى رولىدا (بەلكىم شۇلار ئۇچۇن بولىشىمۇ مۇمكىن)، مەرھۇمنىڭ قەيەردىن چىققىنى، قانداق چىققىنى، نېمە سەۋەپتىن، قانداق رەسمىيەت بىلەن چىققىنى، قايسى چېگرىدىن ئۆتۈپ نەگە كەلگىنى، ئاندىن نېمە قىلغىنى، ئاندىن نېمە،... كىم بىلەن كۆرۈشكىنى،... گېرمانىيىگە كەلگەندىن كېيىن نېمە قىلغىنى، كىملەر بىلەن ئۇچراشقىنى،... قاتارلىق غەلىتە بىر خىل سۈرۈشتۈرۈش باشلىغان. (بۇنىڭدىن يەنە ئۆلارنىڭ، پەرىزىمىزدىكىدەكلا، مەرھۇم ھەققىدە ھېچ خەۋىرى يوقلىقىنىمۇ كۆرىۋالغىلى بولىدۇ؛ بۇ ھالدا

قانداقمۇ ياردەمدىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟).

بۇ سۇرۇشتۇرۇشلەر ختاي ئۇچۇن بولمىغاندا كىمگە ۋە نېمىگە كېرەك؟ ئۇلار نۆۋەتتە نېمىلەرنى سوراشنىمۇ بىلمەمدۇ ياكى ختاينىڭ ئېھتىياجى ئۇچۇن ئالدىرىغانمۇ؟

نېمە قىلىنىشى كېرەك ئىدى؟ ئۇنىڭ ئۆلۈش سەۋەپلىرىنى ئېنىقلاش، جاۋاپكارنى تېپىش (ئۇنىڭ كەلمىش- كەتمىشىنى ئەمەس! چۈنكى بۇلار ئاللىقاچان بىلىشلىرى كېرەك بولغان ئىشلار، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىۋاتقاندىكىن!)، ئۆزى ئۆلۈۋالغانلىقى راست دېگەندىمۇ ئۇنى شۇنىڭغا مەجبۇر قىلغانلار بىلەن ھېساپ ـ كىتاپ قىلىش ۋە بۇ قۇرباندىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي پاناھلىق ئىشلىرىنى ئاسانلا رەت قىلىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر دەۋرگە باشلاش؛ دۆلەتلەرگە، دائىرىلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ جىنى ھەممە يەردە ئەرزان، قەدىرسىز بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك ئىدى. بۇ ئاجايىپ ياخشى بىر پۇرسەت ئىدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ «تېنچلىق مېتودى» دائىرىسىدىكى مۇجادىلىلىرى تېپىلغا كىرىدىغان ئىش ئەمەسمىدى؟ ئەمما ئۇلار مېتودنىڭ نېمىلىكى ۋە ئۇنىڭغا نېمىلەرنىڭ رەپ كېلىپ نېمىلەرنىڭ رەپ كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدىمۇ پات- پات خاتىرىسىدىن كۆتىرىۋەتسە كېرەك ياكى بۇنداق نەرسىلەرنى چۈشەنگىدەك ئەھۋالىمۇ يوق.

ئۇنداق بولمايدىغان بولسا بۇنداق ۋاقەدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىشى، ھەرگىزمۇ «ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى، تەلپىكىنى ئىتلار تالاشتى» دېگەندەك، نەپسىگە نان تېپىپ يەيدىغان پۇرسەت ۋە ئۆزىنى ئوخشىتىۋېلىشنىڭ پۇرسىتى دەپ بىلمەي، مىللەتنىڭ ئاۋازىنى قۇلاقلارغا يەتكۈزىدىغان، مىللەتنىڭ ئاچچىق قىسمىتىنى ئاڭلىتىۋالىدىغان پۇرسەت دەپ بىلىشكەن بولاتتى. مۇمكىن قەدەر بۇنى يۇقۇرى ئاۋازدا ياڭرىتىش كويىدا بولاتتى، شەخسلەشتۈرۈشكە، كىچىكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنماي، ئومىيلاشتۇرۇشقا، يوغىنىتىشقا، مىللەتنىڭ ئومۇمىي دەردىنىڭ بىر كىچىك

مەسىلە سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە تىرىشىلاتتى! بۇ «مىللەتنىڭ ئىگىلىرى» بولغان جاناپلارنىڭ ئىگىلىكى قانچىلىك بولۇپ، ئايىغى نەدىن چۈشىدۇ، ئۇنىمۇ كۆرىمىز تېخى! شۇنداقلا، بۇنداق ئۆلچۈلمىغان بىلەن شۇنىڭغا يېقىنلاشقانلار گېرمانىيىدە ئازمۇ؟ ئۇلار ھەققىدە بۇ جاناپلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ تەپسىلىي ئەھۋالى ئۇلارمۇ ئۆلچۈلگەننىڭياغى سۈرۈشتۈرۈلەمدۇ؟

ئەپەندىلىرىمىزنىڭ نىيەتلىرى، ساپالىرى ھەققىدە ئۇمىدۋار كىشىلىرىمىز مانا شۇ ئەمەلىيەتلىرىنى ئەقىللىرىدە تۇتسۇن، ئۇلارنىڭ بۇ ۋەقە ھەققىدىكى «ئىگىدارچىلىقى»نى نەدە ئاخىرلاشتۇرۇشىنى كۈزەتسۇن، ئەقلىدىن ئازغان، تىلىدىن قالغان ۋە يەنە ئۆلچۈپىلىشتىن باشقا چىقىش يولى قالمايۋاتقانلار ھەققىدە قانچىلىك باش قاتۇرىدىغانلىقىنىمۇ بايقاپ تۇرسۇن؛ ئاندىن بۇلار ھەققىدىكى ئاچچىق قايناشلىرىمىزنىڭ سەۋەپسىز ئەمەسلىكىگە كۆزى يېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# كىچىك مىساللاردىن كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىمىزغا نەزەر

خىتايدا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەلقارا جەمئىيەت ھەممىشە ئىنكاس بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ، خەلقارا تەشكىلاتلارنىڭ يىللىق دوكلاتلىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ھەممىشە بۇ ھەقتىكى ئېچىنىشلىق مىساللار بىلەن تولغان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ - چوڭ سىياسىي ھەق- ھوقۇقلارنى، سىياسىي مەھبۇسلارنى ۋە ئۇلارغا قىلىنىۋاتقان ۋەھشىيانە قىيىن- قىستاقلارنى، ئىنسانىيەتسىز مۇئامىلىلەرنى تىلغا ئالىدۇ. خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى پەقەت مۇشۇنداق ساھەلەردىلا چېلىقامدۇ؟ نورمال پۇخرالارنىڭ ئادەتتىكى ھوقۇقلىرى قانداق ئەھۋالدا؟ مېنىڭچە چوڭ گەپلەرنى قويۇپ، مەسىلىگە مانا شۇ ئۇششاق نۇقتىلاردىن بېقىلسا، خۇددى «تامچە سۇدا قوياشنىڭ ئەكسى كۆرۈنىدۇ» دېگەندەك، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ فاشىستىك دىكتاتورلىقى نامايەن بولىدۇ.

چۈنكى چوڭ- چوڭ سىياسىي ھەق- ھوقۇق مەسىلىلىرى، سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ھەققىدىكى گەپلەر بەك چوڭ گەپ، بۇلارنى تۈزىتىش توغرىسىدىكى ئېغىز ئۇپرىتىشلار ھەقىقەتەنمۇ ئۇخلىماي چۈش كۆرگەندەك فانتازىيىلىك خىيال. گەپنى بەك تۆۋەن نۇقتىلاردىن، ئەڭ ئەقەللىي پۇخرالىق ھوقۇقىغا تەئەللۇق مەسىلىلەردىن باشلىماقنىڭ

تېخىمۇ ئاقىلانىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دۇنيادا كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسىدە ئەيىپلىنىۋاتقان دۆلەت يالغۇز خىتايلا ئەمەس، خېلى كۆپ دۆلەت بۇ نۇقتىدا ئەيىپلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك چوڭ- چوڭ سىياسىي هوقۇقلار، سىياسىي مەهبۇسلار مەسىلىسى دېگەندەك مەسىلىلەرلا تىلغا ئېلىنسا، گويا خىتايمۇ كىشىلىك هوقۇقنا هۆرمەت قىلمايۋاتقانلارنىڭ قاتىرىدىكى بىرسى بولۇپ تۇيۇلىدۇ؛ گويا كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسىدىكى پوزىتسىيىدە باشقا مۇستەبىت دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاشتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەگەر ئەڭ ئۇششاق، ئەڭ ئادەتتىكى ئەقەللىي هوقۇقلار نۇقتىسىدىن مەسىلىگە بېقىلىدىغان بولسا، خىتاينىڭ هېچقانداق بىر مۇستەبىتكە ئوخشىمايدىغان فاشىستىك ئەپتى- بەشىرىسى ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

مەسىلەن، پاسپورت — بىر دۆلەت پۇخراسىنىڭ شەخسىي سالاهىيەت هۆججىتى بولۇپ، ئۇ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پۇخراغا ئىلتىپات قىلىپ بېرىدىغان «ياخشىلىق»ى، سوغىسى ئەمەس، بەلكى پۇخرانىڭ مۈلكى! ئۇ گويا هۆكۈمەتكە ئامانەت، پۇخرا لازىم بولغاندا سوراپ ئېلىپ ئىشلىتىدۇ؛ خالىسا ئۆزىدە تۇرىدۇ، خالىسا هۆكۈمەتتە تۇرىدۇ. مانا مۇشۇنچىلىك بىر ئىشنى تىلغا ئالىدىغان بولساقمۇ، بۇنىڭدىكى هەقسىزلىق ئىنسان ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە بولۇپ، چەتئەللەردە بۇنداق بىر ئەهۋالغا هەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنى ئىشەندۈرمەك تەس. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز ئۆز بېشىمىزغا كەلگەن ئەمەلىيەتلەرنى سۆزلىسەك، چەتئەللىكلەر هەيران قالىدى ۋە ئىشەنمىدى. هەتتا كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسىدە ئېغىر ئەيىپلەشكە ئۇچراۋاتقان دۆلەتلەردىن كەلگەن كىشىلەرمۇ، بىر پۇخرادا پاسپورت بولماسلىقى قانداق گەپ بۇ، دېيىشىپ باشلىرىنى چايقاشتى. بىز ۋەتىنىمىزدە بىر پاسپورتقا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلمىغىنىمىز قالمايدىغانلىقىنى، قانچىلىك پارا بېرىپ، قانچىلىك يول مېڭىپ هەل قىلىدىغان ۋە ياكى قانداقتۇر گۇمانلىق ياكى گۇمانلىقنىڭ يەتمىش پۇشتى دېگەندەك بىرەر باهانىلا

www.uyghurkitap.com

تېپىلسا ھېچ ھەل قىلالمايدىغانلىقىمىزنى سۆزلەپ، قەسەم ئىچىپمۇ كىشىلەرنى ئىشەندۈرەلمەي قالغىنىمىزدا ئاندىن بۇ مەسىلىنىڭ ئەسلىدە نەقەدەر ئەقىللىقىي بىر ھوقۇق ئىكەنلىكىنى، نەقەدەر ئاددىي ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق ۋە دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئىنسانلىقىمىزنىڭ قورقۇنۇچلۇق دەرىجىسىنى مۆلچەرلەشكە ئىلھام بولدى.

مانا شۇنچىلىك ئەقىللىقىي بىر ھەققىمۇ بولمىغان بۇ خەلق — بۇ ھالەتكە گويا شۇنداق بولىشى كېرەكتەك كۆندۈرۈلگەچكە، ۋەتىنىمىز ئىچىدە بۇنىڭغا ھەيران قېلىنمايدۇ. خەلق شۇنىڭغا كۆندىكى، بۇ «قىممەتلىك نەرسە»نى يا نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئېلىش كېرەك، بۇ پەقەت شۇنداق ئېلىنىدىغان نەرسە؛ ياكى، ئۇ پەقەت مەلۇم تۈردىكى ئادەملەرنىڭلا ھەققى بولۇپ، ھەممە كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك مەسىلە ئەمەس! تەبىئىيكى بۇ تونۇش شۇنىڭغا ئاپاردىكى، ئازراق سىياسىي مەسىلىسى بارلار، ئۇنداقلارنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى، يەتمىش پۇشتى بولۇپ قالغانلارمۇ پاسپورت ئالالماسلىقنى ئۆزىنىڭ شورى دەپ بىلىدىغان بولدى! يەنە بىر شەرت، گەرچە چەتئەلدە تۇققىنى بولۇش ۋە تۇققىنى تەكلىپ ئەۋەتكەن بولۇشتەك بىلىنىسىمۇ، بۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ يەردىن پۇتاق تېپىلىپ، توسالغۇغا ئۇچرايدۇ: چەتئەلدىكى ئۇ تۇققان چوقۇم تېنچ پۇخرا، سىڭگەن نىيىتىنى يېيىشتىن باشقا ئىشى يوق كىشى بولىشى كېرەككى، ئەگەر ئۇ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقۇچى بولسا، خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇققانلىرى رەنگە تۇتۇپ، چەتئەلدىكىسىگە بېسىم ئىشلىتىدىغان كوزىرغا ئايلاندۇرىۋالىدۇ. ھەتتا بەزىلەرنىڭ تۆرت ياشلىق بالىسىدىن تارتىپ، سەكسەن ياشلىق دادىسىغىچە سولىۋېلىپ، ئۇلارغا تىلىغۇن قىلدۇرۇپ، چەتئەلدىكىگە بېسىم ئىشلىتىشتەك پەسكەشلىكلەرنى قىلىۋاتقان يەردە، قاپىيۇرەكلىك بىلەن ئالدىغا بېرىپ مۇشۇنداق بىر زالىم ھۆكۈمەتتىن پاسپورت تەلەپ قىلماق قايسى گەپ!

ئومۇمەن كوممۇنىستلاردا بۇ كونا مېتودقۇ، ستالىننىڭ مەشھۇر

تازىلىشىدا، جاللات ستالىن سىياسىي دۈشمەنلىرى زىنوۋيېۋ، كامىنېۋ،... قاتارلىقلارنى تەسلىم قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خوتۇن- بالىلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، قىيىن- قىستاق ئۈستىدە تېلىفون قىلدۇرۇپ بېسىم ئىشلىتىشتەك ناتىسىتلارمۇ قىلمىغان ۋەھشىيانە ۋاسىتىلەرنى قوللانغان ئەمەسمىدى!

خوش، ئەمدى يەنە پاسپورتقا ئېرىشىش يولىدىكى يىگىرمە بەشىنىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەر ئۈستىگە قايتىپ كېلەيلى. تەكلىپ بولسىلا يېتەرلىكمۇ؟ بۇنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۆگمەس ئېنىقلاشلىرى، جەدۋەللىرى، توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن تاپىدىغان ئاجايىپ باھانىلىرى يەتمىگەندەك، ئومۇمەن كەسپىي ئەخلاق بۇزۇلغان كوممۇنىست جەمىيىتىدە ھەربىر خەت ئالىدىغان دوقمۇشتا بىرمۇنچىدىن داۋان— توسالغۇ بولىدۇ. ئىسپات بەرگۈچى ئورۇن، قول قويۇپ بېرىشى كېرەك بولغان مۇناسىۋەتلىك شەخس، تامغا ئۇرۇپ بېرىدىغان كاتىپ،... ھەر بىرسىنىڭ تۈگىمەس توسالغۇسى، باھانىلىرى بولىدۇ. بۇ باھانىلەرنىڭ ئىچىدە خۇددى «بۆرى بىلەن قوزىچاق» تەمسىلىدىكى بۆرىنىڭ باھانىسىدەك مەنتىقىسىز باھانىلەرمۇ بولىدۇ. يا كۈلۈشۈڭنى، يا يىغلىشىڭنى بىلمەي قالىسەن؛ بۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق بىر تۈزۈم ئاستىدا قانداق ياشىغىنىڭغا ھەيران قېلىش بىلەن بىللە، نەپرىتىڭ يۈز گەز ئارتىدۇ.

مەسىلەن: بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىدىكى شەخس مەلۇم بىرىنىڭ پاسپورتقا ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلىگە ئىمزا قويۇپ بېرىشى كېرەك تېپىلغاندا شۇنداق دېگەن: «تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ شەخسىي ماتېرىياللىرى يېتەرلىك ئەمەس! بانكا ھېسابى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئىسپات يوقكەن!».

مانا ساڭا ئالىي مەكتەپتە خىزمەت قىلىۋاتقان ئەپەندىنىڭ ساپاسى! ئېڭى! ئەقلىي چۈشەنچىسى! ئىنسانلىق تۇيغۇسى! كەسپىي ئەخلاقى! نە قەدەر كۈلكىلىك باھانە بۇ!؟ ئەگەر تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي

ئەھۋالى ياخشى بولماي، باقالماي قالسا سىزنىڭ فاشىست ھۆكۈمىتىڭگە ئىزچىل چۈشۈپ قالامسىز؟ سىزنىڭ مەكتەپكە ئىزچىل چۈشۈپ قالامسىز؟ بۇنىڭ ساڭا نېمە ئالاقىسى؟

ئەسلىدە بۇ تەلەپ، غەرپ دۆلەتلىرىگە بارغۇچىلارنىڭ شۇ يەردە كەتمەي يېتىۋالىدىغان يوقسۇل ياكى ئەمەسلىكى، تەكلىپ قىلغۇچى ئۇنى كۈتەلەمدۇ- يوق، بۇ ھەقتە ساھىپخان دۆلەت تەكشۈرۈپ، ئاندىن ۋىزا بېرىدىغان ئىش بار. چۈنكى، بۇ ئۇلارغا ئالاقىدار، ئۇلارغا ئىزچىل چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىش. ئەمما ھېلىقى ئالىي مەكتەپ خىزمەتچىسى بۇنى بىر يەردىن ئاڭلىۋالغان، بىراق مەتۇلارچە تەتۈرىگە چۈشەنگەن ياكى بىشەملەرچە تەتۈرىگە قوللانغان. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى چەتئەلدىكى بىرسىنىڭ ئىقتىسادىنى ئېنىقلاپ گۇۋاھلىق بېرىش ئەمەس، شۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىنىڭ سالاھىيىتىگە گۇۋاھچى بولۇش بولغاندىكىن، بۇلار ئۇنىڭغا ھېچ ئالاقىسىز ئىدى، ئەمما كوممۇنىست تەربىيىسىدە تەربىيىلەنگەنلىكى ئۈچۈن كوممۇنىستلارچە كەمنومۇسلۇقنى جارى قىلدۇرغان، خالاس.

خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىنسانىي ھەققىنىمۇ سۈرۈشتۈرەلمەيدىغان بولغاچقا، نېمىشكە بىر خىتاي ئىلتىماس قىلسىلا بېرىلىدىغان نەرسە بىز ئۈچۈن بۇ قەدەر قىيىن؟ دەپ سورالمايدۇ. چۈنكى فاشىستىك تۈزۈم بۇنداق نارازى كەيپىياتتىكى سوئال تۇغۇل، ئىغىرراق تىنىشقىمۇ ئىمكان بەرمەيدۇ. ئۇستىلەپ، مىللىي روھنىڭ سۇنغانلىقى، ئاجىزلىقى ياكى بۇزۇلغانلىقى تۈپەيلى، ھەتتا ئۆز مىللىتىمىزدىن بولغان خىزمەتچىلەرمۇ، خوشامەتكارانە ئاكتىپلىق بىلەن، خىتايلار تەلەپ قىلغاندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغىنى تېخىمۇ ئېچىنىشلىقتۇر. ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ساپاسى تۆۋەنلەپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ ھېس قىلالماس ھالغا كەلگەنلىكتىن، «مەن كىممەن؟ كىم ئۈچۈن بۇ قەدەر جان كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتىمەن؟ بۇ قىلمىشىمدىن كىمگە پايدا؟ كىمگە زىيان؟» دېگەن

سوئاللار ۋىجدانىنى ئازاپلىمايدۇ. چۈنكى ۋىجدانسىزلىشىپ، « ۋىجدان ۋە ئادالەت تۇيغۇسى كەمچىل» بولغان خىتايلارنىڭ سېپى ئۆزىدىن مالىيىغا ئايلىنىپ كەتكەن، ئانىسىنى تونۇمايدىغان مانقۇرتلاردۇر!

خىتايلار چەتئەللەرگە ھەر يىلى يۈزمىڭلاپ چىقىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ماكانلىشىۋاتىدۇ؛ كاناداغىلا ھەر يىلى يۈزمىڭچە خىتاي كۆچمىنى كېلىدىكەن، ئۇلارغا پاسپورت توسالغۇسى يوقمۇ؟

ياق، ئۇلارغا بۇنداق توسالغۇ يوق. بۇ ئاساسلىقى ئىككى سەۋەپتىن: بىرى، كوممۇنىست جەمىيىتىنىڭ ۋە خىتاي مىللىي پىسخىكىسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەسلىدىلا ئادالەتسىز بولغان تەڭسىز جەمىيەتنىڭ يۇخرالارنى دەرىجىگە ئايرىپ، شوۋىنىزىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش مەنتىقىسىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى؛ ئىككىنچىسى، ئۇزاق كەلگۈسىدە دۇنياۋى ئىمپېرىيە قۇرۇش شىرىن چۈشىنى چۈشەۋاتقان خىتايلار، بۇ ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۈپىتىدە چەتئەللەرگە غەرەزلىك يوسۇندا كۆچمەن چىقىرىۋاتىدۇ؛ ئۇلارغا رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپلا قالماي، رىغبەت بېرىۋاتىدۇ. كۆپ ماقالىلىرىمدا ئىلمىي دەلىللىگىنىمدەك، بۇ خىتايلارنىڭ كېڭىيىش پىلانىدا «ئىچىدىن ماسلىشىدىغان كۈچ»، مۇددەتلىك بومبا. خىتايلارنىڭ چەتئەلگە ئېقىشى ۋە يەرلىشىشى، شۇنداقلا چاپسانلا بۇ يەرلەردە يىلتىز تارتىپ يۇت تۇرىشى، راۋاج تېپىشى — ئارقىسىدا خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىنىڭ تەشكىللىشى، ياردىمى بولغان پىلانلىق ھەركەتتۇر.

بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ پاسپورت ئېلىشتىكى قىيىنچىلىقى بولسا، ئۇلارنىڭ خىتايلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى يۇخرا سانالمايدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى! خىتايلارنىڭ نومۇسسىزلىق بىلەن قىلىۋاتقان بىر يۈتۈنلۈك دەۋالىرىنىڭ ئەكسىچە، ئىختىيارسىز يوسۇندا ئاشكارىلىنىپ قېلىۋاتقان «مۇستەملىكە رايون يۇخراسى» ئىكەنلىكىدىندۇر.

www.uyghurkitap.com

# ئاتالمىش «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ ئىسمى قانداق كەلگەن؟

تۆۋەندىكى دەلىلگە قارىساقلا، ھېچقانداق ئىلاۋە- ئىزاھاتسىز ھالدا ئىسمىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە دەسلەپكى يىپ ئۇچىغا ئىگە


0:17 FAX

中国民主党临时委员会
CHINA DEMOCRACY PARTY (CDP)
Postbus 10047, 1301 AA Almere Nederland
Tel:31-36.8445766 Fax:31-36.5332166 E-mail:CSESS@hotmail.com

维吾尔民族大会主席
尊敬的艾尼瓦尔江先生 (Mr. ANWARJAN):
本人曾经於七月十六日，代表中国民主党临时委员会，前往德国慕尼黑，就汉维合作问题，与贵会洽谈。由贵会发言人安瓦尔先生接待，商议双方合作事宜，拟就《合作意向书》。

بولىمىز.

بۇنىڭدىن تۆرت يىل بۇرۇن بىر «دانا ختاي» بۇنى (شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ كەلگۈسىدە مەركەزلەشكەن تەشكىلاتىنى مۇشۇنداق ئاتايدىغانلىقىنى) ئالدىن بىلگەنمۇ قانداق؟ بۇ خەت يېزىلغان ۋە شۇ زامانىنىڭ جانابىي رەئىسى بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدا، كۆپچىلىك ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇكى، بۇ تەشكىلاتنىڭ نامى ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئەمەس، «شەرقىي

تۈركىستان مىللىي مەركىزى» ئىدى. ئەمما بۇ «كالۋا خىتاي» بۇنى بىلمىگەندەك ئۇنىڭدا جانابىي رەئىسكە شۇنداق خىتاپ قىلغان: «ئۇيغۇر مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى مۇھتەرەم ئەنۋەرجان ئەپەندىگە»! بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىش بىرنەچچە نۇقتا بار؛ كۆپچىلىك شۇ سوئاللارنى ئويلىشىپ باقسا تەپەككۇرىگە ئىلھام بولىشىغا ئىشىنىمەن:

1. نېمە ئۈچۈن خىتاينىڭ دېموكراتچىلىرىمۇ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىمدىن ئۇ دەرىجە قورقىدۇ؟ بۇ خەتتە خىتاي (ئاتالمىش دېموكرات خىتاي) خېتىنى ئەۋەتمەكچى بولىۋاتقان تەشكىلاتنىڭ ئىسمىنى ئېنىق بىلمەمتى؟ ياكى بۇ خۇپسەنلىكمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان؟ بۇ شۇ قەدەر ئاددىيلا بىر ئىشمىدۇ؟ ياكى بۇ غەرەزلىك هالدا بېرىلگەن بىشارەت بولۇپ، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاي بويۇنتۇرۇقىدا ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسىمۇ؟

2. مەسىلىنىڭ يەنە بىر جىددىي تەرىپى، «لېدىر»لاردىكى ساپا مەسىلىسى بولۇپ، 1999- يىلى ئىستانبۇلدا بىر ژۇرنال خىزمەتچىسى خىتاي بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتە بۈيۈك «لېدىرى»نىڭ كېلىشىم ئىمزالىشىغا ئوخشاش، سىياسىي ساۋاتنىڭ تۆۋەنلىكى، تېخىمۇ موھىمى كىشىلىك ئىززەت تۇيغۇسىنىڭ كەمچىللىكىنى كۆرسەتمەكتە! ئەسلىدە بۇنداق بىر خەت تاپشۇرىۋېلىنماسلىقى كېرەك ئىدى؛ چۈنكى خەتتىكى ئادرېس خاتا ئىدى: يەنى، خەت قانداقتۇر «ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» دېگەن جايغا يېزىلغان بولۇپ، خەتنى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى»نىڭ رەئىسى ئېچىۋەتكەن! بۇ تازىمۇ قانۇنسىز ۋە ئەخلاقسىز قىلىق بولغان! نورمالدا خاتا ئادرېسقا كېلىپ قالغان خەتلەر ئېچىۋېتىلسە قانۇنىي جاۋاپكارلىقى بولىدۇ-غۇ؟!

3.تېخىمۇ كىشىنى ئويغا سالىدىغىنى ۋە ئەنسىرىتىدىغىنى، ئاردىن تۆرت يىل ئۆتكەندە خىتايلارنىڭ بۇ ئارزۇسى، ئىرادىسى ۋە ياكى پىلانىنىڭ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ هەركىتىدە ئىپادىسىنى تېپىشى، ئەكس

ئېتىشى، ئەينەن ئىجراسىدۇر! بۇ تاسادىپىيلىكمىدۇ؟ ياكى بۇ مەشھۇر سىياسئونلىرىمىزنىڭ «ئىستراتېگىيىلىرى»نى تەڭشەپ، تېخىمۇ پايدىلىق يولغا بۇرالغانلىقىنىڭ بەلگىسىمىدۇ؟ لېدىرلىرىمىزدىن تارىخىي «ئۈچ ئەپەندى»لەرنىڭ نەنجىڭدا خىتاي پارلامېنتىدا ئىشلىگەن مەزگىلىدىكى يىللارچە ئۇرۇنۇشلىرى ۋە خىتايلارنىڭ يەنىلا بۇ ئىسىم مەسىلىسىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى، ئاشۇ مۇستەملىكە مەنىسىنى بېرىدىغان «يېڭى چېگرا» ئىسمىدا قەتئىي چىڭ تۇرغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتىدىغان بولساق، بۇ يەردە ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقا؛ ھەتتا ئاق خىتايدىن قىزىل خىتايغا؛ ۋە ھەتتا يېشىل خىتايغا ئەينى شەكىل، ئەينى مودا بويىچە مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىي- تاكتىكىسىدىكى ئىزچىللىقنى، جاھىلانە قەيسەرلىكنى كۆرىمىز. ياكى خىتايلار «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىمنى ئاتاشتىن بەك ئازاپ ھېس قىلىدىكەنمىز، شۇڭا بىزگە ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، سەل يېنىكراق ئات قويىۋالساڭلار بىز قىينىلىپ قالمىساق» دەپ تىلىگەن بولسا، خىتايلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق ئاتاش زۆرۈر بولغاندىمۇ؟

مەنچە بۇ جاپالارنىڭ يۈگىنى خىتايلارنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ قىلىقلارنىڭ ھەممىسى خىتايلارنىڭ ئارزۇسى، ئىرادىسى بويىچە بولىۋاتىدۇ! بۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىزاھات بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ! بۇ ھەقتە يەنە داۋاملىق مۇلاھىزە يۈرگۈزىشىمىز مۇمكىن.

يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش زۆرۈركى، بۇ يىرگىنىشلىك خەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلىۋاتقان ئەركىن ئالىپتېكىن ئەپەندىگە سۇنۇلغان خىتاي ئۇيغۇر ھەمكارلىقىنىڭ ئالتە ماددىلىق تەكلىۋى بەلكى بۇ ئىسىم مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك. بۇ ماقالە ۋە تۈركىيەدە يۈز بەرگەن «كېلىشىم» ھەققىدىكى يازمىشلىرىمىزدا سۆيەتلەنگەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئۇلار كىشىلىك ئىززىتىنى بىلمەيۋاتقان ئەھۋالدا، سىياسىي پايدا- زىياننى نەدىن بىلسۇن، بۇ ئىسمىدىن ۋاز كېچىپ

نېمىگە ئېرىشىمىز؟ دېگەننى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن بولىشى كېرەك، مانا شۇنداق يىركىنىشلىك «ھەمكارلىق»نى باشلىغان بولىشى مۇمكىن. بۇنى ئەگەر سەت تۇرىدۇ دېمىسەك، شۇنداق ئوخشۇتۇش بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن: خۇددى «ئەر كىشىلىكىڭدىن ۋاز كەچسەڭ، ئاندىن ساڭا خوتۇن ئەپ بېرىمىز» دېسە ماقۇل دېگەنگىلا ئوخشاش ئىش بولۇپ، ھەزلەك بولغاندىن كېيىن خوتۇن ئالغىلىمۇ بولمايدىغانلىقى، ئالغاننىڭمۇ پايدىسى يوقلىقى ھەممىگە ئايان، ئەلۋەتتە!

بۇ پاكىتلارنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا بۇ ئەپەندىلەرنىڭ شۇملۇقلىرىغا ھەمتاۋاق بولغۇچىلارنى ئالدانغان ساددا ئاممە دېيىشكە بولمىسا كېرەك؛ تەبئىيكى بۇلار سېتىۋېلىنغان سۇخەنچىلەردۇر.

2004-يىلى، تورونتو.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# «قەھرىمانلارچە قېچىپ چىقىش» توغرىسىدا تەسىرات

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باياناتچىسى دىلشات رىشىتنىڭ خانىمى مېھرىبانىنىڭ شۋېتسىيىنىڭ كۆچمەنلەر پاسپورتى بىلەن (رەسمىي پۇخراسى ئەمەس) ۋەتەنگە بېرىپ، 7 ياشلىق قىزىنى ئېلىپ چىقالىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرگەن پاسپورتى تارتىۋېلىنغان ئەھۋال ئاستىدا، ساختا پاسپورت بىلەن بىر كىچىك بالىنى ئېلىپ «قاچالىغانلىقى»دەك تەسىرلىك ۋەقە، مېنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان دەردىمنى ئەسلىتىپ، بەختسىزلىكىمگە يىغلىغۇم كەلدى.

بېيجىڭ ئايرودرومىغا چۈشۈشى ھامان پۇخرانچە كېيىنگەن خىتاي ساقچىلىرى ئۇنى ئېلىپ كەتكەن! (ئايال ئۆزىمۇ ھەيران قالغان ) ئۇنىڭ كېلىشىنى خىتايلار ئالدىن بىلەلىگەن (بۇنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق)، ئائىلىسىدە «نەزەربەند» قىلىنغان بۇ ئايال، قانداقتۇر بىرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشلەتكەن ساختا پاسپورت بىلەن قېچىپ چىققانلىقىدەك قەھرىمانلىق ۋە ھەۋەسنى كەلتۈرگىدەك تەلەي، پىشانىسى ئوڭلۇقلۇقى بىلەن ھەسەتلىرىمنى قوزغىۋەتتى. بۇ «مول قېچىپ چىقىش تەجرىبىسىگە ئىگە شۋېتسىيىلىك ئۇيغۇر ئايال پارتىزان»نىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئالتۇن ھەل بىلەن تارىخقا يېزىپ قويسا ئەرزىيدىكەن دەپ ئويلۇدۇم. بۇ ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دىگەنمۇ چۇ، بوش ئادەملەرنى ئەتراپىغا

توپلىماپتىكەن جۇمۇ.

شۇنىڭغا دىققىتىم قوزغالدىكى، ئايال ئىككى يېرىم ئاي تۇرغان؛ بۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ساختا پاسپورت تەييار بولغان. ئۇنىڭ چەتئەلدىكى ھەركىتى (يولغا چىقىدىغانلىقى ۋە يولغا چىقىش ۋاقتى)نى بىلىپ تۇرالىغان ۋە بېيجىڭدا ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىققان خىتاي جاسۇسلۇق تورى، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يەرلەردە، ئېتنىك قۇرۇتىدەك ئايغاقچىلىرى تۇرۇپمۇ ئايالنىڭ چىۋەرلىكى شاراپىتىدىن، خوڭكوڭ ئارقىلىق چىقىپ كېتىۋاتقىچە سېزەلمەي قالغان.

ئاشۇنچىۋالا كالۋا خىتايدىنمۇ قۇتۇلالماي يۈرگىنىمىزنى ئويلىسامغۇ يېرىلغۇدەك بولىمەن. ئۇلار ئەنە شۇنداق كالۋا تۇرسا، نېمىشكە ئۇلارنى ئالداپلا قۇتۇلمايمىزكىن، مەسىلەن، «ھوي، خىتاي ئاغىنىلەر، مەلۇم بىر يەردە قويدەك يوغىنىغان چېكەتكە باركەن، كىم تۇتىۋالسا شۇنىڭ ئىكەن، ئىگىسى يوقكەن» (ئىلگىرى ئۇلار يۇرتىمىزغا يېڭى كەلگەندە «پاقىنىڭ ئىگىسى بارمۇ؟» دەپ سورىغانكەن ئەمەسمۇ) دەپلا ئۇلارنى باشلاپ سىبىرىيەنىڭ جاڭگىلىغا ئاپىرىپ ئازدۇرىۋېتىپلا قېچىپ كېلىپ چېگرانى ئېتىۋېلىپلا، «ۋىزاڭ قېنى، خىتاي؟ پاسپورتۇڭ قېنى؟» دەپ كىرگۈزمىسەكلا بولىدىغان گەپتى ئەمەسمۇ!

ھەممىدىنمۇ دىققەتكە سازاۋەر يېرى، ئايال تېخى رەسمىي شىۋىتسىيە پۇخراسى ئەمەس، ھالا قانۇنەن خىتاي پۇخراسى ھېساپلىنىدىغان تۇرۇپ، ئەنە شۇنداق مۆجىزىۋىي ئوڭ كەلگەن.

يادىمىزدا باركى، تۈركىيە پۇخرالىقىغا ئۆتۈپ بولغان بىر كۆچارلىق ئۇيغۇر ۋەتەنگە بېرىپ، تا شۇ كۈنگىچە قايتا كېلەلمىدى، ئائىلىسى خارۇ-زار ھالدا ئىستانبۇلدا. نېمىشكە؟ خىتايلار بىر چەتئەل پۇخراسىنى تۇتۇپ قالالىدى؟ خىتاي دەپتۇمىشلەركى، بۇ تېخى بىزنىڭ پۇخرالىقىمىزدىن ئۆچۈرۈلمىگەن! يېنىدىن خىتاي كىملىكى چىقتى، دېمەك بىزنىڭ پۇخرامىز، بۇ بىزنىڭ ئىچكى ئىشىمىز! تۈركىيە تاشقى ئىشلار

مىنىستىرلىقلىرى، ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ ئارىلىشىشلىرىغا قارىتا خىتاي ئەنە شۇنداق دېدى ۋە ئۇنىڭ تۇرك پاسپورتىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى مەڭگۈلۈككە ئېلىپ قالدى! (ناھايىتى تەبىئىيكى، ئاۋال خېلى ئۇزاق قاماپ قويىدى) بۇنىڭغا قاراپ، مەشھۇر سىياسىي پائالىيەتچىمىزنىڭ بۇ خانىمىنىڭ چىۋەرلىكىگە كىم ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالايدۇ؟

يەنە: ئالىلىقاچان ب م ت مۇساپىرلار كومىتېتىنىڭ مۇساپىرلىق سالاھىيەت نامىسىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇرلاردىن قانچىسى چەتئەللەردىن تۇتۇپ كېتىلدى، ئۇلار تېخى ئۇ دەرىجىدە مەشھۇر كىشىلەر ئەمەسىدى. چەتئەلدىن دۈشمەنلىرىنى تۇتۇپ ئەكەتكۈچى بولغان خىتايلارنىڭ ھاڭۋاقتىلىقىنى قارىماسىلەر، چاڭگىلىدىكى بىر چوڭ بېلىقنى چىقىرىۋەتكىنىنى! تازىمۇ ماڭقا يېگەن «خوڭ گوۋلىياڭلار» -دە!

يەنە، خەۋىرىم بار، بەزى تونۇش - بىلىشلىرىم (ئۇلارنى ھېچكىممۇ تونۇمايدۇ، ئادەتتىكى ئادەملەر) ئائىلىسىنى ئېلىپ چىقىش يولىدا شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ھېچ ئەپلەشتۈرەلمىدى. ھەرقانچە ھىلە ئىشلەتسىمۇ خىتاي بىلىۋېلىپ، زادىلا قويۇپ بەرمىدى. ئەكسىچە ئۇلارنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، تېلېفون ئارقىلىق شۇنداق تەكلىپلەرنىمۇ بەردى: «بىز بىلەن ھەمكارلاشساڭ، ئائىلەڭنى دەرھال چىقىرىپ بېرىمىز، ھەممە ئىشىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ...بولمىسا باللىرىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا، ئۆزەڭ بىل...». بۇ قوڭالتاق، ئەرزىمىگەن، قاتاردىمۇ، سالادىمۇ يوق ئادەملەر بىلەن بۇنداق «ھەمكارلىق» تاماسىنى قىلىپ يۈرگەن خىتايدا ئەقىل بار دەمسىلەر؟ دۆت گۈيلار ئاۋۇنىڭدەك «چوڭ بېلىق»لارنى قولدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئۇششاق نېمىلەرنىڭ كەينىدە نېمە قىلىدىكىنە؟ زادى بۇ ماڭقىلارنى جاڭگالغا ئاپىرىپ ئېزىقتۇرىۋەتكۈلۈك!

يەنە: مەن چەتئەلدە سەرسانلەرچە ياشاۋاتقىلى 10 يىل بولۇپ قالدى. مېنىڭ تىرىشچانلىقىمنىڭمۇ ھەممىسى زايا كەتتى. مەنمۇ ئەنە شۇنداق ئادەتتىكى بىر ئىنسان بولمىسا، نە بىر يەرنىڭ باياناتچىسى، نە بىر يەرنىڭ

باش كاتتىسى! ھەتتا ۋەتەننى قۇتقۇزۇۋېلىش تېمىسىدىكى ئۇلۇغ يىغىنلارغىمۇ بەك ئاز قاتنىشىمەن. شۇنداق تۇرسىمۇ ما كېلىشمەسلىكنى قاراڭلار! بۇجۇمبۇشلۇقۇمغا ئاچچىقىم كېلىدۇ. ئاشۇ «مول قېچىپ چىقىش تەجرىبىسىگە ئىگە» ئايالچىلىكمۇ قولۇمدىن ئىش كەلمىگىنىگە ئۆكۈنىمەن. ھەتتا، ھەممە رەسمىيەتلىرى تولۇق، كانادا ھۆكۈمىتى تېگىشلىك ياردەملەرنى قىلغان، قولىدا ھۆكۈمەت نامىدىن بېرىلگەن تەكلىپنامىسى بولغان ھالدا... بىچارە چوڭ ئوغلۇمنى ھەتتا تۈرمىگە قامىدى! «پاسپورت ئىشلىتىش غەرىزىدە بولغانلىق گۇناھى» بىلەن!

يەنە، 2000- يىللاردا — بىز تۈركىيەدە ياشاۋاتقان زامانلاردا— ئىنقىلاپ سەبدىشىم ئابلەت نۇرئوغلىنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى خىتايلار قاماپ قويدى. قامالغانلار ئۇنىڭ تۆرت ياشلىق بالىسىدىن تارتىپ، سەكسەن تۆرت ياشلىق دادىسىغىچە جەمئىي يەتتە جان ئادەم ئىدى. شۇ مەزگىلدە پەقەت مارالۋېشى ناھىيىسى تەۋەسىدىنلا 280 ئادەم ئوخشاش سەۋەپ بىلەن تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلار گۆرۈ ھېسابىدا تۇتۇلۇپ، ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق، خىتايغا قېچىپ كېتىپ يوشۇرۇن ياشاۋاتقان ئىنقىلاپچىلار، چەتئەلگە چىقىپ كېتىپ سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنى قايتۇرۇپ كېلىش مەخسەد قىلىنغان ئىدى. ئابلەت نۇرغا ئۆيىدىكىلەر ئاغزىدىن تېلېفون قىلىنىپ، سەن قايتىپ كەلمىسەڭ بىزنى قويۇپ بەرمەيدىكەن، دېگۈزگەن، ھەتتا ئارقىدىن ساقچىلار ئۆزىمۇ بىرنەچچە قېتىم بۇنى «قورقۇتۇشقا» ئۇرۇنغان ئىدى. بىز ئاۋازنى دىسكىغا ئېلىۋېلىپ، خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدۇق.

بەزى مەشھۇر ئادەملىرىمىز مېنىڭدەك قولىدىن ئىش كەلمەي، بالىلىرىنى ئەپچىقىشنى ئەپلەشتۇرەلمەيۋاتقانلاردىن بىرىنىڭ ئىستىھزالىق سۆزىگە جاۋابەن دەپتۇرلەركى، «مانا ماۋۇ بىزدەك يوغان - يوغان ئىشلارنى قىلساڭلار، ئاندىن خىتاي قورقۇپ، ئائىلەڭلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ؛ ھېچ ئىش قىلماي ياتسا خىتاي كۆزىگە ئىلەمدۇ؟!» يۇقۇرىدا زىكرى كەچكەن

www.uyghurkitap.com

قەھرىمانلىقنى بۇ ئاجايىپ فورمىغا سېلىپ چۈشەنسە خېلى چۈشىنىشلىك بولىدىغاندەكمۇ تۇرىدۇ. دېمەك، خىتايلار باياناتچىنىڭ نۆۋەتتىكى باياناتلاردا تازا دەپ، تازا دەۋىتىشىدىن قورقۇپ، « بىرىپتۇلا، كۆرمىگەن بولۇپ تۇرايلى، ئىشنى پۈتتۈرىۋېلىپ چىقىپ كەتسۇن، بولمىسا ھېلىقى ئېرى دېگەن ئاغزىغا بالا تەككۈر رەسۋايىمىزنى چىقىرىۋەتمىسۇن» دېگەندەك تۇرىدۇ.

مانا شۇ بىر تالاي ئوي - خىياللاردىن كېيىن، كۆپچىلىككە شۇنداق دېگىم كەلدى: ئۇيغۇرلاردا «خوتۇن كىشى دېگەن بۇرنى بولمىسا پوق يەيدۇ» دېگەن تەمسىل بارىدى، ئومۇمىي ئۇيغۇر بولسا بۇرنى تۇرسىمۇ «پوق يەۋېرىدىغان»دەك قىلىدۇ. بۇرنىمىز سەزمەس بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟ ئازراق بولسىمۇ بۇرۇننى داۋالاتمىساق بىزگە پوقنى ھالۋا دەپ يېگۈزگىلى بولىدىغاندەك تۇرامدۇ نېمە؟

بۇ ھوزۇر بەخش خەۋەردىن ۋاقىپلانمىغانلارنىڭ كۆپ بولۇش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، رادىئونىڭ ھەمىشەمكىدەك ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ بېرەلەيدىغانلىقىنىڭمۇ شاھىدى بولغان بۇ ئۇچۇرنى كوپىيە قىلدىم:

## د ئۇ ق نىڭ باياناتچىسى دىلشات رىشىدنىڭئايالى مېھرىبان بىلەن سۆھبەت

2005.06.08

مۇخبىرىمىز ئەركىننىڭ مېھرىبان بىلەن

ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى

ئاۋاز كۆچۈرۈش

مەركىزى گېرمانىيىدىكى دۇنيائۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باياناتچىسىدىلشات رىشتىنىڭ خانىمىمېھرىبان يېقىندا خوڭكوڭ ئارقىلىق خىتايدىن قېچىپ چىقىپ، ياۋروپاغا يېتىپ

كەلدى.

مېھرىبان بۇ يىل 3- ئاينىڭ 15-كۈنى شۋېتسىيىدىن ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا بارغاندا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكدائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان ئىدى. مېھرىبان ئۈرۈمچىدە 2 ئايدىن ئارتۇق ئائىلە نەزەربەنتىدە تۇتۇپ تۇرۇلغاندىن كېيىن، 6 -ئىيۇن كۈنى باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن خوڭكوڭغا قېچىپ چىققان ۋە بۇ يەردىن تىنچ -ئامان ياۋروپاغا بېرىۋالغان.

مىھرىبان چارشەنبەكۈنى زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ 2 يېرىم ئاي جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە توختالدى.

دىلشاتر‍ىشتىنىڭ ئايالى خىتاي ساقچىلىرىنىڭ سوراق قىلىشىغا ئۇچرىدى

2005.06.08

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باياناتچىسى دىلشات رىشتىنىڭئايالى مېھرىبان گېرمانىيىدىن بېيجىڭغابارغاندا خىتاي بىخەتەرلىك دائىرىلىرىتەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان. شۇنداقلا خىتاي ساقچىلىرى ئۇنىڭ پاسپورتىنى تارتىۋېلىپ ئۈرۈمچىدىكى ئائىلىسىدە نەزەربەنتكە ئالغان. يېقىندا مېھرىبان يوشۇرۇن ھالداخوڭكوڭ ئارقىلىق گېرمانىيىگە كېلىۋالغان.

تەيۋەن مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مەلۇمقىلىشىچە، مېھرىبان 3- ئاينىڭ 15-كۈنى گېرمانىيىدىن بېيجىڭ ئايرۇپىلان ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر نەچچە يۇقىراچە كىيىنگەن خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ئۇنى ئۇدۇل بىرمېھمانخانىغا ئېلىپ كېتىپ، بىر ھەپتىگىچە ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسەت-مۇددىئالىرىنى سۈرۈشتە قىلغان.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، بىخەتەرلىك خادىملىرى ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ، ئائىلىدە نەزەربەنتكە ئالغان. كېيىن مېھرىبان باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئالغان يالغان پاسپورت

ئارقىلىق 6 ياشلىق قىزنى ئېلىپ خوڭكوڭغا قېچىپ چىققان
ھەمدە ئۇ يەردىن گېرمانىيىگە تىنچ-ئامان چىقىۋالغان. (پەردە)

# ساختىلىقمۇ، دەلىلى بارمۇ؟

ئەركىن ئەسىيا رادىئوسىنىڭ تور بېتىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى خاتىرىلەشكە ئائىت ماقالىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى كۈنلەردە «ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتالغان»لىقى توغرىسىدىكى «يېڭى ئۇچۇر» دىققىتىمنى تارتتى. شۇنداقلا بۇنىڭغا ئىنكاس بىلدۈرۈشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدىم.

دەسلەپتە «ھازىرغىچە كىشىلەرگە، تارىخچىلارغا، ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان پەۋقۇلئاددە يېڭىلىق ئىكەن» دەپلا قاراپتىمەن، كېيىن تەكرار ئويلاپ كۆرسەم، بۇ ئۇ قەدەر ئاددىي ئىشتەكمۇ ئەمەس. ئىلگىرى خىتايلار «شەرقىي تۈركىستانچى»، «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى»، «شەرقىي تۈركىستان گورۇھى (تەشكىلاتى)نىڭ ئەزاسى» دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن قولغا ئېلىنغان نۇرغۇن ئىنقىلابچىلارنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، تۈرمىدە چىرىتىپ، مەجرۇھ قىلىپ، ئېشىپ قالغىنىنى «كەڭچىلىك بىلەن» قويۇپ بېرىش شۇم ئويۇنى ئوينىغاندا شۇنداق بىر «سىياسەت» چىققان بولۇپ، بۇگۈنكى تاشقى دۇنيادا ئەنە شۇنىڭ تەكرارلىنىشى كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، خىتايلار ئۆزلىرى ئۆلگىدەك قورقۇدىغان «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىمنى ئەھمىيەتسىزلەشتۈرۈش، تارىخىي پاكىتمۇ ئەمەسلىكىنى كىشىلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۇچۇن، «شەرقىي تۈركىستان» دەيدىغان بىر نېمە يوق، تارىخىي ئىسىممۇ ئەمەس، جۇغراپىيىۋى ئىسىممۇ ئەمەس، سىياسىي ئىسىممۇ ئەمەس، دېگەن سىياسەتنى يولغا قويغان ئىدى.

شۇنداقلا بۇ پوزىتسىيىسىنى راست قىلىش ئۈچۈن تۇرمىلەردە ئۆلمەي ئېشىپ قالغان «شەرقىي تۈركىستانچى»لارنى قويۇپ بېرىش رەڭۋازلىقىنىمۇ قىلغانىدى.

ئەمدى خەلقارادا بۇ خىل «شەرقىي تۈركىستان»نى ئېتىراپ قىلماسلىق(تارىخىي ئاتالغۇمۇ ئەمەس، جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇمۇ ئەمەس، سىياسىي ئاتالغۇمۇ ئەمەس)، پاكىتلىق دەرىجىسىنى چۈشۈرۈش ئۇرۇنىشى بىلەن جىددىي شۇغۇللانماقتا. بۇنىڭدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا «پارنىكتا» يېتىشتۈرۈلگەن «ئۇيغۇرىستان» ئىسمىنىڭ ئىشقا يارايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن خىتاي، مۇمكىن قەدەر تارىخىي پاكىت بولغان ئىسىم بىلەن، سۇنئىي مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئىسمىنى تېگىشىشتۈرۈشنى بىرىنچى باسقۇچلۇق پىلان قىلغاندەك تۇرىدۇ. بۇنى تۇرلۇك ۋاستىلار بىلەن ئىچىمىزدە كەڭ يېيىپ، خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك نەتىجىسى سۈپىتىدە «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى(ياكى قۇرۇلتىيى)» ئورنىغا «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ تېگىشىلگەنلىكىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ ئىسمىنى خىتايلارنىڭ قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئاۋالقى ماقالەمدە دەلىللىگەن ئىدىم.

1930- يىللار تارىخىنى ئون يىل تەتقىق قىلغان، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يۈزلەرچە كىتابنى، ئارخىپ ھۆججەتلىرىنى ئوقۇغان ۋە يۈزلەرچە ھايات شاھىتلارنى زىيارەت قىلغان، مىڭلارچە كىلومېتىر يولنى ۋېلىسىپىتلىك ۋە پىيادە كەزگەن بولساممۇ، ھېچقاچان بۇنداق بىر «تارىخىي ئىسىم»نى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، ئاڭلاپمۇ باقماپتىكەنمەن؛ ھەقىقەتەنمۇ تەلەيسىزكەنمەن. رادىئونىڭ تور بېتىدىكى ماقالىنىڭ ئاپتورى ھەقىقەتەنمۇ تەلەيلىك ئىكەن، ئۇ دەرمەھەل مۇشۇنداق بىر دەلىلگە ئۇچراپ قالسا كېرەك.

«ئۇيغۇرىستان» دېگەن سۇنئىي ئىسمىنى تارىخىي پاكىتقا تېگىشىش كويىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان «ئىنقىلاپچىلار»نى «تارىخىي يىپ ئۇچى» بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولۇش

ئېھتىمالى 98% بولغان ئاۋۇ «يېڭىلىق»، ئەگەر تارىخىي ۋەسىقىلەردىن دەلىل كۆرسىتىلمىگەن تەقدىردە غەرەزلىك ئويدۇرما بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇندىن كېيىنكى تالاشلاردا «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا بېرىلگەن بىر ماقالىدا كۆرسىتىلىشىچە...» دەپ پاكىت قىلىسۇن ئۈچۈن ياساپ چىقىلغان سۇنئىي «يىپ ئۇچى» بولىشىدا گەپ يوق! يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى باركى، بۇنداق بىر تارىخىي ۋەسىقىنىڭمۇ ساختىسى ياسالماسلىقى ناتايىن. چۈنكى، مۇشۇ كۈنگە قەدەر ھېچ ئاڭلىنىپ باقمىغان، ھەتتا خىتاي مەنبەلىرىدىمۇ («شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا مايىل، ئاشۇنچىلىك بىرەر يىپ ئۇچى تاپالماي تۇرغان بولىشىغا قارىماي) ئۇچراپ باقمىغان بۇ «يېڭىلىق»نىڭ تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىقىشى، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىمنىڭ ئەھمىيىتىنى، قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

خىتايلارنىڭ مەيلىگە ماسلىشىشتىكى سادىقلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان رادىئونىڭ توربېتىدە (بەلكىم ئاۋازلىق ئاڭلىتىشتىمۇ ئاڭلىتىلسا كېرەك) مەيدانغا كېلىشىمۇ تاسادىپىيلىك ئەمەس، رادىئونىڭ ئىزچىل مەيدانى، مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. دۇنيا مىقياسىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرىلىۋاتقان پاكىت يوق قىلىش شۇملۇقىنىڭ بۇ يېڭى يۈزلىنىشىگە ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق يېقىندىن دىققەت قىلىشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق ھەرقايسى سەپلەر بويىچە كۆرسىتىلىۋاتقان تىرىشچانلىق، بۇنىڭغا خىتايلارنىڭ بۇ قەدەر ئېتىبار بېرىۋاتقىنى ئويلاپ كۆرۈلسە، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىمنىڭ بىز ئۈچۈن قانچىلىك موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتى ۋە ئامېرىكىنىڭ تۇتۇمى

شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئارزۇسىدىكى نۇرغۇن كىشىلىرىمىز شۇ كۈنگىچە ئامېرىكىنىڭ بىزگە ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۈمىدۋار بولۇپ، ئۆزلىرىنى خېلى پىشقان سىياسىئون سانايدىغان ئەپەندىلەرمۇ ئامېرىكا خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇ ئىشنى ھەل قىلىدۇ، چۈنكى ئامېرىكا ۋاستىلىك ھالدا بىزنى ساتقان(پودىستام يىغىنىدا)، ئەمدى بۇ تارىخىي خاتانى ئۆزلىرى تۈزىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. دۇنيانىڭ مەنپەئەت قانۇنىيىتىدىن ئېيتقاندا، ھېچ بىر دۆلەت بۇنداق بىر خاتا ئۈچۈن خىجالەت بولۇپ، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەپسانىلەردىكى مەرت - مەردانە پالۋانلاردەك ھەقنى قوغدايدىغان ئىش يوق!

ئامېرىكا ئەركىنلىكنىڭ ھامىيسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ پەقەت ئۆز مەنپەئەتىنىڭ ھامىيسى. بۈگۈنكى كۈندە بۇنى ھەتتا كىچىك بالىمۇ بىلگىدەك ھالغا كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، بىزنىڭ بىلگىنلىرىمىز ھالا بالىلارچە ئۈمىد بىلەن ئۆز - ئۆزىنى پەپىلىمەكتە. ھەتتا تور بەتلىرىدىكى زامانىۋىي «پىت بازارلىرى»دا بىر- بىرلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، «ئامېرىكىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويساق، ئامېرىكا ياردەم بەرمەي قالىدۇ...» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلىشقانلىقى مەلۇم.

ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى تەقەززا قىلسا، تىللاپ تۇرسىڭىزمۇ ياردىمىنى تاڭىدۇ (خۇددى ئۆتمۈشتە، سوۋېت- ئافغانىستان ئۇرۇشىدا بولغىنىدەك)؛ ئەگەر

ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە «يولى چۈشمىسە» بىز بىلەن ئىشى بولمايدۇ. نېمە دەپ ئۇ بىزنى ئازاد قىلىپ قويغىدەك؟ بۇ قەدەرمۇ بالىلىق بولامدۇ؟ شۇ دەلىللەرگە قاراپ باقايلى:

ئامېرىكا سىياسىي ئانالىزچىسى، كارتېرنىڭ سىياسەت مەسلىھەتچىسى بولغان زبىگنىنۋ بىرزىنىسكى «بۈيۈك شاھمات تاختىسى» ناملىق كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ:

«ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا- ئاسىيادىكى مەۋجۇتلىقىنىڭ شەرقتىكى كۆۋرۈكبېشى سۈپىتىدە ئامېرىكا- خىتاي ئىستراتېگىيىلىك ياراشمىسى بولمىغان ھالدا، ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا قۇرۇقلۇقى ئۈچۈن گېئو- ئىستراتېگىيىسى بولمايدۇ.»

«خىتاينىڭ رايون دائىرىسىدە چەكلىنىشىگە ئۇيغۇن بىر سىياسەت يۈرگۈزمەك ئاقىللىق بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، خىتايغا سىمۋوللۇق شەكىلدە، دۇنيادىكى ئالاھىدە ‹شاھماتچى› سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. ئۇنى تېخىمۇ كەڭ خەلقئارا ھەمكارلىقلارغا جەلپ قىلىش ئارزۇ قىلغان سالاھىيەتنى بېرىش، خىتاينىڭ مىللەتچىلىك ئاچچىقىنىڭ ئۆتكۈر قىرلىرىنى سىلىقلاش رولى ئوينايدۇ».

«كورىيەنىڭ بىرلىشىشى، خىتاي بىلەن مادارا قىلماستىن مۇمكىن بولمايدۇ.»

«ياۋروپا-ئاسىيانىڭ يىراق شەرقىدە خىتاي پەيدىن-پەي يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتىشى مۇمكىن ۋە ئامېرىكا، ئامېرىكا— خىتاي گېئو- ئىستراتېگىيىلىك ئىتتىپاقنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا تەمىن ئەتمىگەن تەقدىردە، ئاسىيا قۇرۇقلۇغىدا سىياسىي مەنىدە پۇت قويغىدەك يېرى بولمايدۇ.»

بۇ قۇرلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئامېرىكىنىڭ خىتاي بىلەن چاتاقلىشىش نىيىتى يوق، ئەكسىچە تېخىمۇ يېقىن ئىتتىپاق بولۇشقا ئېھتىياجى بار.

شەرقىي تۈركىستان ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتتىن پۈتۈنلەي خىتاينىڭ

www.uyghurkitap.com

ئېلىكىدە؛ ھەتتا ھەممە جەھەتتە مۇستەقىل بولغان، پەقەت بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن تونۇلمايۋاتقان تەيۋەن ھەققىدىمۇ ئامېرىكىنىڭ مەيدانى تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاش ئەمەس:

«خىتاينىڭ، تەيۋەننىڭ مەزگىلسىز ئايرىلىپ تۇرۇشىنى ھېچقاچان قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى تەستىق ئەتمەك موھىمدۇر. مۇشۇ سەۋەپ بىلەن مەلۇم نۇقتىدا بۇ تېما ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ باشمۇ- باش تىركىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنىڭ نەتىجىسى بارلىق مۇناسىۋەتلىكلەر ئۈچۈن ناھايىتى زىيانلىق بولىشى چوقۇم. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئۈمىدلىرى ئارقىغا كېتىشى؛ ئامېرىكا ياپونىيە مۇناسىۋەتلىرى ئېغىر دەرىجىدە جىددىيلىشىشى؛ ھەمدە، شەرقىي ياۋرو- ئاسىيادا تېنچ - ئاسايىشلىق بىر كۈچ تەڭپۇڭلۇقى بارلىقىقا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى ئامېرىكىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئىزدىن چىقىشى مۇمكىن.»

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇرچە بۆلۈمى ھەققىدە بەزىلەر ھەددىن زىيادە مۇبالىغىلىق ئۈمىدلەردە سۆزلەشىدۇ. قانداقتۇر بۇ رادىئو شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىغا يەل بەرمەك، كۈشكۈرتمەك ئۈچۈنمىش! يۇقۇرىدىكى نەقىللەر ئاساسەن ئامېرىكىنىڭ سىياسىي مەيدانى ھەققىدىكى چىغىر. كۆرۈلىدۇكى، ئامېرىكا پەقەت خىتاينى ئىتتىپاقچى بولۇشقا قىستاشتىكى بىر قوشۇمچە ئۇرۇق (بەلكى بىر پىچكا) سۈپىتىدە رادىئودا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنى يولغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچ ۋە ھېچ مۇستەقىللىق پىكرىنى كۆرۈكلەش نىيىتى يوشۇرۇنغان ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولمىسىدى، ئامېرىكا مەخسۇس ئادەملەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ نىيەتكە ئۇيغۇن ئاڭلىتىشلار بېرىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى؛ مەخسۇس ئادەملەر ئارقىلىق ئاڭلىتىشنى تەقىپ قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ خىتايلارنى رەنجىتمەسلىكنى ئاساس قىلىۋاتقاندەك ھالىتىگە ئاللىقاچان خاتىمە بېرەتتى. دەل بىر پىچكا بولغىنى ئۈچۈن، رادىئونىڭ خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پەرقسىز سەۋىيەدە تۇرىۋاتقىنى، خەلقىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكى بىلەنمۇ ئىشى

بولمايۋاتىدۇ.

تەبىئىيكى، ئەگەر ئېھتىياج تۇغۇلسا، خىتاينىڭ يېغىرىغا تېگىدىغان مەزمۇنلارنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، خىتاينى سۇلھكە قىستاشتا قوشۇمچە قورال قىلىپ پايدىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ۋاقىتلىق ھادىسە بولىدۇكى، بۇمۇ ئامېرىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قوللايدىغانلىقىدىن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# خىتاينىڭ قانۇن تۈزۈملىرى ئاستىدىكى قانۇنسىزلىقى

يېقىنقى كۈنلەردە ئاتۇشنىڭ شورۇق كەنتىدە كوللېكتىپ ھالدا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بۇنى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى زىيارەت قىلىش بىلەن بىرگە ئاشكارىلىغان ئىدى. بۇ مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈش —كوممۇنىستلار مۇستەملىكە تارىخىغا ۋارىسلىق قىلىشنى باشلىغاندىن بۇيان بولۇپ كېلىۋاتقان مىليونلىغان زوراۋانلىقتىن بىرى؛ ۋەيران قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتقان 180 ئائىلە ئىچىدە مېنىڭ ئائىلەممۇ بار بولسىمۇ، بۇ مېنىڭ ئائىلەمنىڭ ياكى پەقەت شورۇق خەلقىنىڭلا بېشىغا كەلگەن پاجىئە ئەمەس، مىللەتنىڭ پاجىئەسى؛ مۇستەملىكىچىلىك كەلتۈرىدىغان مۇقەررەر بالا- قازالارنىڭ بىرى. بۇنداق پاجىئەلەر ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، يا مۇستەملىكە ئەل ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ يوقالمىغىچە، ياكى مۇستەملىكىچىلەر قوغلاپ چىقىرىلمىغىچە تۈگىمەيدۇ.

مەسىلە مەھەللىۋى، شۇنداقلا شەخسەن مېنىڭ ئائىلەمنىڭلا پاجىئەسى بولمىغىنى ئۈچۈن، بۇنى ئومۇمىي نۇقتىدىن قولغا ئېلىش تېخىمۇ جايىدا بولىدۇ. شۇڭا مەن تۆۋەندە بۇنى كوممۇنىستىك تۈزۈلمە، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت ۋە مۇستەملىكە خەلق مۇناسىۋەتلىرى بويىچە

تەھلىل قىلىمەن. بۇ ۋەقەنى قايتا تىلغا ئېلىش ۋە بۇ ھەقتىكى قانۇنلارنى قايتا مۇلاھىزە قىلىشىمىزغا سەۋەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي تەپتىش ئەمەلدارى ۋە باشقا كاتتىۋاشلارنىڭ بۇ خىل ئىشلار توغرىسىدىكى رەڭۋاز سۆزلىرى بولدى.

تەپتىش ئەمەلدارى كوممۇنىستلارنىڭ كونا مېتودى بويىچە، خەلقئە يېقىن كەلگۈسىدە ياغدۇرىلىدىغان شەپقەت ۋە خەلقنىڭ يەر- مۈلۈكلىرىنى مەجبۇرىي ئېلىۋېلىش، مەجبۇرىي كۆچۈرۈشتەك قىلمىشلارغا قەتئىي زەربە بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە بەكمۇ ئەلھامبەخش سۆزلەرنى قىلغان ئىكەن. ئەمدى بىز بۇ قانۇننىڭ قانداق ئىجرا بولىۋاتقانلىقى، بۇ جىرايلىق ۋەدىلەرنىڭمۇ قانچىلىك ئەمەلىيلىشىدىغانلىقى ھەققىدە مەنتىقىي ئاساسلار ۋە ئەمەلىي پاكىتلار ئاساسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

قانۇننىڭ ئەمەلىيلىشىشى— قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت تۈزۈمىنى — دېموكراتىك تۈزۈمنى تەقەززا قىلىدۇ. سىياسەت بىلەن باشقۇرىلىدىغان، ھەربىر خان، بەگ يېڭىدىن بىر ھۆججەت چۈشۈرىدىغان؛ ئۆزاق مۇددەتلىك ئىجرائاتقا ئۇيغۇن قانۇن- تۈزۈم ئەمەس، ۋاقىتلىق، تۇراقسىز، ھەتتا بىرەر باشلىقنىڭ خىيالىغا كەچكىنى بويىچە چىقىرىلغان ئاتالمىش قىزىلباشلىق ھۆججەتلەر مىزان قىلىنىدىغان تۈزۈمدە قانۇنلار ھامان قەغەز يۈزىدە قالىدۇ.

«قانۇن ئالدىدا ھەممە باپباراۋەر» تېئورمىسىنىڭ راست بولىشىنىڭ شەرتى ناھايىتى تەبىئىيكى — باراۋەرلىك. جەمىيەتتە ھەر تەبىقە، ھەر مىللەت باراۋەر بولمايدىكەن، قانۇن ھەقىقىي ئىقرا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قانۇننىڭ ئەمەلىيلىشىشى دېموكراتىك تۈزۈمنى شەرت قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، كوممۇنىست سىستېمى ئازسانلىق گورۇھنىڭ مەنپەئەتى ئۈستىگە قۇرۇلغان؛ كوممۇنىستلاردىن ئىبارەت ئاز سانلىق گورۇھنىڭ مەنپەئەتىنى، مۇستەملىكە رايونلاردا بولسا تاجاۋۇزچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، باراۋەرلىك شەرتى ئىشنىڭ بېشىدىلا بۇزۇلغان

بولىدۇ. بۇ ھالدا قانۇن- پىرىنسىپلار پەقەت ۋە پەقەت ئادەتتىكى پۇخرالارلا ئەمەل قىلىشقا مەجبۇرلىنىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. قانۇن — جۇمھۇررەئىسىنىمۇ، دېھقاننىمۇ ئوخشاشلا نوپۇزى ئاستىدا تۇتۇشى كېرەك بولسىمۇ، دۆلەت ئورگانلىرى، كوممۇنىست كاتتىۋاشلار، چوڭ شىركەتلەر، كوممۇنىستلارغا يېقىنلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان بايلار ھامان قانۇننىڭ نوپۇزى سىرتىدا قالىدۇ. كوممۇنىست تۈزۈلمىسىدە قانۇننىڭ قۇرۇق گەپ بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەپلەرنى كونكرېت چۈشىنىش ئۈچۈن، شۇ ئەمەلىي ئىپادىلەرگە باقايلى: كوممۇنىست تۈزۈلمىسىدە خەلقنىڭ ئەمەلدارلاردىن، ساقچىلاردىن قورقىشى، ئۇلارنىڭ ئەركىن، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق خەلق تەرىپىدىن تاللانمايدىغانلىقىدىن تۇغۇلغان ئاقىۋەتتۇر (چۈنكى، قەدىمكى زامانلاردا پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ئورنى ھەققىدە ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ ئوغلى دەپ چۈشەندۇرۇپ، كىشىلەر ئېڭىغا «بۇلارغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، پەقەت بويسۇنۇشلا كېرەك دېگەننى سىڭدۇرگەن بولسا، كوممۇنىستلار بۇ خىل ئاڭ فورمىسىنى ئەينەن داۋام قىلدۇرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن خەلقتە ئەمەلدارلارنى «ئۆزىمىزدىن چىققان، بىزدەكلا ئاددىي ئىنسان» دېگەن قاراش ۋە شۇنىڭغا ئۇيغۇن ئىپادىدە بولۇش ئەمەس، قانداقتۇر يۇقۇرىدىن، مۇقەددەس بىر جايدىن كەلگەندەك تۇيغۇ ئاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغاچقا، قۇللۇق قىلىشتىن باشقىنى گۇناھ دەپ قاراش ئادەتكە ئايلانغان). ئەمدى دېموكراتىك تۈزۈمدە، ئەمەلدارلارنىڭ خەلق تەرىپىدىن سايلانغانلىقى، ئەمەلدارلارنىڭ خەلق ئىرادىسىگە زىت كېلىشى، ئۇلارنىڭ داۋاملىق شۇ مەرتىۋىدە قېلىشى ياكى ئۆسۈشىگە خەۋپ تۇغدۇرىدىغانلىقىدىن بولىدۇ.

بۇ ئاددىي سېلىشتۇرما، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ ھاكىممۇتلەق تۈزۈمدە ساقلانغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرىدۇ. تەڭسىزلىك ۋە باراۋەرلىك ئۇقۇمى ھەرزامان قانۇن ئالدىدا كونكرېت ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ ھالدا، تەڭسىز ئىجتىمائىي تەرتىپ شارائىتىدا

قانۇننىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ پەقەتلا تۆۋەن قاتلام ئاۋامدىنلا ئۈستۈن تۇرۇش بىلەن چەكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىدە قانۇن — ھەق تەرەپتە ئەمەس، خىتاي تەرەپتە؛ ھەق تەرەپتە ئەمەس، دۆلەت شىركەتلىرى تەرەپتە؛ ھەق تەرەپتە ئەمەس، كوممۇنىست ئەمەلدارلار تەرەپتە (خۇددى شۇنىڭدەك، شورۇقتىكى ئىشتا) ھەق تەرەپتە ئەمەس، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تەرەپتە تۇرىدۇ. كوممۇنىست سىستېمى مانا شۇ ئالاھىدىلىكى بىلەنلا دېموكراتىك تۈزۈمدىن پەرقلىنىدۇ؛ مانا شۇ ئادالەتسىزلىكى بىلەنلا خاراكتېرلىنىدۇ.

كوممۇنىستلارنىڭ ئالدامچى تەشۋىقاتىغا كۆرە، جىمىكى بەختسىزلىك ئاتالمىش كاپىتالىزىم تۈزىمىدە، يەنى دېموكراتىك تۈزۈمدە بولۇپ، ئېرقىي ئايرىمىچىلىق، تەبىقىلەرنىڭ قانۇن ئالدىدىكى تەڭسىزلىكى، ئەمەلدارلار، خوجايىنلارنىڭ يولسىزلىقى، زوراۋانلىقى،... دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دېيىلەتتى. ئەركىن دۇنيادا شۇنى كۆردۇقكى، كوممۇنىستلار دەل ئۆز تۈزۈلمىسىنىڭ ئىللەتلىرىنى باشقىلارغا دۆڭگىگەن ئىكەن. ھەقىقەتنى سۈرۈشتۈرگەندىمۇ، ناھايىتى تەبىئىيكى، دېموكراتىك تۈزۈم بۇنداق باراۋەرسىزلىكلەر، خەلق مەنپەئەتىنى ئويۇنچۇق كۆرۈشتەك ئىللەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ياخشى تۇپراق ئەمەس، چۈنكى بۇنداق بىر ھۆكۈمەت، بۇنداق بىر ئەمەلدار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

يەنە شۇ ئەمەلىيەتلەرنىمۇ كۆرىۋاتىمىزكى، دېموكراتىك دۆلەتلەردە بىرەر تېز سۈرئەتلىك يول ياكى شۇنىڭدەك دۆلەتكە تەۋە مۇئەسسەسە بىرەر شەخسنىڭ يېرى ياكى ئۆيىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئۇنى قورقۇتۇپ بېسىم ئىشلىتىش ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈپ سورىلىدۇ، ئۇنى قىزىقتۇرغۇدەك پۇل تەكلىپ قىلىنىدۇ. «ئىدىيە ھەل قىلىدىغا خىزمەت گورۇپپىسى»مۇ ئەۋەتىلمەيدۇ. ھېچقاچان «دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇشتىكى ئەسلى مەخسىدىڭ نېمە؟ كاللاڭدا مەسىلە بار...» دېگەندەك تەھدىتلەردىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە ھەقىقەت

ناھايىتى ئاددىي: « مەن كۆچمەكچى ئەمەسىدىم، ساڭا لازىم بولدىمۇ، مېنى رازى قىلىپ ئال! مۈلۈك مېنىڭ، خاھلىسام ساتىمەن، خالىسام يوق؛ خالىسام ئەرزان بېرىۋېتىشىم مۇمكىن ياكى قىممەت!»

كوممۇنىست تۈزۈمنىڭ كىشىلەر كۆڭلىگە ياقماسلىقىدىكى ئىللەتلەردىن بىرى، ئىنسانىي ھەق- ھوقۇق توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ھەق- ناھەق مەسىلىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، كوممۇنىستلارنىڭ ھېساپ ئېلىشىدىن قورقۇش تۈپەيلى ھەق تەرەپكە يان باسالماسلىقى؛ كوممۇنىست ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خۇددى قەدىمقى زامان پادىشاھلىرىدەك خاھىشى بويىچە باشقىلارنىڭ ھەققىنى تارتىۋېلىشىدۇر.

مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئەمەلىيەتكە روبىرو قىلىدىغان بولساق، شورۇق دېھقانلىرى ئۆي سېتىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان؛ يەر بىر ساياھەت شىركىتىگە لازىم بولغان. بۇ ھالدا قانداق بولۇشى كېرەك؟ ساڭا لازىم بولغان بولسا مۈلۈك ئىگىسىنى رازى قىلىپ ئال. ئەمما بۇ دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى ئەمەس، شۇنداق بولغاچقا خۇددى دېگىنىمدەك، قانۇن ھەقىقەت تەرەپتە ئەمەس، شىركەت تەرەپتە؛ باسقۇنچى ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرغان، ئۇلارنى كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان. شىركەت مەلۇم بىرلىك ئۆلچەم ئۈچۈن 72مىڭ سومدىن پۇل بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ؛ ئەمما دېھقانلارغا 12 مىڭدىن پۇل تېگىدۇ. بۇ قەدەر زور پەرق بىلەن ئىنساپسىزلارچە يوقالغان پۇل نەگە كەتتى؟ كوممۇنىستلاردىن ئىبارەت ئازسانلىق گورۇھنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتكەن! ئەمما بۇ ئاتالمىش قانۇن، يەنە ئۇستىلەپ ئادالەتسىزلىكىنى ئىسپات قىلىپ، ھەق مەيداندا، نەپسانىيەتچىلەرنى ئېنىقلاش ئورنىغا، ھۆكۈمران گورۇھنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغانلىقىنى دەلىللىگەن. يەنى، سېتىۋالغۇچى تەرەپ تۆلىگەن پۇلنىڭ مۈلۈك ئىگىلىرىگە تولۇق تەگمىگەنلىكىدىكى سەۋەپلەرنى، جاۋاپكار شەخسلەرنى ئېنىقلاش ۋە جازالاش، مۈلۈك ئىگىلىرىنىڭ ھەققىنى قوغداش ئورنىغا، نەپسانىيەتچىلەرنىڭ قىلمىشىغا چاپان يېپىپ ئۇلارنى قوغدىغان.

ھەر ئائىلىگە بىردىن «خىزمەت ئىشلىگۈچى كادىر»نىڭ ئەۋەتىلىشى، مەسىلىنى ئادىل ھەل قىلىش نىيىتى ۋە ئادىتىنىڭ يوقلىقى، بېسىم ئىشلىتىش، قورقۇتۇش ئارقىلىق مەخسەتكە يېتىشنىڭ كوممۇنىستلارغا خاس كونا مېتود ئىكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى. ئەگەر بۇنى ھەق يول بىلەن ھەل قىلىدىغان بولسىدى، بۇنداق بىر خىزمەت گورۇپپىسىغا ئېھتىياج چۈشمەيتى.

خىتاي تەپتىش ئورگانلىرى مەسئۇلىنىڭ ياغلىمچىلىق بىلەن ئادەم ئالداش سەپسەتىسىدىكى دىققەت قىلىشقا تېگىش نۇقتىلارنىڭ بىرى: «ھوقۇقنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىش، مېھرىۋانلىقنى خەلققە يەتكۈزۈش، خەلق ئۈچۈن مەنپەئەت ئىزدەش، بۇ ئارقىلىق پۇخرالارنىڭ پارتىيىگە بولغان ئىشەنچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» دېگەن جۈملە بولۇپ، بۇ—كوممۇنىستلارنىڭ يالغانچىلىق ۋە زوراۋانلىق بىلەن ئاللىقاچان خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالغانلىقى، كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇتلىقى مەجبۇرىي ۋاستىلەر ئارقىلىق تۇتۇپ تۇرىلىۋاتقانلىقىنىڭ باشقا تۈرلۈك ئىقرارى خالاس! ھەر زامان كوممۇنىستلار نەزەردىن چۈشكەندە مۇشۇنداق كۆز بويامچىلىق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، يېقىندىلا ھەممە ناھەقچىلىكلەر تۈزىتىلىپ، ھەممە ئىش خەلقنىڭ كۆتكىنىچە بولۇشقا باشلايدىغاندەك كېلىمات يارىتىدۇ، خەلق ۋاقىتلىق ئالدىنىدۇ. كوممۇنىستلار «كۆۋرۈكتىن ئۆتىۋالغۇچە ئېشىكىم نەزرە» دېگەندەك، يەنىلا خەلق مەنپەئەتىگە زىت مەنتىقىسى بويىچە ئىشنى داۋام قىلىدۇ. يەنە بىر رەزىل ئۇسۇلى بولسا، نۇرغۇن ناھەقچىلىكلەرنى قىلىپ-قىلىۋېلىپ، ئىشى پۈتكەندە بىرەر ھوقۇق رىقابەتچىسىنى قۇربانلىق قىلىپ، ھەممە ئەسكىلىكنى ئۇ قىلغانتى، پارتىيە ئەسلىدىن ئوبدانتى، ئەسكىنى يوقاتتۇق، ئەمدى ھەممە ئىش تۈزىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇمۇ كۆپ تەكرار لىنىپ، بارغانسېرى ئىشەندۈرۈش كۈچىنى يوقۇتۇپ، «ئۆتمەس ماتا»غا ئايلانماقتا.

www.uyghurkitap.com

خىتاي ئەمەلدارلىرى پۇخرالارنىڭ يەر- مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىش خاھىشلىرىغا قەتئىي زەربە بېرىش توغرىسىدىكى سىياسىتىنى ماختاپ، بۇنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېموكراتىيىلىشىش يولىدىكى چوڭ بىر قەدەم دەپ ماختىنىدۇ (دىققەت قىلىشقا تېگىش بىر نۇقتا: ئۇلار يېرىم ئەسىرلەپ دېموكراتىك تۈزۈمنى قورقۇنۇچلۇق دوزاق دەپ تەرىپلىگەن بولۇشىغا قارىماي، ئەمدى قىزارماستىن دېموكراتىيىلىشىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرىلەش سۈپىتىدە ماختىنىپ تىلغا ئېلىۋاتقىنى). ئەمما ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەركۈن يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەر ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىنىڭ مېزىنى ئېتىپ تۇرماقتا.

يەنە بىر تەرەپمۇ بار، نىسپىي دېموكراتىيىلىشىش بەلكى خىتاي تەۋەلىكىدە، خىتاي پۇخرالىرىغا ئەمەلىيلىشىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما بۇ ھېچقاچان مۇستەملىكىدىكى شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئەنە شۇ «پارلاق سىياسەت»نىڭ نۇرى ئاستىدا شورۇقتىكى 180 ئائىلىنىڭ %95ى ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ بولدى، قالغان %5 گە كەلسەك، جىقى تۈگەپ، ئېزى قالغاندا مەسىلىدە ئىجابىي يۈزلىنىشنىڭ بولۇشى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ.

ئىشىنىمىزكى، كوممۇنىستلار ئۆزلىرىنىڭ يىركىنىشلىك يالغانچىلىقىنى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ.

# خىتايلار بىلەن ئاقلارنىڭ باسقۇنچىلىق تەبىئىتىدىكى پەرقلەر

ئاقلار (ئومۇمەن ياۋروپالىقلار) ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدە مۇستەملىكىچىلىك قىلىشقا باشلىغان مىنۇتتىن باشلاپلا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن يەنە بىر بۆلۈك ھەققانىيەتنى سۆيگۈچى كىشىلەر مۇستەملىكە ئەللەرگە ھېسداشلىق قىلغان. ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھۆكۈمران گورۇھ بىلەن ئاددىي پۇخرالارنىڭ مەيدانى پەرقلىق بولغان. ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىدىن نومۇس قىلىشقان ۋە ئىمكانىيىتى دائىرىسىدە توسۇشقا ئۇرۇنغان. ئەمما ئۇ زامانلاردا ياۋروپادىكى دۆلەت تۈزۈلمىلىرى پادىشاھلىق بولۇش بىلەن، بۈگۈنكىدەك سىمۋوللۇق ئەمەس، مۇستەبىت شەكىلدىكى مونارخىيە تۈزۈمى بولغاچقا، تاجاۋۇزچىلىقنى خالىمايدىغانلارنىڭ سانى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ گېپى ئاقمايتى ۋە ھۆكۈمران ئاز سانلىقنىڭ ئىرادىسى ئورۇنلىناتتى.

قاراشلىرىمىزنى بىرنەچچە دەلىل بىلەن تەمىن ئېتىشىمىزمۇ مۇمكىن: مەرھۇم لېدېرلىرىمىزدىن ئىسا يۈسۈپ 1939- يىلىدا خىتايلار ئۇچۇن مۇسۇلمان ئەللىرىدە جامائەت پىكرى توپلاش مەخسىدىدە چەتئەلگە چىققاندا ھىندىستانغا كېلىپ شۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەن؛ بۇ مەزگىلدە ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىق ھەركىتى راسا راۋاجلىنىۋاتقان بولۇپ،

ئۇلارنىڭ كۈچلۈك پارتىيىلىرى مىڭ كىشىلىك يىغىنلارنى ئاشكارە ئاچالايدىغان ۋەزىيەتتە ئىكەن. مانا شۇنداق قۇرۇلتايلارنىڭ بىرىگە ياندىشقان ئىسا كۆرۈپتۇكى، ئەنگلىيىگە قارشى بۇ مۇستەقىللىق ھەركەتلىرىنىڭ تەشكىلاتچىلىرى ئىچىدە بىرمۇنچە ئەنگلىيەلىكلەرمۇ بارىكەن! بۇنى كۆرگەن ئىسا ئاقلارنىڭ ئىنسابىغا، ئىنسانلىق تەبىئىتىگە ھەيرانلىق ئىچىدە ئاپىرىن ئېيتىش بىلەن بىرگە، «خىتاي مىللىتىدە بۇنداق بىر ھالنىڭ بولىشى تەسەۋۋۇر قىلىنماس ئىدى» دەپ ئويلىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئىسا ھەرزامان ماختاش، سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئالىدىغان شۇ زامان خىتاي مەدەنىيەت مىنىستىرى چۇجىياخۇا ھەققىدە يازغىنىدا، «بىزنىڭ دەردىمىزنى ئەڭ چۈشىنىدىغان دوستىمىز، مۇڭدىشىمىز، يېقىنىمىز ئىدى» دەپ تەرىپلەيدۇ- يۇ، يېرىم ئەسىرلىك ئۆرۈنۈشلىرىدا ئەنە شۇ «دوستى»نىڭ بولسىمۇ، كۆڭۈل ياساپ «سىلەرنىڭ دەۋايىڭلار، راست، ئەمما مىنىڭلا قولۇمدىن كەلمەيدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى بىرەر ئېتىراپىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ (ئەمما بۇ قەيسەر ئادەم، يەنىلا ئاشۇ خىتايلاردىن يالۋۇرۇش ئارقىلىق ۋەتەننى ئېلىۋېلىش نىيىتىدىن قايتمايدۇ).

بۇندىن باشقا مۇستەملىكچىلىك دەۋرى تېما قىلىنغان غەرب كىنولىرىدا ھېچ رەڭ بەرمەستىن ئافرىقىلىقلارغا، ھىندىيانلارغا قىلغان ۋەھشىيلىكلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئەنە شۇ ھاللاردىمۇ بەزى ئاقلارنىڭ يەرلىكلەرگە، ئېزىلگۈچىلەرگە ھېسداشلىق قىلىش يۈزىسىدىن، خائىن قاتارىدا جازالىنىپ، ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدەك رەھىمسىزلىكلەر تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ تېمىلارنىڭ كىنولاردا ئەكس ئەتتۈرۈلىشى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى ھەققىدىكى ئېتىراپى، پۇشايمىنى، ۋەھشىيلىكىدىن نومۇس قىلغانلىقىدۇر، ئەلۋەتتە.

ئەمدى خىتايلارغا كېلىدىغان بولساق، بۇ جانۋارلار، ئەجدادلىرى— ئۇزاق ئۆتمۈشتە مۇستەملىكە خەلقلەرگە قىلغان زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلىقلارنى ھېچ ئېتىراپ قىلمايدۇ. خىتاي مىللىتى ئۈچۈن

بولغاندا بۇ پادىشا زالىم پادىشا، ئەزگۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى، ئاغدۇرىۋېتىشكە تېگىشلىك ئۇستقۇرۇلما، يوقۇتۇشقا تېگىشلىك دۈشمەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ زامانلاردىكى بارلىق ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان خەلق قوزغىلاڭلىرى ھەققانىي، توغرا ھېساپلىنىدۇ ۋە «خەلق قوزغىلىڭى» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئوخشاش شۇ پادىشاغا ئاز سانلىق مىللەتلەر قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولسا، بۇ خاتا، ھەقسىز، ئەكسىيەتچىل بولىدۇ؛ ھەم بۇلارنى خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى «توپىلاڭ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئىسيانلارنى قانلىق باستۇرغان پادىشاھلارنىڭ ۋەھشىيانە ھەركىتى بولسا «توپىلاڭنى تىنچىتىش» دەپ سۈپەتلىنىدۇ! ئوخشاش بىر ھەركەتكە ئىككى خىل ئۆلچەم قوللۇنۇشتا خىتاينىڭ يۈزىمۇ قىزارمايدۇ.

خىتايلارنىڭ ھۆكۈمران گورۇھى ياكى ئەڭ تۆۋەنكى ئەخلەتچىسى بولسۇن، ئىبزىلگۈچى مىللەتلەرگە ھىسداشلىق قىلغان مىساللار تارىختىن ھېچ تېپىلمايدۇ. ئۇلار تۆۋەندە ھاكىمىيەتكە قارشى كوتۇلدايدۇ، مۇستەملىكە مىللەت كىشىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە نارازىلىق ئىپادىلىشىپ بەرسە بولىدۇكى، ئەمما بۇ نارازىلىق «ئىككى ئايرىلماسلىق» پىرىنسىپى ئىچىدە، مەۋجۇت سىياسىي تۈزۈمگە، مەۋجۇت ھۆكۈمەتكە قارشى بولسا بولىدۇ، ئەمما بۇ مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدىغان نارازىلىق بولسا، ھېلىقى ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى خىتاي دەرھال ھۆكۈمەت بىلەن بىر مەۋقەگە ئۆتىدۇ ـ دە، رەددىيە بېرىدۇ ھەتتا ئۇنى پاش قىلىپ جازالىتىشىمۇ مۇمكىن!

ھەتتا ئەركىن دۇنيادا، دېموكراتىك ئەللەرنىڭ نېمىنى يەپ يۈرگەن خىتايلارنىڭمۇ بۇ مەسىلىدە ئەنە شۇ تۇغما مۇستەملىكىچىلىك پىسخىكىنى نامايان قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. چەتئەللەردىكى كەڭرى ئىمكانىيەتلەر سايىسىدە، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەملىكە تارىخى ھەققىدىكى بۇرمىلانمىغان دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا ئەجدادلىرىنىڭ بۇ زېمىنىنى بېسىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش

www.uyghurkitap.com

پوزىتسىيىسىدە بولۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغانلىقى ھەممىيلەن كۆرۈپ تۇرغان رېئاللىقتۇر. ھەتتا ئۆزلىرىنى دېموكراتچى دەپ پەدەزلەيدىغان ئۆكتىچىلەرمۇ ئوخشاشلا تاجاۋۇزچىلىق تابىئىتىنى يوشۇرمايۋاتىدۇ.

غەرپلىكلەر بىلەن خىتايلارنىڭ باسقۇنچىلىق تەبىئىتىدىكى بۇ پەرقنى ئۇنتۇپ قېلىش بىزنى يەنە ئەجەللىك خاتالارغا ئېلىپ بېرىشى چوقۇم. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر زامان دۈشمىنىمىزنى ئەڭ توغرا چۈشىنىشكە تىرىشىشىمىز لازىم. خىتايلار يېقىنقى كۈنلەردە نەشىر قىلغان «دۆلەت مەمپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» ناملىق كىتاپتىكى بەزى مەزمۇنلارمۇ بۇ قاراشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ قۇۋۋەتلىك دەلىلى بولالايدۇ. بۇ كىتاپتىكى بەزى مەزمۇنلاردا، خىتايلار خەلقىمىزنىڭ ئۆزلىرىنى تاجاۋۇزچى دەپ تونىشىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ۋە بۇنى ھېچ قوبۇل قىلغۇسىز بىر بەدنام تەرىقىسىدە تىلغا ئالغان؛ بۇ ئۇلارنى ھەم ھەيران قالدۇرغان: گويا ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىشى تاجاۋۇزچىلىق ئەمەستەك! ھەرقانداق بىر خەلق ئۆز ئازادلىقىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ، ئەمما، گويا خىتايلارنىڭ قولىدا بولغانلارنىڭ بۇنداق بىر تەلەپتە بولىشى بەكلا چۈشىنىكسىز! خىتايلارنىڭ بۇ خىل تۇتۇمى گويا خىتاي مۇستەملىكىسىدە بولۇش، مۇستەقىل بولغاندىنمۇ ئۈستۈن بىر قىسمەت بولۇپ، ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۇرۇنىشى غەلىتىلىك دېمەكچىدەك بىر خىل كېسەل پسىخىكىدۇر.

يەنە شۇ كىتاپتىكى «ھەيران قېلىش»لارنىڭ بىرى، خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن شېھىد بولغان يىگىتلەرنى «قەھرىمانىمىز» دەپ ئاتىغانلىقى، ئۇلارغا نەپرەتلەنمەستىن، ھۆرمەت ئېھتىرامدا بولىشىدۇر. خىتايلارنىڭچە بولسا، خەلقىمىز ئۇلاردىن «تېررورچى، خەلق دۈشمىنى» دەپ نەپرەتلىنىشى كېرەك ئىدى. مانا شۇنداق تەتۈر، كېسەل روھى ھالەت خەلقىمىزگە تېڭىلماقتا.

بۇنىڭدىن يەنە شۇنداق بىر ئەجابىي بىشارەتنىڭ يىپ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ: دېمەك بىز قەھرىمانلىرىمىزنى، بولۇپمۇ كوممۇنىست

ئىستىلاسىدىن كېيىنكى قەھرىمانلىرىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن! ئەپسۇسكى، تەشكىلاتلىرىمىز بۇنداق بىر توغرا يۆنۈلۈشنى ھالا تاپالىغىنى يوق!

www.uyghurkitap.com

# خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى «تېرورچى» كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرى ۋە بۇنىڭ پەردە ئارقىسى

«تېرور ۋە تېرورچى» تېرمىنلىرىغا بىز بۇ يەردە ئىزاھات بېرىپ ئولتۇرمىساقمۇ كۆپچىلىك ئاساسەن چۈشىنىدىغان، كۆپ قوللىنىلىۋاتقان سۆز بولۇپ قالدى. خۇددى ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، «تېرورچى» باشقىلارنىڭ ھەققىگە زورلۇق يولى بىلەن تاجاۋۇز قىلغۇچى، يەنى كىشىلەرنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىغا دەخلى- تەرۇز قىلغۇچىلارنىڭ زورلۇق ۋاستىسى قوللىنىدىغانلىرىنىڭ نامى ئىكەن، ئۇ ھالدا بۇ نام ئۇيغۇرلارغا ئەمەس، خىتاي تاجاۋۇزچى ھۆكۈمىتىگە تېخىمۇ باپ كېلىدۇ. چۈنكى كوممۇنىستىك سىستېم زورلۇق كۈچكە تايىنىپ مەۋجۇتلىقىنى ساقلايدىغان، تېرورنى قورال قىلغان ۋە ئۇنى قانۇنىي دەپ تونۇيدىغان تۈزۈمدۇر. بۇ ئوبزورىمىزدا كوممۇنىست تۈزىمىنىڭ ماھىيەتلىك قۇرۇلمىسى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىش ئاساسىي نىشان بولمىسىمۇ، گەپ «تېرور» ھەققىدە كېتىۋاتقىنى ئۈچۈن، كوممۇنىست تۈزىمى ھەققىدىكى خۇلاسە سۆزىمىزنى دەلىللەشكە ئالاقىدار بىرنەچچە نەقىل بېرىشنى ئارتۇق ئەمەس دەپ قارايمىز.

1922- يىلى لېنىن يېڭى بىر جازا قانۇنى تەكلىپ قىلىپ، شۇنداق

يازغان: «سود تېرورنى چەكلىمەسلىكى كېرەك،... پەقەت ئۇنى كېرەك قىلغان ئاساسنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. تېرورنى بىر پىرىنسىپ سۈپىتىدە قانۇنىي قىلىش كېرەك، ھەمدە بۇ ئىشنى قىلىدىكەنمىز، تېرورنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ۋە كۆڭۈل رىزاسى بىلەن قوبۇل قىلىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. پەقەت ئەڭ كەڭ مەنىدە نىزام قىلىش كېرەك.» لېنىن قوبۇل قىلغان ماركسىست ئاساسلىرىدىن بىرىگە كۆرە «شەپقەتسىزلىك بىلەن ئاممىۋىي تېرور» ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى. مانا بۇلار كوممۇنىستلارنىڭ ئۆز تىلىدىن قىلىنغان ئىقرار بولۇپ، «تېرور» قالپىقى كوممۇنىستلارغا تېخىمۇ بەك ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ۋىنىستون چېرچىل كوممۇنىست تۈزىمى بىلەن فاشىزىمنىڭ ئوخشاشلا قورقۇنۇچلۇق بىر ئاپەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

ئەمدى ماقالىنىڭ ئەسلى تېمىسىغا كەلسەك، ئۇيغۇرلارنى «تېرورچى» قالپىقى بىلەن ئەيپلەش «11- سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن خىتايلارنىڭ ئەقلىگە بىردىنلا كېلىپ قالغان ئىش ئەمەس. بۇ خېلى ئۇزۇن تەييارلىقلاردىن كېيىن، بىرمۇنچە ئاتالمىش دەلىللەر ھازىرلانغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىچە مەلۇم ئاساسقا تايانغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان تۆھمەتتۇر.

ۋەتىنىمىز ئىچىدىكى سوتسىيال كېلىمات خەلقارا تېرورىزىمنىڭ كۆكلىشىگە ھېچ باپ كەلمەيدۇ؛ چۈنكى خەلق ئۈستىدىكى دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم تۈپەيلى خەلق پەقەت مەنپەئەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلغۇچى دۈشمەننىلا تونۇيدۇ، دۇنيانىڭ باشقا بىر يەرلىرىدىن ئاللىقانداق دۈشمەن تېپىشقا رەغدى يوق؛ تاشقىرىغا يېپىق، قەپەزگە ئوخشاش بېكىنمە ھايات، ئەركىن پىكىرلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانلىرىنىڭ ئازلىقىدىن ئېيتقاندا بۇنداق بىر ئېھتىماللىق يوق. شۇڭا خىتاي ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن بۇ خىل پىكىر ئېقىمىنى پارنىكتا يېتىشتۈرۈپ، ئارىمىزغا كۆچۈرۈشكە ئۇرۇندى ۋە

ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

تېرورىزىمنىڭ دۇنيادا ئومۇمىي نەپرەتكە قېلىشى، تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش — پۈتۈن دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ ئورتاق ھەركىتىگە ئايلىنىشى مۆلچەرلىنەتتى. بۇ يۈزلىنىشكە كۆز يەتكۈزگەن خىتايلار — شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى يوق قىلىشنىڭ دۇنياۋى ئاساسىنى يارىتىۋېلىش ئۈچۈن (كوممۇنىستلار بۇنداق باھانىسىزمۇ ئوخشاشلا قەتلىئامدىن توختاپ قالمىغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتىنى قارىلاش، مۇشۇنداق بىر ھەققانى ۋە ئەقەللىي ئارزۇنى يامان سۈپەتلىك قىلىپ كۆرسىتىپ، خەلقئارادا يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن) بۇ يۈزلىنىشكە ئۇيغۇن دەلىل ئىشلەپچىقىرىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىشكەن.

ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەركىتى ساپ مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى ئىپادىلىسە، ئۇنىڭ يۆنىلىشى— بىردىن بىر دۈشمەن مۇستەملىكچى خىتاي ھۆكۈمىتى، ئاخىرقى مەخسىدىمىز ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىش دېگەندىن ئىبارەت بولسا، بۇ ئادەتتە نورمال ئىنسانىي ئارزۇ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بىر تۈرى بولۇشى بىلەن، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئىچىدە قوللاشقا، ھېچ بولمىغاندا ھېسداشلىققا ئېرىشىشى تەبىئىي ھال ئىدى. مانا بۇنداق بىر خەلقئارا ئاتموسفرانىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ساقلىنىش، ئەكسى ھالدا خەلقئارا جامائەت پىكرىنى قايمۇقتۇرۇپ، ھېسداشلىق ئەمەس، نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا مىللىي مۇستەقىللىق ھەركەتلىرىمىزنى ساپ ھالدىكى مىللىي ئازادلىق ئارزۇسى ئەمەس، بەلكى خەلقئارا تېرورىزىمنىڭ بىر پارچىسى قىلىپ كۆرسەتكىلى، پان ئىسلامىزىمنىڭ بىر شېخى، ئۆزلىرىنى بولسا جاللات ئەمەس، بەلكى تېرورىزىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى مەسۇم قىلىپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ؟

بۇ ھەقتە باش قاتۇرغان خىتايلار مۇقەررەر ھالدا شۇنداق ئويلىغان:

ھەرىكەت يۆنىلىشىنى بۇراپ، ئاساسىي مەخسەدنى، يەنى مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى بۇرمىلاپ كۆرسىتىش، بىرلا دۈشمەن، يەنى خىتاي مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت بىرلا دۈشمەن تونۇشىنىمۇ، بۇرمىلاپ، پۈتۈن دۇنيانى قارشىسىغا ئېلىۋالىدىغان تەلۋە دىنىي قاراشنى قويۇش؛ دۈشمەننى تاجاۋۇزچىلىق سۈپىتىگە كۆرە، ھەققىمگە كىم تاجاۋۇز قىلدى؟ دېگەن ئۆلچەمگە كۆرە ئەمەس، دىنىي ئېتىقادقا كۆرە بەلگىلەش... قاتارلىق تۈيۈق يولغا باشلاش؛ ھەتتا مۇشۇنداق بىر پاكىتقا دۇنيانى ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەرنى شاھىت قىلىش زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بولسا، خۇددى كوممۇنىست خىتاي مەركىزنىڭ 1996- يىل 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، مىللىي مۇستەقىللىق ھەركەتلىرى ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىنى تايانچ بازا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ قارىغان خىتايلار، ئالدىن ھەرىكەتكە كەلدى. خۇددى شۇ ھۆججەتتە دېيىلگىنىدەك، چەتئەللەردىكى جاسۇسلۇق تورىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يېڭى خادىملارنى ئەۋەتىش، تەشكىلاتلارغا سوقۇندۇرۇش، سەپنى پارچىلاپ ئىختىلاپ پەيدا قىلىش، تەرەپلەرنى ئۆزئارا تالاشقا سېلىش،... قاتارلىق جاسۇسلۇق ھەركەتلىرىنى كۈچەيتىش بىلەنلا قالماي، يەنە خۇددى مەن ئالدىنقى كىتابىمدا «سىياسىدىكى ‹قارا نۇرلۇق چىراق›» ناملىق ماقالەمدە كۆرسەتكىنىمدەك، ساختا قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنىمۇ چىڭ تۇتتى.

بۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئېتىقادىنى سۈئىئىستىمال قىلغان، خىتاينىڭ پىلانىغا كۆرە ھەركەت قىلىدىغان بۇ خىل گورۇھلارنى تېرورچىلىق بىلەن بېقىنلاشتۇرۇش، «دۇنياۋىي ئىسلام» شۇئارى بىلەن ئادەم ئالداپ، قىزغىن ۋەتەنپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ تۈيۈق يولغا باشلاش بىلەنلا قالماي، خەلقىنىڭ دىققىتىنى چالغىتىپ، «ئاساسىي دۈشمەن» تونۇشىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ، يېنىدىكى ۋە مەنپەئەتلىرىگە بىۋاستە تاجاۋۇز قىلغان دۈشمەننى ئۇنتۇلدۇرۇپ، پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

دۇنيا بىلەن قارشىلىشىدىغان ھالاكەتلىك يولغا يۈنلەندۈرۈشتى.

خىتايلارنىڭ ھىلە دەستۇرىدىكى «ئۆتنى ئورۇپ يىلاننى ئۈركۈتۈش» ھىلىسى بويىچە، خەلق ئىچىدە يوشۇرۇن ياشاۋاتقان، ھامان بىر كۈنى ئۆزلىرى ئۈچۈن باش ئاغرىقى بولىدىغان قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى، ئومۇمەن مۇستەقىللىق ئارزۇسى كۈچلۈك، خىتايغا قارشى ئىدىيىدىكى ياشلارنى بىلىۋېلىش ئۈچۈنمۇ بۇنداق بىر «توپلانما بارگاھى» يارامىلىق بولاتتى.

بۇنىڭ ئۈچۈن بولسا مەملىكەت ئىچىدە «تەتۈر رىكلام» ئۇسۇلى بويىچە ئۆزلىرى «پارىنكتا يېتىشتۈرگەن» بۇ خىل ئالدامچى شايكىلارنى ۋە ئۇنىڭ باشلىرىنى خەلققە تەشۋىق قىلدى. بۇ بولسا خىتايغا قارشى ئىدىيىدىكى كەڭ ئاممىغا قەيەرگە بېرىپ توپلىنىش ھەققىدىكى ئىشارەت ئىدى. ھەتتا جۇمە نامىزىغا توپلانغان خەلققە تارقاتقان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىدە: «پالانچى پالنچى قاتارلىق بۆلگۈنچىلەر، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن پالانى يەرلەردە ئادەم توپلاپ، ھەربىي تەلىم- تەربىيە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ...» دېگەن ئېنىق ئىشارەتلەر بىلەن، ئىنقىلاپچى ياشلارنىڭ قەيەرگە بېرىشىنىمۇ ئىشارە قىلىشتى. ئەزەلدىن خىتايلارنىڭ مەلۇم شەخس ياكى ئىش- ھەركەت توغرىسىدىكى باھاسىنى ئۆزلىرىنىڭ تۈتىمىنى بەلگىلەشتە تەتۈر ئۆلچەم قىلىشقا ئۈگەنگەن خەلق، تەبىئىي ھالدا: «دۈشمەن يامان دەۋاتقان ئىكەن ئاشۇ يەردە چوقۇم ياخشىلىق بار» دېگەن ئاددىي تونۇش بىلەن، خۇددى ئازراق دان چېچىپ قويۇلغان قاپقانغا قاراپ كەلگەن قۇشتەك، بۇ خىل توپلانما بارگاھلىرىغا تەلپۈندى، سۆيگۈ ئىزھار قىلدى؛ ئىمكانى بولغانلار كېلىپ توپقا قوشۇلدى. تەبىئىيكى، بۇ يەردە تىزىملىككە چۈشۈش — دۈشمەن قارا تىزىملىككە چۈشۈشنىڭ دەل ئۆزى ئىدى! ئەمەلىيەتمۇ بۇنى ئىسپات قىلدى: ۋەتەنگە قايتقانلارنىڭ ئاساسىي قىسمى گۇمرۇكتىلا تۇتقۇن قىلىندى، ئازراقى كېيىن تۇتقۇن قىلىندى.

خىتاي جاسۇسلۇق سىستېمىسى نادان خەلقىمىزنىڭ مىللىي

مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ نىشانىنى ئۇستىلىق بىلەن بۇراپ، ئۆزلىرىدىن ئىبارەت بىردىن - بىر دۈشمەننى نەزەردىن ساقىت قىلدۇرۇپ، كۆرۈپمۇ باقمىغان بىرلىرىنى دۈشمەن دەيدىغان دەرىجىدە ئىدىيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ھەرىكەتنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويدى. ئۇلارنىڭ شۇئارى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىدىن ۋەتەننى قايتۇرىۋېلىش بولماستىن، قانداقتۇر ناتونۇش دۈشمەنلەر، مۇناسىۋەتسىز نىشانلار ھەققىدىكى دەبدەبىلىك چوڭ گەپلەر بىلەن ئاۋارە قىلىندى. خىتاي بۇنىڭ بىلەنلا قانائەت قىلماي، يەنە ئاتالمىش تالىبان سەپلىرىدە شىمال ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، شىمال تەرەپكە ئەسىر چۈشكەن ئۇيغۇرلار؛ ئاتالمىش جۇمە نامانگانى قىسىملىرىدا بولۇپ، ئۆزبېكىستانغا ئەسىر چۈشكەن ئۇيغۇرلار؛ ھەتتا چېچەنىستان سەپلىرىدە بولۇپ، رۇسىيەگە ئەسىر چۈشكەن ئۇيغۇرلار ... قاتارلىق شاھىتلىق دەلىللىرىنىمۇ ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ «تېرورچى» ئىكەنلىكىنى باشقا دۆلەتلەرگە بىۋاسىتە ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق، تەسىرچان كەيپىيات، جانلىق كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى. ئۇ قەدەر ئاز ئۇيغۇرنىڭ ئەسىر چۈشىدىغان پۇرسەت ۋە جايلاردىن نەسىۋىسىز قالماي پۈتلىشىپلا تۇرغىنى ھەيران قالارلىق ئىدى!

بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق خىتايلار يەنە كونكرېت ھالدا قوشنا دۆلەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيىتىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىش ئۈچۈن، شۇ دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە ئۇيغۇرلارنى سەت كۆرسىتىش، ئۇيغۇرلارنى قىمىقتۇرۇشتا خىتايلار بىلەن ھەمكارلىششىنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئاساس ياراتتى. مەسىلەن، كېيىنرەك، جۇمە نامانگانىنىڭ ئۆز كۆرەش نىشانى ھەققىدە توختۇلۇپ، تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا: « ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىش» دەپ جۆيلۈشى، تەبىئىي ھالدا خىتاي ۋە ئۆزبېكىستاننى «دۈشمىنى ئورتاق بولغان دوستلار» ۋەزىيىتىگە، ھەمكارلىششقا ئىلىپ باراتتى. يەنە بۇنىڭدىن، بۇ خىل ئىدىيىدىكىلەرنىڭ

ھۇجۇم نىشانى مەلۇم دۆلەت ياكى مەلۇم ھۆكۈمەت بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرىپ، «ئېنىكىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدىغانلىقى»دىن يەنە باشقا دۆلەتلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشقا يېتەرلىك ئىدى. گويا ئۇلارنى ئورتاق يوقاتمىغاندا، ھەممىگە ئوخشاش بالاسى تېگىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتى.

قىرغىزىستاندا ئۇيۇشتۇرۇلغان خىتاي ساقچى ئەمەلدارلىرىغا ئوق چىقىرىش ۋەقەسى؛ خىتاي دىپلوماتىنى ئېتىش ۋەقەسى؛ قازاقىستاندا قازاق ساقچىلىرى بىلەن توقۇنۇش ۋە بۇ تۇيەيلى پەيدا بولغان قازاق - ئۇيغۇر ئۆچمەنلىكى؛ مەملىكەت ئىچىگە قورال كىرگۈزۈپ تۇتۇلۇپ قېلىشلار... بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايلارنىڭ ئويۇنلىرى بولۇپ، بىرى بۇ ئارقىلىق كېيىنكى كۈندە باشلىماقچى بولىۋاتقان «تېرورىزىمغا قارشى» بايراق ئاستىدىكى قەتلىئاملىرى ئۈچۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ھىسسى قوللىشىنى قازىنىش؛ ئىككىنچىسى، قوشنا دۆلەتلەرگە ئۇيغۇرلارنى خەتەرلىك كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش ياردىمى، ھەمكارلىقىنى زۆرۈرى ھىس قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، خىتايلار بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇپ، خەلق بىلەن ئىنقىلاپچىلار ئارىسىغا ئىشەنمەسلىك ئۇرۇقى، خەلق ئىچىگە نەپرەت ئۇرۇقى چېچىش ئويۇنلىرىنىمۇ قىستۇردى. بۇ ئارقىلىق مۇستەقىللىق ھەركەتلىرىنى مەڭگۈ خەلق دەستىكىدىن مەھرۇم قىلىش، خەلقنى ئىنقىلاپچىلاردىن تويدۇرىۋېتىش ئۈچۈن «پارنىكتا يېتىشتۈرۈلگەن ئىنقىلاپچىلىرى»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئالمۇتىدا، بىشكەكتە تىجارەتچىلەرنى تۇتۇپ كېتىپ، ئۇرۇپ، قىيناپ مەجبۇرىي پۇل ئېلىش ۋاقەلىرىنىمۇ كۆپ قېتىم سادىر قىلىشتى. خەلقنىڭ نادانلىقى، ھادىسە بىلەن ماھىيەتنى پەرق ئېتىش سەۋىيىسى بولماسلىقىدىن پايدىلىنىپ بۇ ۋەقەلەرگە ئۇلاپلا، تىجارەتچىلەر ئارىسىدىكى ئادەملىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق بۇ خىل بۇلاڭچىلىققا «باھا، مۇلاھىزە»لەرنىمۇ ئېلان قىلىپ، جامائەت

پىكرىگە چاندۇرماستىن يۇنۇلۇش بەلگىلەشكىمۇ ئۇلگۇرۇشتى.

مەملىكەت ئىچىدە چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەنلەر ئىچىدىكى ئۆز ئادەملىرىگە ئالدىن تەييارلانغان «ئىقرارنامە»لەرنى يادلىتىپ، ھەقىقەتەنمۇ خەلقئارا تېرورىزىمنىڭ بىر پارچىسى دېيىشكە لايىق ھېكايىلەرنى سۆزلىتىشتى، بۇلاردىن ھەتتا سىنئالغۇ فىلىملىرى ئىشلەپ چىقىپ، پولاتتەك پاكىت مەيدانغا كەلتۈرۈشتى! بىر ياقتىن ئۇيغۇرلارنى خەلقئارا تېرورىزىم بىلەن چېتىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىۋاتقان خىتاي، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى سۇنئىي يېتىشتۇرگەن بۇ خىل پىكىر ئېقىمىنى مەملىكەت ئىچىدە داۋاملىق بازارغا سېلىپ، ئادەم قايمۇقتۇرۇشنى داۋام قىلماقتا.

بىزنىڭ دۇنيا خەلقىگە، قوشنا ئەللەرگە دەيدىغىنىمىز شۇكى، بىزنىڭ بىرلا ئارزۇيىمىز بار: ئۇ بولسىمۇ مۇستەقىللىققا ئېرىشىش؛ بىزنىڭ بىرلا دۈشمىنىمىز بار، ئۇ بولسىمۇ، مۇستەملىكىچى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى. بىزنىڭ باشقا ھۆكۈمەتلەر، باشقا خەلقلەر بىلەن نېمە زىددىيىتىمىز بولسۇن؟ نېمە پايدا ـ زىيان توقۇنۇشىمىز بولسۇن؟

بىزنىڭ ئۆز خەلقىمىزگە دەيدىغىنىمىزمۇ شۇ: بىزنىڭ ئەنە شۇ بىرلا دۈشمىنىمىز يېتەرلىك، يەنە باشقا بىرمۇنچە دۈشمەن كۆپەيتىۋالىدىغان ھەرقانداق پىكىر ئېقىمى ۋە ھەرىكەتلەر خاتا بولۇپلا قالماي، بۇ نەق دۈشمەننىڭ مۇناپىقلار ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىغا تارقىتىۋاتقان زەھىرىدۇر. ئۆز خەلقىمىز ئۇچۇنمۇ مۇراجەتتە بولىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى شۇكى، ھازىرمۇ مەملىكەت ئىچىدە داۋام قىلىۋاتقان بۇ خىلدىكى ئاتالمىش «تەبلىغچىلەر»دىن ھۇشيار بولۇشلىرى ئۇچۇندۇر. ناماز ئوقۇغان، بۇرۇت قويغان،... دېگەندەك بەكمۇ ئادەتتىكى ئىنسانىي ھەق- ھوقۇقلارنىمۇ دەپسەندە قىلىپ، ئادەم تۇتىدىغان خىتايلارنىڭ بۇنداق ئاتالمىش تەبلىغچىلەرگە كۆز يۇمۇشى، بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ سىياسىي قارىشىنى مۇجىمەللەشتۇرۇپ، ئۆز تەشۋىقاتى ئۇچۇن پاكىت يارىتىش ئۇچۇن

بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «تەبلىغ» ئاڭلىغۇچىلارنى قارا تىزىملىككە چۈشۈرۈشلىش، زەربە نىشانلىرىنى پەرق ئېتىشلىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ھىلىدۇر.

2002-يىلى، تورونتو.

# ئۇيغۇرنىڭ نەسلى قۇرۇتۇلىدىغان بولدى!

(فىلىيەتون)

— ئالو!بۇ مائارىپ نازارىتىما؟

— ۋەي، سىز كىم؟ كىم كېرەك؟

— مەسئۇلىڭلار بىلەن كۆرۈشمەكچىدۇق.

— ھە، نېمە گېپىڭىز باردى؟ ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— بىز ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى، ئۇيغۇر تىلى بۆلىمى.

— ھە، نېمە گەپ؟

— ئاڭلىساق يازلىق تەتىلدىن كېيىن مەكتەپلەردە ئۇيغۇرچە دەرس توختۇتۇلىدىكەن، بۇ راستمۇ؟

— راست بولامدۇ، يالغان بولامدۇ سىلەرنىڭ نېمە ئىشىڭلار بار؟ بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى.

— بىز پەقەت ، رادىئو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قىزىقىشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇش يۈزىسىدىن بىر نەچچە سوئال سورىماقچىدۇق.

— نېمىنى سورىماقچىدىڭىز؟ سوراڭ، مەن ئالدىراش، ئۆگىنىش بار.

— مەكتەپلەردە ئۇيغۇرچە دەرسنى چەكلىگەندىن كېيىن، يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە پۈتۈن جەمىيەتتە ئۇيغۇر تىلى ئىستىمالدىن

www.uyghurkitap.com

قالدۇرىلىدۇ؟

— بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئالاقىدار سوئال، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ھوقۇقۇم يوق. باشقا سوئالىڭىز بولسا سوراڭ، بولمىسا ئىشىم بار.

— سىز ئۇيغۇرمۇ ياكى ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان خىتايمۇ؟

— مەن ئۇيغۇر، ھە، نېمە بوپتۇ؟

— ئۇيغۇر تىلى، يەنى سىزنىڭمۇ تىلىڭىز چەكلەنگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار يەنە قانچىلىك ۋاقىت «ئۇيغۇر» سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالار؟ مەسىلەن، سىز قاچانغىچە «مەن ئۇيغۇر» دېيەلەرسىز؟

— ئۇيغۇر بولمىسام بولمامدىكەن؟ ئۇيغۇر بولىشىم شەرتمىكەن؟ كىم بولىشىمنىڭ نېمە پەرقى؟ ياشىسام ھالا بولمىدىمۇ؟

— سىز ئۇچۇن ئەلۋەتتە شۇنداق، بۇنىڭغا كۆزۈم يېتىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما بىلمەكچى بولغىنىم، ئۇيغۇر تىلى چەكلەنگەندىن كېيىن يەنە قانچە ئۇزاق «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالار؟

— مەن بۇنىڭغا قىزىقمايمەن، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز جۇڭخۇا مىللىتى مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمىز.

— ھە، مۇنداق دېمەمسىز، بايا «مەن ئۇيغۇر» دېدىڭىز، ئەمدى «جۇڭخۇا مىللىتى» بولدىڭىز، ياكى... كەچۈرسىز... ئاپىڭىز خىتايغا تەككەنلەردىنمىدى؟

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇنىڭسىز بىر ئۇيغۇر «جۇڭخۇا مىللىتى» بولمايدۇغۇ؟ ئۇيغۇر دېگەن ئۇيغۇر؛ جۇڭخۇا مىللىتى دېگەن خىتاي. ياكى ئاپىڭىز خىتاي بىلەن توي قىلمايلا... سىزنى تۇغۇپ قويۇپتىكەنمۇ؟

— قويەۋە، چاخچىقىڭنى!

— قارىغاندا سىز قورچاق بولغاچقا كۆپ نەرسىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغاندەك قىلىسىز، بىرەر خىتاي مەسئۇلنى چاقىرىپ قويالامسىز؟

— ھە شۇنداق قىلاي، ئەمما قالايمىقان نەرسىلەرنى سوراپ، خى

شۇجىنى خاپا قىلماڭ جۇمۇ!

— ھە بولىدۇ.

— ۋەي، نىشى نالى؟ ھە... رادىئوما؟ نېمە گەپ؟

— تەتىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرچە دەرس تامامەن توختايدىكەن دەپ ئاڭلىدۇق، بۇ راستما؟

— راست بولماي ئەمىسە، جىياڭ زىڭشۇجى 1998- يىلى رايونىمىزغا كەلگەندە قىلغان موھىم سۆزىدە بىشارەت بېرىپ دېدىغۇ، «دۆلەتلەر ئارا» دېمەك پارتىيىمىز ئەزەلدىن سۆزىدە تۇرىدۇ، ئەمەسمۇ.

— راست، راست، مانا شۇ تېپتىكى سۆزلىرىدە بەك تۇرىدۇ. يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىستېمالدىن قالدۇرىسىلەر؟

— بۇ ئۆزىگە باغلىق، قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەلىسە شۇ ۋاقىتقىچە سۆرەپ يۈرۈۋېرىدۇ-دە. يەنە شۇنىسىمۇ بار، جەمئىيەتتە ئۇيغۇر تىلىغا ئىش يوق! نان لازىم بولسا، تىلىڭنى تاشلا!

— ئەگەر قارشىلىق ھەركەتلىرى چىقسا قانداق قىلىسىلەر؟

— بۇنىڭغىمۇ گەپ كېتەمدۇ، باستۇرىمىز، بېشىنى يەيدۇ!

— مەيلى دېسە، جىم-جىت يوقۇلىدىغان، قارشى چىقسا قانلىق يوقۇتۇلىدىغان گەپكەن-دە!؟ ۋاي خۇدايىمەي، ئۇيغۇرنىڭ تونى پىچىلىپ بولدى دېسىڭىزچۇ؟

— ئاللىنەۋاق، ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى ئۆزى پىچقان تون ئەمەسمۇ بۇ، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا!

— ئۇنداقتا ئۇ چاغلاردا ئاۋال 3 يىلدىن 5 يىلغىچە چىقىپ كېتىمىز، گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلىۋېتىپلا چىقىپ كېتىمىز؛ سوسيالىزىم قۇرۇلۇشلىرىغا ياردەم بېرىپ ئاندىن چىقىپ كېتىمىز،... دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان ئىكەنسىلەر، بايا دېدىڭىز، پارتىيەڭلار ئەزەلدىن سۆزىدە تۇرىدىغان پارتىيەكەن،...

— ئۇ دېگەن تاكتىكا، ئۇ چاغدا رۇسلار تەسىر دائىرە تالىشىپ

تۇرىۋاتقاننىڭ ئۇستىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئارمىيىسىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئەگەر سۇركىلىش چىقسا غەرب كۈچلىرى ئارىلىشاتتى. موسكۋادا ماۋجۇشى بىلەن ستالىن ئارىسىدا ئۈزاقىقا سوزۇلغان يەڭ سودىسى بولۇپ، رۇسلار بىلەن كېلىشىم هاسىل قىلىنغۇچە ئەنە شۇنداق تۇرماي بولمايتى؛ مىللىي ئارمىيەنى پارچىلاپ يوقۇتۇپ، ئاندىن بۇ مەملىكەتنىڭ خەلقىنى گويا كۆڭۈل رىزاسى بىلەن بىزگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك بىر مەنزىرە يارىتىپ تۇرۇپ يۇتۇۋېتىشتىن باشقا چارە يوقىدى. شۇ چاغلاردا ئۇرۇمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلىمۇ كۈچار ئەتراپلىرىدا تۇپىلاڭ تەشكىللەپ، بىزنى چىكىپ بېقىۋاتقان تۇرسا، «ئىپەكنى قىلىچ كەسمەيدۇ» دېگەندەك، يۇمشاق ئۇسۇل قوللانماي نېمە چارە؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىلىسىز، مىللىتىمىزدە ئەزەلدىن مانا شۇنداق «يۇمشاق قورۇت»لۇق ئىپىسىل ئەنئەنە بار ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا قارىتا «چەنتۇلار» بىزنى «هارۋىدا توشقان ئالىدىغانلار» دەيدۇ ئەمەسمۇ.

— ئەمدى بۇنداق يۇمشاقلىقنىڭ ۋاقتى ئۆتتى دەپ قارامسىلەر؟ ئەمدى قاتتىق قوللۇق قىلساقمۇ چاتاق چىقمايدۇ، دەپ ئىشىنەمسىلەر؟

— چاتاق هامان چىقىپ تۇرىدۇ، ئەمما هازىر ۋەزىيەت 50 يىللاردىكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ هېچنېمىسى يوق؛ شەرقىي تۈركىستان دېگەن مەملىكەتنى خەلقارا جەمىيەت ئاساسەن ئۇنتۇلۇپ بولايلا دېدى؛ (ياخشى يېرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ، ئۆزىچە سىياسىنى بىلىدىغان بولۇپ كېتىپ،« تۈركچىلىك»نى ئەسلىتىدىغان نامدىن ۋاز كەچسەك پايدىلىقراق دەپ ئويلاپ، يېڭى ئىسىم قويۇشقا تىرىشىش ئارقىلىق، بۇ خىل ئۇنتۇلدۇرۇشقا هەسسە قوشۇپ بېرىۋاتىدۇ.) بىز ئەزەلدىن قاتتىق قوللۇقنى تاشلاپ قويغىنىمىز يوق. بوۋىمىز زوزۇڭتاڭ، بۇ زېمىننى تىنچىتىپ بولۇپلا، ئۈچ ئېلىشنى باشلاپ، 2.5 مىليون ئادەمنى چېپىپ تاشلىغان ئىدى (ئۇرۇشتىمۇ بۇنچىلىك قۇربان بەرمىگەنتى بۇ چەنتۇلار، ئەل بولغاندىن كېيىن ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتتۇق تازا! هەرقاچان قارشىلىقسىز تۇرغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈش هەم قولاي، هەم چىقىمسىز بولىدۇ ئەمەسمۇ!). هەرقاچان

بىز يۇمشاق قوللۇق قىلىپ باقمىدۇق. پەقەت سىياسەتتە يۇمشاقلىق باردى؛ ئەمدى سىياسەتتىمۇ قاتتىقلىق باشلاندى. چەنتۇلار قارشى چىقىپ بىرەرىمىزنىڭ بۇرنىنى قانىتىدىغان بولسا «تېرورچى»لىقىغا دەلىل يارتىپ بېرىدۇ؛ ھەممە ئىمكان قولىمىزدا بولغاچقا قىلىنى پىل قىلىپ، تەشۋىقات ئويۇنى ئوينايمىز، چەتئەللەردە بىزگە ماسلىشىدىغان ئۇيغۇرلار ئاز ئەمەس، تەشكىلاتلىرىمۇ «تېرورچى» دېيىشىپ بېرىدۇ. سىزنىڭ رادىئوڭىزمۇ بىگە ماسلىشىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ، بۇ ئاۋارىلەرگە ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق!

— خەلقارا جەمىيەت ئارىلىشىپ، بۇ مەسىلىدە ھەققە يان بېسىپ قالسا بېشىڭلارغا پېتنى قۇيىۋالامسىلەر؟

— ئۇنداق ئىش بولمايدۇ. دۇنيادا ھەق دەپ بىر نېمە بولمايدۇ؛ كۈچ دېگەن نەرسىلا بار. رۇس شائىرى كرىلوۋ «بۆرى بىلەن قوزىچاق» مەسىلىدە نېمە دېگەن: «كۈچلۈك ئالدىدا كۈچسىز گۇناھكار!» دۇنيانىڭ مەنتىقىسى بۇ! خەلقارا جەمىيەتنىڭ نېمە ئىشى؟ ئۇلارنىڭ ئاغزىدا دېگەنلىرىگە بىز ئىزا تارتىپ كەتمەيمىز، بىلىسىز، بىزنىڭ يۈزىمىزنىڭ قانچىلىك چىداملىق، سۆپىتى يۇقۇرى چەملىكىنى. قۇرۇق گەپلەرگە يەرنى تاشلاپ بېرىدىغان ئىش بولامدۇ.

— ھەمىشە قۇرۇق گەپلا بولىۋەرمەس، كۈچ ئىشلىتىپمۇ قالار.

— مەنپەتىگە توقۇنۇش كەلسە ئىشلىتىدۇ، بولمىسا يوق؛ ئۇيغۇرنى دەپ، قانداقتۇر «ھەق»نى دەپ ھېچكىم بىرتامچە قان، بىر تىيىن پۇل چىقىم قىلمايدۇ، بۇنى بىلگىنىمىز ئۈچۈن مانا شۇنداق قىلىۋاتىمىز. قاراڭ، دۇنياغا، كۈچلۈك دۆلەتلەردە يادرو قوراللىرى، بىئولوگىيىلىك قورالالرنىڭ بولىشى يوللۇق بىر ئىش (مانا بىز ھەتتا، بىئولوگىيىلىك قوراللىرىمىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىنىدە سىناپ تۇرىمىز)؛ ئەمما ئاجىز دۆلەتلەر يادرو قوراللىرى ياساشقا ئۇرۇنسا ئۇلارغا يول يوق، تېخىمۇ توغرىسى، بۇنداق دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قوزغاشقا بۇ ياخشى باھانە! مەسىلەن، ئىراقنى

www.uyghurkitap.com

يوق يادرو، يوق بىئولوگىيىلىك قورال ئۈچۈن ئىستىلا ئەتكەن نوچىلار، مەنپەئەتنى دېمەيدىغان، راستىنلا «دۇنيا تېچلىقى»نى دەيدىغان، «ھەق»نى دەيدىغان بولسا مانا بىزدە شۇ دېگەن قورالللارنىڭ ھەممىسى بار، بىزگە ھۇجۇم قىلىپ باقمىسۇنمۇ؟!

— خېلى ئىشەنچىڭلار باردەك قىلىدۇ، بۇ ئىشەنچ نېمىدىن؟

— جوڭخۇا مىللىتى ئۇيغۇنىۋاتىدۇ، ئەمدى سەددىچىن سېپىلىنى سوقۇشقا مەجبۇر بولغان قورقۇنچاقلاردىن ئەمەس، دۇنيادا سۆزى ئۆتىدىغان بىر نوچى؛ ئاندىن ھەربىي ئۇستۇنلىكىمىزمۇ كۇنسېرى زورىيىۋاتىدۇ، دۇنياغا تېنچلىقنى تەرغىب قىلغاچ، كەلگۈسىدە بۈيۈك ئىمپېرىيە — دۇنيانىڭ يېرىمى قەدەر چوڭ ئىمپېرىيە قۇرۇش يولىدىكى پىلانىمىز ئۈچۈن ھازىرلىقىمىز تېز كېتىۋاتىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئەجداتلىرىمىزنى قورقۇتۇپ يوقىنى چىقىرىۋەتكەن، سېپىل سوقۇشقا مەجبۇر قىلغانلارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىدىن تۇركلەرنى ھۆل خىشقا دەسسىتىپ، نۇرغۇن پايدا ئالدۇق ۋە داۋاملىق ئېلىۋاتىمىز: ئائىرودروم كېمىسىنى بوغۇزدىن ئۆتكۈزۈپ، كەلگۈسىدىكى ئارمىيىمىزدە كەم بولسا بولمايدىغان دېڭىز ئۇستۇلىكى ئۈچۈن ئاساس سالدۇق؛ يەنە شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئۇيغۇر دېگىنىڭىزنىڭ ھالىنى كۆرىۋاتىسىز، ئەرلىرىنى قۇل، قىزلىرىنى خوتۇن قىلىۋاتىمىز.

— چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ئۇ يەرلەردە يېتىشىپ، بىر كۈچ ھاسىل قىلسا بۇ سىلەرگە تەھدىت بولماسمۇ؟

— ھا ھا... تۇفىي! چەتئەلدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى چاڭگىلىمىزدا تېپىرلاۋاتقانلارچىلىكمۇ ئەمەس! ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى بىزنىڭ ئىشىمىزنى قىلىشقا چىقىرىلىۋاتىدۇ. دەل بىزنىڭكىلەر كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىۋالغاچقا، چەتئەلدە قۇرۇق گەپ جىق، ئىش يوق! ھەقىقىي ۋەتەن سۆيىدىغانلار يېتىم قالدۇرۇلغان ھالدا، ھېچ يەردە سۆزى ئۆتمەيدۇ، بىرەر ئادەمنى يېنىغا تارتاي دېگىچىلا

ئوتتۇرىسىغا شىنە قاقىمىز. شەخسىيىتىنى مىللىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويىدىغان بۇ خەلقنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلماقتىنىمۇ ئاسان ئىش يوق. يەنە بىر نۇقتىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك، ئادەم دېگەنگە هامان كۆز ئالدىدىكى غەم ھەممىدىن موھىم ئورۇندا بولىدىغان، نۆۋەتتىكى تۇرمۇش ئېھتىياجى تېخىمۇ جەلپكار بولىدىغان قانۇنىيەتكە كۆرە، ئۇزاقتا قالغان دۈشمەنگە ئۆچمەنلىك كۈنسېرى تۆۋەنلەپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلارغا كۆپرەك دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ، ئۇزاقتا قالغان ۋەتەنگە كۆڭۈل بۆلۈش سۇسلىشىپ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتىدۇ. چەتئەلدە تۇغۇلغانلاردا بولسا، ۋەتەن سۆيگۈسى تەبىئىي تۇغۇلغان بولماستىن، كىتاپلاردىن ئۆگىنىلگەن بولغاچقا، ئۇلاردىن ئەنسىرەشنىڭ ھېچ ھاجىتىمۇ قالمايدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ «ۋەتەن» دېگىنى ئاغزاكى غايىگە ئايلىنىپ، ئەمەلىي بولۇشتىن قالىدۇ. يەنە ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا بەسلىشىش، ئۈستۈنلۈك تالىشىش قوساق ئورۇشلىرى، مەن- مەنلىك تالىشىشلار دىققەتنى چالغىتىپ، ئاساسىي زېھىننى ئىگەللىۋالىدۇ. پالانچىنىڭكىدەك ئۆيگە ئىگە بولغۇسى كېلىش؛ پۈستانىنىڭكىدەك ماشىنا مىنىش ھەۋەسلىرى ئۇلارنى «ئالدىغا سېلىۋالىدىغان» (خۇددى روزى سايىت شېئىرلىرىدا «دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش» دېگەندەك) بولغاچقا، سىياسىي غايىلىرى كۈنسېرى غۇۋالىشىپ، ھەتتا، نورمال يول بىلەن پۇل تېپىپ، پالانچىغا يېتىشەلمىگەندە ئىلاجىسىز ھالدا بىزگە كېلىپ «ئىش سورايدىغان»مۇ بولۇپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دىققەتكە ئالماي قالمايمىز، بىز دېگەن خىتاي تۇرساق، گېرى ئىشنى قىلامدۇق!؟

— مەن يەنە سىزنى زىيارەت قىلىشىم مۇمكىن، ھازىرچە نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم.

— نېمە دېيىشىڭىزنى بىلمەي قالغان بولسىڭىز بۇ ئوڭاي، بىزدىن «ئىش» سوراپ تۇرۇڭ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى ماشىنىسىدىن ياكى ئولتۇرىۋاتقان ئۆيىڭىزدىن بەك رازى بولمىسىڭىز كېرەك؟

— ئۇنى دېسەكقۇ، ئادەم دېگەننىڭ ھاجىتى پۈتمەيدىغان گەپكەن شۇ... يەنە كۆرۈشەرمىز، قېنى كۆرەرمىز.

— ھە، ئەقىللىق ئادەم شۇنداق بولىدۇ، چۆكىۋاتقان كېمىگە يوپۇشۇۋېلىپ، بىللە چۆكمەك ئاقىللىقمۇ؟ ئۆزىنى قۇتقۇزماق زەكىلىك.

— ئۇغۇ راست... ماقۇل ئەمىسە، مەن تېلېفوننى قويدۇم.

# «ياۋا كەپتەر» ئىلھامى

«ياۋا كەپتەر» ناملىق سىمۋولىستىك تارىخىي ھېكايىنى «مەرىپەت» ژۇرنىلىدىن ئوقۇدۇم. كېيىن ئۇقسام رادىئومۇ بۇنى ئاڭلىتىپتىمىش. بەلكىم بۇنى رادىئو ئۈچۈن خالىس ئادۋوكاتلىق قىلىدىغانلار چوڭ بىر دەلىل قىلىپ كۆتۈرۈۋالار.

«رادىئوغا بىر نېمە دېمەيلى، رادىئو قالتىس ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ» دېگۈچىلەرگە دەلىل بولغۇسى بۇ ھېكايە مەندە باشقا تۈرلۈك ئىلھام ئويغاتتى. كىمگە ئاپىرىن؟ مىللەتنىڭ كېيىنكى ئىككى يۈز يىللىق تارىخىنى سىمۋولىزىملىق ئۇسلۇب بىلەن خۇلاسىلىگەن ۋە بۇ «گۇناھى» ئۈچۈن ئون يىللىق زىندانغا ھۆكۈم قىلىنغان يازغۇچى يىگىتكە ئاپىرىنمۇ؟ ياكى مۇشۇنداق بىر «خەتەرلىك ئەسەر»نى بېسىشتا «كاللىسىنى قولتۇقىغا ئېلىپ» تۇرۇپ، تەۋەككۈلچىلىك قىلالىغان، دۈشمەننىڭ چاڭگىلىدا تۇرۇپ ئاشۇنچىلىك ئىش قىلالىغان ژۇرنال خادىملىرىغا ئاپىرىنمۇ؟ ۋە ياكى، ئەركىن دۇنيادا، ئۆزى ياراتمىغان، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن تەييار شارائىتتىن پايدىلىنىپ، فاشىستىك دۇنيادىن كەلگەن سادانى ئەكس ئەتتۈرگەن رادىئوغا ئاپىرىنمۇ؟

بۇلارغا ھەر ئەقىل جاۋاپ بېرىدۇ، مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە قانداق بىر جاۋاپنىڭ بولىشىمۇ كۆڭۈلگە تايىن. ھېكايە ئاللىقاچان نەشىر قىلىنغان. بۇ پاكىت. نەشىر قىلىنىپلا بولۇنغان نەرسە يوقالمايدۇ. يىغىۋېلىنىپ،

www.uyghurkitap.com

چەكلىنىپ تۇگىتىۋېتىلمەيدۇ. «قەلەمدە يېزىلغاننى پالتىدا چېپىپ بولماس» دېگەن خەلق بېيىتلىرىدا دېيىلگەندەك، تارقاپ بولغان نەرسە هامان خەلق ئارىسىدا ساقلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى قايتا ئېلان قىلىشنىڭ هېچقانداق ئاپىرىنغا ئەرزىيدىغان تەرىپى يوق. گەپ بۇ ھەقتە مۇلاھىزە ئۇيۇشتۇرۇشتا. چۈنكى بۇ ئەسەر بېسىلغاندىن كېيىن ئايغاقچىلار تەرىپىدىن تەھلىل قىلىنىپ، خىتاي خوجايىنىغا هۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن سۇنۇلغان. شۇنداق دېگەنلىكىدە گەپ يوق: «قارىماسىز جۇجاڭ، بۇ بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ، هۆكۈمىتىمىزنىڭ پۈلى بىلەن چىقىدىغان ژۇرنالدا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىپتۇ ئەمەسمۇ؟...»

كۆپ ئەپسۇسكى، بۇ تەھلىل ھەقىقەتەن شۇنداق، مەزمۇنغا ئۇيغۇن بولغان دېگەندىمۇ، ئۇنى پەقەت تاجاۋۇزچى هۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارى ۋە بىرنەچچە قورچاق ئەمەلدار ئۇققان ئۇققان، كەڭ ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇقمىغان. تەھلىل خەلققە ئۇختۇرۇلمىغان ئەھۋالدا، بىزنىڭ بىچارە، نادان خەلقىمىز ئۇچۇن بۇ ھېكايە خۇددى «نەسىرىددىن ئەپەندىمنىڭ خېتى»دەك كېلىشى تەبىئىي(چۈنكى ئۇ سىمۋولىزىملىق ئۇسلۇپتا). مانا ئەمدى بۇ ئىگىسىز، غەمخورسىز خەلققە بۇ «خەت»نى ئوقۇپ بېرىدىغان ئىش تەبىئىيكى رادىئوغا چۈشىدۇ. يەنى، ھېلىقى قىياسىمىزدىكى غالچا خىتاي خوجايىنىغا «ئوقۇپ بەرگەن» پەدىدە ئوقۇپ بېرىشنى دېمەكچىمىزكى، ھەرگىزمۇ رادىئونىڭ ئوقۇغىنىدەك ئەمەس.

يەنى بۇ ھېكايىنى يەشمەك، شەرھىيلىمەك، باھالىماق لازىم ئىدى.

بۇ قىلىنارمۇ؟ ھەر ھالدا مائاشلىق «ئوبزورچى»لارغا ئىگە رادىئوغۇ بۇ!؟ ئەگەر مانا شۇ «قۇشقاچ سويۇپ باققان قاساپ»لارنىڭ بۇنىڭغا ھالى يەتكۇدەك بولسا بۇ ئىشنى — ھېكايىنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان ئىشنى — قىلماق، ئەركىن مەتبۇئاتنىڭ (تارىخىي يوسۇندا، ھەقلىق يوسۇندا) زىممىسىگە چۈشىدىغان بۇرچتۇر. مانا شۇنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالىسا ئاپىرىن ئايلانسۇن! شۇ چاغدا ئاپىرىن ئېيتساقمۇ كېچىككەن بولمايمىز.

# خىتاينىڭ يەنە بىر ئېلان - سەنئىتى

تۈركىيەدە ئەلچى بولۇپ تۇرغان دىپلومات خىتاينىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماقالىسى ئەمەلىيەتتە «ئۇيغۇر تېرورىستلار تىزىمى» دىن كېيىنكى يەنە بىر تەتۈر ئېلان سەنئەتتۇر.

بۇ «ئېلان» كىشىلەرگە سۈنئىي مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن بىر «ساختا تىۋارنى» ئەلا كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ دۈشمەن يامان دەپ قارىغان نەرسىلەرنى بەكرەك سۆيۈش پىسخىكىسىنى ياخشى چۈشەنگەن خىتايلار، تەتۈر يۆنۈلۈشتىن كىشىلەرنى غىدىقلاپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچى ۋە ئىخلاسىنى مەلۇم نىشانغا توغرىلىماقتا. خۇددى نۇرغۇن ئىچكى ماتېرىياللىرىدا تاشقى دۇنيادىكى ھەركەتلىرىمىز ئۇچۇن بىر «ئومۇم ئېتىراپ قىلغان داھى» ۋە بىر «بىرلىككە كەلگەن تەشكىلات» بەرپا قىلىپ بېرىپ، ھەممە ھەركەتنى بىر قوللۇق كونترول قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغىنىدەك، بەزى ئادەملەرنى پۈدەپ ئۇچۇرۇشلىرى ۋە ئەمدىلىكتە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دېگەن بۇ خىتايلارنىڭ قوماندا تايىقى ئاستىدا مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن تەشكىلاتنى ھەيۋەتلىك كۆرسىتىشى دىققەتنى چېكىدۇ.

«غەرپتىكى جوڭگۇغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۇچۇن» «‹11- سىنتەبىر ۋەقەسى›دىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشەپ(؟) زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىپ، دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى ئاساسىي ئېقىمغا ماسلىشىپ، تىنچلىق يولىنى

www.uyghurkitap.com

تۇتۇشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويدى...»بۇنىڭ«ناھايىتى چوڭ ئالدامچىلىق رولى بار» « «دالاي لامانىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆلگە ئېلىپ،...». ئىلگىرىكى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پىروگىراممىسىدىكى بۇ مەزمۇنلارنىڭ ئورۇن ئالماشقانلىقى...»؛ «ئىسمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى...» «ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشىگەنلىكى، سىياسىيلاشقانلىقى، خەلقارالاشقانلىقى» سەۋەبىدىن «بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستانچىلارغا قارشى كۈرىشىمىز تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى» (؟!!!) «بۇنداق ئىستراتېگىيە تەڭشەشنىڭ ئارقىسىدا روشەنكى ئامېرىكا ئامىلى بار» بۇلار بەكمۇ دىققەتكە سازاۋەر گەپلەردۇر.

بۇ «تېنچلىقچىلار» «11- سىنتەبىر»دىن بۇرۇنمۇ ئوخشاشلا لايغەزەللىك بىلەن قۇرۇلتاي ئېچىشتىن باشقا ئىشى بولۇپ باقمىغانلىقىنى، باشقىلار ئېغىز ئاچماي تۇرسىلا ۋەتەن ئۈچۈن جان بەرگەنلەرنىڭ قەھرىمانلىق ھەركەتلىرىنى ئەيىپلەپ، «بىز تېنچلىق ئۇسۇلىنى ياقلىغۇچىلارمىز، ...»دېگەندەك مەزلۇم مىجەز گەپلەرنى قىلىپ، قان تۆككۈچىلەرنى ئەيىپلىگەنلىرىنى نەزەرگە ئالمىغان بولساق، ۋەتەن ئۈچۈن جان بەرمىسە ۋەتەن بولمايدۇ دەپ قارىغۇچىلار بىلەن، بۇلارنىڭ ئەزەلدىن بىر- بىرىگە يات ئىككى دۇنيا ئىكەنلىكىنى؛ ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى ياقلايدىغان ئېقىمنىڭ بۇرۇنمۇ، بۈگۈنمۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇ قاراشتا ئىكەنلىكىنى خىتاي ئاربلاشتۇرىۋەتكەندىمۇ؟ خىتاي قەستەن ماۋۇلار ئۈچۈن «ئەلا تىۋۋار» ئېلانى تارقىتىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئازادلىق ھەركىتىمىزنى لىڭتاسما ھالەتتە ئۆلۈك تۇتۇپ تۇرۇشنى غەرەز قىلىۋاتەمدىغاندۇ؟ دالاي لامانىڭ تەجرىبىسىنىڭ نېمە ئۆلگە ئالغۇچىلىكى بار؟ ئۇنىڭ بۇ خىل مېتودى بۈگۈنكى كۈنگىچە بىرەر ئىجابىي نەتىجە بەردىمۇ؟ دالاي گورۇھى بىلەن بولىدىغان خىتايلارنىڭ سۆھبىتىدە نېمە ئىلگىرىلەش بولۇۋېتىپتۇ؟ خىتاي بۇ ھەقتە ئېنىق قىلىپ: دالاي گورۇھى

تەيۋەننىڭ ۋە تىبەتنىڭ خىتاي زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلمىغۇچە، .... ئويلاشقىلى بولمايدۇ! دەپتۇغۇ؟ ئەگەر دالاي بۇنى ئېتىراپ قىلسا ئۇنىڭ قىلغان ئەتكەن ئىبادىتى بىر تىيىن بولىدۇ دېگەن گەپ؛ بۇنى ئېتىراپ قىلمىسا ئۇنىڭ تىنچلىق ئۇسۇلى پاتقاقتا پاتقان هالدا قىمىر قىلماستىن تۇرىدۇ، دېگەن گەپ! مانا بۇ تەجرىبىنىڭ نېمىسىنى ئۆگەنگۈلۈك؟

شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى ۋە بۈگۈنكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پروگراممىسىدا ئالماشتۇرۇلغان جۈملىلەرگە دىققەت قىلىنسىمۇ، كۇنسېرى چېكىنىش بولىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس. خىتاي ھەتتا ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان دېگەن ئىسمىدىن ۋاز كېچىشىنىمۇ ئالاھىدە ماختىماقتا. بۇ ماختاشنى «ئىستىراتېگىيىسىنى تەڭشىدى» دېگەن چىرايلىق نىقاپ ئاستىدا بېرىدۇ. گويا ئۇلار پىشىپ يېتىلىپ، تېخىمۇ توغرا يولنى تېپىۋالدى، بىزگە تەس بولدى، دېمەكچىدەك تۇيغۇ بېرىش ئارقىلىق، خەلقتە «ھە، دېمەك، ئۇلارنىڭ ئىسمى ئۆزگەرتىشى، ئېنىق مۇستەقىللىق تەلىپىدىكى مەزمۇنلار ئورنىغا تىنچلىق، بارابەرلىك، ... دېگەندەك مەجھۇل ئىبارىلەرنى يەڭگۈشلىگەنلىكى، بىزگە تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەن-دە!» دېگەن ئوي- پىكىر تۇغدۇرۇشنى مەخسەد قىلغاندۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا، ۋەتەن دەۋاسىدىكى بۇ مىسلىسىز چېكىنىشنى خەلققە كۆڭۈل رىزاسى بىلەن قوبۇل قىلغۇزۇشنى، مانا مۇشۇنداق، ئالىلىقاچان خەلقنىڭ قەلب ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىشتىن چىققان بىر تەشكىلاتنى بىزنىڭ بىردىن- بىر قانۇنىي ۋەكىلىمىز دەپ تونۇتۇشنى كۆزلەيدۇ.

بۇ تەتۈر «تىۋۋار ئېلانى»نىڭ توغرىدىن توغرا «تىۋۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار» تەرىپىدىن بېرىلمەي، خىتاينىڭ ئاغزىدىن بېرىلىشى مۆلچەرلىگۈسىز نەتىجىلەرنى بېرىشىمۇ چوقۇم. بىزنىڭ خەلق ئاددىي ھالدا «خىتاي مۇنداق دەۋاتامدا، ئۇنداق بولغاندىكىن چوقۇم بۇنداق» دېگەن ئاددىي فورما بويىچە قىممەت باھالاشقا ئۆگەنگەچكە، ئۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ «ئىستىراتېگىيىسىنى

تەڭشەپتۇ» دېيىشى تۇرغان گەپ.مەسىلەن: ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قېتىمقى ئېلانى(ئاتالمىش تېرورچىلار تىزىمى)نى رادىئودىن ئاڭلىغان خەلق «ھەسەن مەخسۇمنى مۇناپىق دەپتىكەنمىز، بىز چۈشەنمىگەن تەرەپلىرى بولسا كېرەك جۇما، خىتاي ئانداق دەۋاتقىنىدىن قارىغاندا ئۇ بىزنىڭ ئادەمكەن جۇما» دېيىشكەن. خۇددى شۇنىڭدەك، ئۇلار رادىئو ئارقىلىق تارقىغان بۇ «ئېلان»نى ئاڭلىسا چوقۇم ئۇلارنى سىياسىني، سىياسىي جۇغراپىيىنى، ئىستراتېگىيە، تاكتىكىلارنى بىلگەن بىر توپ ئادەم (داھىلار كوللېكتىۋى‹؟›) دەپ ئويلىشى چوقۇم. ئۇ بىچارە خەلق نەدىن بىلسۇنكى، بۇ ئادەملەر «ئىستراتېگىيە تەڭشەش» ئەمەس، ئىستراتېگىيەنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئاڭقارمايدىغان، ھاياتىدا ئون كىتاپنى تۈگۈتۈپ ئوقۇپ باقمىغان، قورساقلىرىنىڭ تويغىنىنىمۇ تۇتۇپ بېقىپ بىلىدىغان ئاۋارىلار ئىكەنلىكىنى؟!

ئۇلارنىڭ نورمالدا دەپ يۈرگەن گەپلىرىدىكى مۇقامنىڭ تۆۋەنلىكىنى خەلق ئاڭلاپ باقمىسا، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنىڭ چۈپرەندىلىكىنى كۆرمىسە، ئاڭلىمىسا؛ ياۋروپا دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن بولىدىغان سودىلىرىدا ئۇلارنى تەڭشەك تېشى قىلىپ ئىشلىتىپ، بۇنىڭ ھېساۋىغا ئاز تولا «چاي پۇلى» بەرسە، شۇنىڭ بىلەن قورساق بېقىپ يۈرگىنىنى نەدىن بىلسۇن؟ رادىئودىن بېرىلگەن ھەيۋەتلىك «ئېلان سەنئەت»نى راست دېمەي نېمە چارىسى؟

كىم بۇ «ئىستراتېگىيىنى تەڭشەيدىغان»لار؟

ھېلىقى كىشىلىك ئىززىتىنىمۇ بىلمەستىن ئالتە نەپەر «بۈيۈك» بىر نەپەر ماڭقا خىتاي بىلەن كېلىشىم قىلغانلار ياكى شۇ ستاندارتتىكىلەر؛ ئاتالمىش دېموكرات خىتايلار قەستەن خاتا يازغان تەشكىلات ئىسمىدىكى خەتنى ھېچ ئويلاپ باقماستىنلا، بۇنىڭ قانچىلىك سىياسىي سەزگۈرلۈككە ئىگە مەسىلە ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتمەستىن تاپشۇرۇپ ئالغان «يېتىشكەن»لەر ۋە ياكى شۇ تىپتىكىلەر؛ خىتاينىڭ قانچىلىك ياۋۇزلىقىنى،

قانچىلىك يۈزى قېلىنلىقنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، مەجلىس ئاچقانغا خىتايلار ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كېتىدۇ دەپ ھاماقەتلەرچە كولدۇرلاپ يۈرگەنلەر؛ تېنچلىق مېتودۇڭمۇ خوپ، ئەمما شۇنىمۇ ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە، ئەڭ موھىم سورۇنلاردا قىلىشنى بىلمەي ياكى قەستەن قىلماي، قۇرۇق مەجلىسلا ئاچىدىغان ۋە بۇنىڭدىن يىللاردۇر ھېچنېمە چىقمىغاندەك، بۇندىن كېيىنمۇ بىر ئۈنۈم بولىشى كۈتۈلمەيدىغان ئاۋارىلار! ئەنە شۇلار «ئىستراتېگىيە تەڭشەي»مىش! روزەك باشىنىڭ راۋابىنى تۆمۈرچىنىڭ شاگىرتى تەڭشىگەندەكلا!

يەنە كىملەر ئىدى بۇ ئىستراتېگىيە تەڭشەيدىغانلار؟

«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»دىن ئىبارەت نائۈستىنىڭ قولىدىن چىققان، سايازغا پېتىپ تۇرغىنى — تۇرغان بۇ بۇزۇق كېمىگە يېڭىدىن كېلىپ قوشۇلغان، سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان بولغۇسى كاپىتانلاردىن مەمتىمىن ھەز... تەڭشەمدىغاندۇ يا، بۇ ئىستراتېگىيىنى؟

نەسىردىن ئەپەندىم «مەن بىر نەرسە كەشىپ قىلدىم: كېتىۋاتقان تۆگىنىڭ دۈمبىسىدە قېتىق ئۇيۇتۇپ بولمايدۇ؛ بىراق بۇ كەشپىياتىم ئۆزۈمگىمۇ ياقماي تۇرىدۇ» دەپتىكەن. شۇنىڭدەك، «كېتىۋاتقان يۈك ماشىنىسىغا رادىئو ئىستانسىيىسىنى يۈكلىۋېلىپ، كوچىلاردا مېڭىپ يۈرۈپ(تەبىئىيكى، بۇ بىشكەك ياكى ئالمۇتىنىڭ كوچىلىرى ئىدى) ئاڭلىتىش بېرىمىز» دېگەننى «كەشىپ» قىلغان، ئەمما ھېچ بولمىغاندا ئەپەندىچىلىكمۇ كەشپىياتىدىن گۇمانلىنىپ باقماي، خەقنى ئىشەندۈرمەن دېگەن مەمتىمىن ھەز...، ئاشۇ ئەقلى بىلەن بۇ ئىستراتېگىيىنى تەڭشەرمىدى؟ (ئۇنىڭ بۇ «كەشپىياتى»نى چۆرىدىگەن تارىخىي رەسۋاچىلىقلار ۋە مۇناپىقلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي كىتاپ يېزىلغىنى ئۈچۈن بۇ يەردە تەپسىلاتلارغا ئورۇن بەرمىدۇق)

تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتىمۇ بار: خىتاي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا غەرپ دۆلەتلىرى بار دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل

رىزاسىنى ئۈتماقچى بولىدۇ. غەرپ دۆلەتلىرى ئەخمەقمۇ؟ كىمگە ياردەم بېرىش كېرەكلىكىنى چوڭقۇرراق تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا، «نادانغا بەرگەن ئېسىت كۆڭلۈم» دېگەندەك سىياسىي، دىپلوماتىيە جەھەتتە سەتچىلىككە قېلىشنى ئويلىمامدۇ؟ خىتاي جاسۇسلىقى شۇنىمۇ بىلىدۇكى، خەلقنىڭ بۇ تەشكىلاتلارنىڭ قولىدىن پوقمۇ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشى سەۋەبىدىن بۇلارغا ھېچقانداق ئىشەنچ كۆزىدە قارىمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم ئەگەشمەيدىغانلىقىنى، ئېتىراپمۇ قىلمايدىغانلىقىنى، شۇڭا پەقەت ئارقىسىدا غەرپ دۆلەتلىرى بار، دېگەن «ئوسما» بىلەنلا ئۇنى «قارىقاش» كۆرسەتكىلى بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلغان. ھەممە قىلمىش- ئەتمىشلىرىدىن ئاشۇ ئاۋارىلار ئۆزلىرىلا ئىكەنلىكى، بىرەر دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىشنىڭ ئۇنداق چۇۋالچاق، ئۇنداق بىمەنە، پىلانسىز، نەتىجىسىز بولمايدىغانلىقىنى كىچىك بالىمۇ بىلىدىغان بىر زامان بولسىمۇ، ئەمما مەملىكەت ئىچىگە بۇ ئىبلان رادىئونىڭ تۆھپىسى بىلەن يېتىپ بارغاندا نۇرغۇن نادان ئادەملەرنى قايمۇقتۇرۇشىدا گەپ يوق.

يەنە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىۋاتىدۇ: ئۇلار دالاينىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلىمىسىمۇ، «ئۈچ ئەپەندى»نىڭ يولىنى تۇتىدىغانلار بولۇپ، «تېنچلىقپەرۋەر»لىكتە دالايغا ئۇستاز بولالايدۇ. چۈنكى مەرھۇم ئەپەندىلەردىن بىرى بولمىش ئىسا يۈسۈپ بۇ مېتود بىلەن ئىش باشلىغاندا دالاينىڭ دادىسىمۇ يېڭىدىن ئۆيلەنگەن ياكى تېخى ئۆيلەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن؛ تەبىئىيكى دالاي تېخى تۇغۇلۇشتىنمۇ كۆپ ئۇزاقتا ئىدى. يەنى بۇ، 1926- يىلى ئىسا ئەپەندى ئەنجاندىكى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدىن باشلانغان مېتود ئىدى. ھەتتا ئەپەندىم بۇ جەھەتتە ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان پارلاق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ:

سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە تىجارەت ۋە مەدىكارچىلىق قىلىپ يۈرگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تەربىيىلەپ،

قۇراللاندۇرماقچى بولغان ۋە بۇلار ئارقىلىق خىتايغا قارشى ئىسيان چىقىرىشنى پىلانلىغاندا، ئىسا ئەپەندى (شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا كۆيۈنۈپ) بۇنى خىتاي كونسۇلىغا ئېيتىپ قويىدۇ، خىتاي كونسۇلى ھۆكۈمىتىگە دوكلاد قىلىدۇ؛ خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە بۇ ھەقتە خەۋەر بارلىقى ۋە ئۆزىنى تۇتىۋېلىشنى ئېيتىپ رۇسلارنى ئوسال قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان «بۈيۈك بىر بالا-قازا»نىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ!

مانا بۇ «تېنچلىقپەرۋەرلىك» نىڭ «ئاقتىن ئۆتۈپ كۆككۈرۈپ كېتىش»تەك بىر يوقۇرى پەللىسى بولسا كېرەك!؟ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ مېتودنىڭ ئەلا نەتىجىلىرىدىن 0.0001نى ساناپ بېرەلەيدىغان بىرەر ئەپەندىم بولسا مەن ئاڭلاپ باقاي. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خىتايلار ئۇلارنى «سەۋىيەسى ئۆسكەن»، «تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن»، بۇ تۈپەيلى خىتايلارنىڭ «قارشى كۆرىشى تېخىمۇ جىددىي ۋە مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالغان» قىلىپ كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى قانداق بىر نىشانغا يۈنىلەندۈرىۋاتقانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش ۋە ھۇشيار بولۇش كېرەك. خىتايلارنىڭ تىببەتلىكلەرگە قويغان تەلىپىدىكى قاتتىقلىقنى قاراڭ: «تىببەتنىڭ خىتاي زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغۇچە ....!» بۇنى ئېتىراپ قىلسا نېمە قالىدۇ؟ ھەممە تۈگەيدۇ. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىگە ئوخشاش، بىزنىمۇ ئەنە شۇنداق «ماڭىدۇ-ماڭىدۇ، قىردىن ئاشالمايدۇ» دېگەندەك بىر ئەۋارىگەرچىلىككە، توغرىسى مەجرۇھلار دوختۇرخانىسىدىكى مەجرۇھلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلگەن پائالىيەتتەك، مەڭگۈ نەتىجە بەرمەيدىغان، تەكرارلىنىشقا باغلاپ قويماقچىمۇ؟

بىر تەشكىلات ئۆزىنىڭ خەلقىنىڭ ئاساسىي ئارزۇسىدىن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ۋاز كەچسە بۇ تەشكىلات نېمىگە ئايلىنىدۇ؟ دەۋا قىلىۋاتقان ۋەتەننىڭ نامىدىن، تارىختىن كېلىۋاتقان، ئەجدادلارنىڭ

قانلىرى، جانلىرى بەدىلىگە جاكالانغان دۆلەت نامىدىن ۋاز كېچىپ، يەنە شۇ دۆلەتنىڭ دەۋاسىنى قىلىشىۋاتىمەن دېيىش كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟ خىتاي ئاساسىي پرىنسىپىدا قانداق قاتتىق تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن نېمىشكە ساۋاق ئالمايمىز؟ نېمىشكە يېنىكلىك بىلەن ئەڭ پرىنسىپال مەسىلىلەردە يول قويۇلىۋاتىدۇ؟ بۇلارنىڭ تېگى ئاددىي بولمىسا كېرەك. بۇ «يېنىكلىك» بىلەن خىتاينىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، «ئېلانچىلىق» قىلىپ بېرىشىگە باغلاپ قارالسا، بەزى مەسىلىلەرنىڭ يېشىم يولى چىقىۋاتقىنى بەكمۇ ئەجەپلىنەرلىكتۇر.

يەنە بىر مەسىلە، قانداقتۇر «مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق...نىڭ بىردىن بىر قانۇنىي ۋەكىلى» دېگەن مەسىلە بولۇپ، بۇ سالماقراق ئېغىز ئېچىش كېرەك بولغان مەسىلىدۇر. ئىلگىرى كۆپ چېكىت ئورنىدا «بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ» دېگەن سۆز بولاتتى؛ ئەمدى ئۇلار شەرەپ بىلەن «ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشەپ» ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋالغاچقا، بۇ سۆز چوڭ كېلىدىغان بولۇپ، ئۆزلىرىنى كىچىكلىتىۋېلىشتى. شۇڭا ئەمدى «بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ» دېيىشكە توغرا كەلسە كېرەك. بۇ ھالدا يەنە بىرمۇنچە شەرقىي تۈركىستانلىق «ۋەكىلسىز» قالىدۇ! مانا ئەمدى قالغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار قانداق قىلار؟ ئۇلارمۇ بىرەردىن «دۇنيا ... قۇرۇلتىيى» قۇرىشى كېرەكمىدۇ؟ چىقىۋاتقان چاتاقنىڭ مانا مەن دەپ ماراپ تۇرغىنىنى قاراڭ: بولغۇسى يۇگوسلاۋىيە!

ئەمدى بۇ ۋەكىللىك مەسىلىسىدە سالماقراق بولۇش كېرەك ئىدى دېگەن مەسىلىگە قايتساق، شۇنى دېمەكچىمىزكى، بۇنداق بىر ھوقۇق ئۆز ئۆزىنى ئېلان قىلىش يولى بىلەن — مۇستەبىتلەرچە مەيدانغا كەلمەيدۇ، بەلكى خەلقنىڭ رايىدىن تۇغۇلىدۇ. خەلق ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەيدۇ؛ بىلمىگەن ئادەمنىڭ سىرتىنى سېتىپ، سۇئىستېمال شەكلىدە بۇنداق بىر دەبدەبىلىك «ۋەكىللىك»نى دەۋا قىلىش نامەرتلىككىمۇ، ئۇششۇقلۇقمۇ، مۇستەبىتلىككىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ؛ ئەمما ئۇلار ھەدەپ

قاش كىرپىكىنى تۈزەپ، مۇمكىنقەدەر تەقلىد قىلىشقا تىرىشۋاتقان غەرپنىڭ دېموكراتىك تۈتۈمى ئەمەس! خەلق چۈشەنمىگەن ياكى پىكىر قاتناشتۇرۇشقا ئىلاجىسى يوق ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ بۇنداق يوغان گەپ قىلىشقا بولىدىكەن، خەلق ئۇلارنى چۈشەنگەندە ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس بولمىسا كېرەك: خەلق تۈكۈرۈپ تاشلايدۇ!

بۇ ۋەكىللىك تاماسىدىكى تەشكىلات، ئۆزى «ۋەكىللىك قىلىدىغان» ئاشۇ خەلققە «ئۆلۈم جازاسى(تىلنىڭ ئىستىمالدىن قالدۇرۇلىشى)» ئېلان قىلىنىشى مۇناسىۋەتتى بىلەن بىرەر تەسىرى بار ھەرىكەت تەشكىللىدىمۇ؟ خەلقارا تەشكىلاتلارغا ئىلتىماس قىلىپ، «ئۇيغۇر تىلى كۈنى»، «ئۇيغۇر مائارىپى ھەپتىسى» دېگەندەك بىر ئىشلارنى ئېلان قىلدۇرۇشقا تىرىشۋاتامدۇ؟ (بۇنداق قىلغانلىقىمىغۇ ھېچ پايدىسى يوق، ئەمما بۇلارنىڭ مېتودىغا كۆرە دېگەن تەقدىردىمۇ) ئەمما ياق! بۇ ۋەكىللىككە نېمە دېسەك بەك قاملىشىدىكىن تاڭ؟ ئويلىماق لازىم!

www.uyghurkitap.com

# ئىمان بىلەن مۇناپىقلىق بىر قەلبكە سىغمايدۇ!

دىن — ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن قانۇندۇر.

جەمىيەتتە قانۇن بولمىسا تەرتىپ ئىزدىن چىقىدۇ؛ ئوغرى - بۇلاڭچىلار، قاتىللار، چېرىك ئەخلاق، قىلىقسىزلار... كىشىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا كاشىلا تۇغدۇرۇپ، خاتىرجەملىكىنى بۇزىدۇ. خۇددى شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن جەمىيەت ئۈچۈن زۆرۈردۇر؛ قانۇن ئىنسانلار ئۈچۈن — ئىنسانلارنىڭ بەختىيار بولىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

دىن ــ ئىلاھى قانۇندۇر. دىن ــ ئەخلاق پىرىنسىپى، ئەخلاق دەرسلىكى، ياخشىلىق، يامانلىقتىن ئاگاھ بەرگۈچى ئۇستازدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دىن پەقەت ئىبادەتخانىلاردىلا قىلىنىدىغان بەلگىلىك ۋە مىخانىك ھەرىكەت ئەمەس، جەمىيەتنىڭ جىمى بۆلۈك - پۇچقاقلىرىغىچە تەتبىقلىنىدىغان، جانلىق قوللۇنۇش تەلەپ قىلىنىدىغان مىزاندۇر. ئۇ پەقەت ئىبادەتخانىلاردا ياكى ئىبادەتخانىلاردىكىدەك بەلگىلىك قەرەل ۋە بەلگىلىك مىقداردا ئادا قىلىنىپ «قۇتۇلىدىغان» شەكلىي ئىبادەت ئەمەس، ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىگە تەتبىقلىنىدىغان ھەركەت مىزاندۇر.

ئەگەر ئاللاھنىڭ «بەندىلەرنىڭ ئىبادىتىگە بىھاجەت» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىسلام دىنىنىڭ تۈپكى ئىدىئولوگىك تېئورمىسى ئېتىراپ

قىلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا، دىنىنىڭ بىزدىن بەلگىلىك سائەتتە، بەلگىلىك ساندا ناماز ئوقۇشنى تەلەپ قىلىش ئۇچۇنلا چۈشۈرۈلمىگەنلىكىنى، چۈشىنەلەيمىز. ئۇ ھالدا بىز دىنىنىڭ چۈشۈرۈلۈشىدىكى مۇددىئا ھەققىدە چوڭقۇرراق پىكىر قىلىشقا يۈزلىنەلەيمىز. ئاللاھنىڭ كائىناتنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىدە، يارىتىلغۇچى(مەخلۇق)نىڭ ھەرقانداق نەرسىدىن بىھاجەت بولىشى ئەقەللىي ئۇقۇمغا ئايلىنىدۇ؛ ياخشىلىقى ياكى يامانلىقىنىڭ ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىكىگە ھېچقانداق تەسىرىنىڭ يوقلىقى ئاشكارلىشىلغاندىن كېيىن، قالدى ئىش: دېمەك، دىن ـــ ئاللاھنىڭ پايدا - زىيىنى ئۈچۈن ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ پايدا - زىيىنى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كونكرېت چۈشىنىشتە قالىدۇ.

ئۇ ھالدا دىنىنىڭ بىزدىن تەلىپى يالغۇزلا ناماز (بولۇپمۇ شەكلىي ھەركەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان ئىبادەت) ئەمەس، بۇ ئىلاھىي قانۇننىڭ ھەممە تەلىپىگە ئۇيغۇن ئىنسان بولۇش ئىكەنلىكى، جەمىيەتكە پايدىلىق، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئادەم بولۇش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز تەس ئەمەس.

ئەگەر يۇقۇرىدىكى تەرىپ ۋە ئېنىقلىمىلىرىمىز توغرا بولسا، بۇ نۇقتىدىن بەزى مىللىي مۇناپىقلارنىڭ (ناماز ئوقۇيدىغان مۇناپىقلارنىڭ) مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت زىددىيەتلىك ئېپادىسىگە باھا بېرىشتە بىر سىناق تېشىغا ئېرىشكەن بولىمىز. مىللىتىمىز ئىچىدە تارىختىن بۈگۈنگىچە نۇرغۇن مۇناپىق موللىلار تاجاۋۇزچى خىتايلارغا يالاقچىلىق قىلىپ كەلدى ۋە بۈگۈنمۇ مۇناپىق موللىلار ۋە ياكى ناماز ئوقۇيدىغان بىر توپ مۇناپىق يەنىلا خىتايلارنىڭ يالىقىدا يۈندە ئېچىپ سەمرىمەكتە! بىزنىڭ دىنىمىزنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرىشىمىزدە نۇقسان تولا بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا قانداق باھا بېرىش مەسىلىسىدە گاڭگىراپ قالىدۇ: مۇناپىق دەي دېسە ناماز ئوقۇيدۇ، ھەتتا ھېچ قازا قىلماستىن ئوقۇيدۇ؛ تەقۋادار مۆمىن دەي دېسە، خىتاينىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئوينايدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇلار

يەنىلا ناماز ئوقۇغانلىقى تۈپەيلى خەلق تەرىپىدىن تۇكۇرۇلمەي، ئىززەتلىنىپ كېلىنمەكتە!

ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى ئېنىقلىمىلىرىمىز كۆرسىتىۋاتىدۇكى، ئىمان بىلەن مۇناپىقلىق بىر قەلبكە، بىرلا ۋاقىتتا سىغىدىغان بىر تىپتىكى شەيئى ئەمەس! دەل ئەكسىچە ئوت بىلەن سۇدەك بىر - بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان، تۈپ خاراكتېرىدىن زىت ئىككى نەرسە. ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىمانى راستمۇ؟ مۇناپىقلىقمۇ؟ ياكى قايسىسى ئېغىر باسىدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلماي قالمايدۇ.

بەندىنىڭ ئىبادىتىنىڭ ئاللاھقا پايدىسى يوقلىقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئىبادىتى باشقىلارغىمۇ پايدا - زىيىنى بولمىغان مەۋھۇملۇقتۇر؛ ئىخلاس ۋە ساداقەتنى ئۆزىگە ئاساس قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ ھېچقانداق پايدا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ مۇناپىقلىقى ئەمەلىي ۋە كونكرېت بولۇپ، تاجاۋۇزچىلارغا پايدىلىق، مەزلۇملارغا زىيانلىق. ئۇ ھالدا ئۇنىڭ مۇناپىقلىقىنىڭ ئېغىر سالماقتا ئىكەنلىكى ناھايىتى ئاددىي پاكىتقا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، بىر مەۋھۇم ۋەدە — ساختا ۋەدە ۋە بىر ئەمەلىي نەق شەيئى سېلىشتۇرۇلسا، ئەقلى نورمال ھەركىم ئەمەلىي نەرسىنىڭ بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى تەستىقلايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، دىلىدا ئىمان بولمىغان، ئىخلاس بولمىغان، كۆز بويامچىلىق بىلەن ئوقۇلغان ناماز نە ئاللاھقا ئەرزىيدۇ، نە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە ياكى ئەتراپىدىكىلەرگە پايدا كەلتۈرىدۇ. ئۇ خۇددى ساختا ۋەدىدەك، قولغا چىقمايدىغان مەۋھۇملۇق؛ ئەمما ئۇنىڭ دۈشمەنگە قىلغان خىزمىتى زۇلۇمغا ياردەم بېرىش، ئۆز قەۋمىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىشتەك ئەمەلىي ھەركەت.

قاچانلاردىندۇر، خەلقىمىز دىنىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە تەدبىقلىنىدىغان ھەركەت مىزانى ئاللاھدىلىكىدە چۈشەنمەيدىغان بولدى ۋە ئۇنى ئىبادەتخانىلارغا مەھكۇم قىلىپ قويدى. شۇ تۈپەيلىدىن بەزى ئادەملەر

ناماز بىلەن قىلىۋاتقان قىلمىشنىڭ قىلچە ئالاقىسى يوقتەك، قىلغۇلۇقنى قىلىۋاتقاچ، يەنە بىر تەرەپتىن نامازنىمۇ قازاسىز ئوقۇپ، مۇسۇلمان سانىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. گويا ناماز ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھ چۈشۈرگەن ۋەزىپە ياكى ھاشار، ئۇنى چالا- بۇلا ئورۇنداپلا شودۇيجاڭدىن قۇتۇلغاندەك قۇتۇلسىلا بولىدىغان نەرسە؛ قىلىۋاتقان قىلمىشنى بولسا ياشاشنىڭ تەقەززاسى، بىر زۆرۈرىيەت دەپ تونۇپ قالغىنى ئۈچۈن، ئىمان بىلەن مۇناپىقلىق ئىككىسىنى «پۇتلاشتۇرماستىن» بىللە ئېلىپ يۈرمەكتە. خەلقمۇ ئۇلارنىڭ نامىزىغا ئالدىنىپ، مۇناپىقلىقىغا كۆز يۇمماقتا. يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئابدىغوپۇر داموللا، ھازىرقى زاماندىكىلەردىن ھارۇنخانھاجى قاتارلىق مۇناپىقلار نامازنى قازا قىلماستىن خىتايغا ئىشلىگەنلەر ئەمەسمۇ؟ ساختا مۇجاھىدلاردىن ئابدۇللاھ قارى (ئابلا شەيتان ياكى ئابلا تەخەي) ئەنە شۇ جۈملىدىن ئەمەسمۇ؟ ئىمان ھېچقاچان مۇناپىقلىققا بۇيرىمايدۇ. نامازنىڭ (ئەگەر ئىخلاس بىلەن ئوقۇلسا) يامانلىقتىن توسىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى بۇنى دەلىللەيدۇ. ئۇلارنى مۇناپىقلىقتىن چەكلىيەلمىگەن بولسا، دېمەك، ئوقۇغان نامىزى سۇنئىيدۇر.

ھەتتا مۇنداق بىر ھىكايە بار: مۇجاھىدلار بىر مۇناپىقنى يوقۇتۇشنى قارار قىلىپ، بۇ ۋەزىپىگە ئىككى ياشنى تەيىنلىگەن. ئىككى مۇجاھىد مۇناپىقنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، خاس كەلتۇرەلمەي، ئاخىرى ئۇنى مەسجىتتە يالغۇز ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا ئۇستىدىن چۈشكەن. دىنىي چۈشەنچىنىڭ ئۇزۇن يىللىق مۇجىمەللىشىپ كېتىشى تۈپەيلى، ئىككى ياش ناماز ئوقۇۋاتقان مۇناپىققا قول سېلىشقا پېتىنالماي قالغان. ئۇلار قانداق قىلىش مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ، ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغان. كېيىن نېمىلا بولمىسۇن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلايلى، خاتا قىلغان بولساق كېيىن كۆرەرمىز دەپ، قول سېلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغاچقا، مۇناپىق يارىلىنىپ، ئۆلمەي قالغان ۋە خىتاي خوجايىنلىرىنىڭ غەمخورلۇقى سايىسىدە

ساقىيىپ كەتكەن! دۈشمەنگە رەھىم قىلىش، دوستقا ۋابال قىلىشتۇر. ھەتتا مۇجاھىتلىرىمىزدىمۇ، ئىمانى، ئىخلاسى بار ئۆلىمالىرىمىزدىمۇ، دىنىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچە، تونۇش ئايدىڭ بولمىغاچقا، بەزى ياشلار بەزى مۇناپىقلارنى يوقۇتۇش ھەققىدە پەتىۋا سورىغاندا تىل چايناپ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ياشاپ داۋاملىق بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ۋەسىلە بولۇپ قالغان بۇنداق مىساللارمۇ نۇرغۇن.

بۇنداق مەسىلىلەردە شۇنىسى ئاددىي ئۇقۇمكى، بىرى مەۋھۇم ئىبادەت، باشقىلارغا پايدىسى يوق؛ بىرى ئەمەلىي بۇزغۇنچىلىق، مۆمىنلەر جامائەسىگە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىمانى يالغان، ساختا، رىيا؛ مۇناپىقلىقى راستتۇر. ئىمان بىلەن مۇناپىقلىق ھېچقاچان بىر قەلبكە سىغىشىپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ!

www.uyghurkitap.com

# مىللىي ئۆچمەنلىك تەبىقە تونۇمايدۇ

مىللىي ئۆچمەنلىك ــ ئوخشىمىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئېتنىك گورۇپ ئارىسىدىكى ئاداۋەت تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئۇيغۇن تۇپراق ۋە كېلىمات ــ مىللىي تەڭسىزلىك ۋە مىللىي زۇلۇمدۇر. «مىللىي»دىن ئىبارەت بۇ سۈپەت شەخسكە تەئەللۇق بولمىغىنىدەك، بۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىۋاتقان ئىسىم ــ «ئۆچمەنلىك» ــ مۇ شەخسكە تەۋە ئەمەس. يەنى بۇ بىر كوللېكتىپ ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىدۇر. يەنى، بىر كوللېكتىپنىڭ يەنە بىر كوللېكتىپقا قارىتىلغان ئۆچمەنلىكىدۇر. ئۇنىڭ كوللېكتىپقا تەۋە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، باشقا ھەر خىل تۈردىكى قىساس تۇيغۇسى، ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدۇ. بىر كوللېكتىپ يەنە بىر كوللېكتىپقا ئۆچ بولدى، دېمەك، قارشى تەرەپنىڭ ئىچىدىن قانداقتۇر «ياخشىلار تەبىقىسى»نى ئايرىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك بولىسىمۇ، مەسىلىنى تومتاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يۈزىسىدىن بىرئاز تەپسىلات بېرىپ، ئېنىقلىقنقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر تېمىدا توختۇلۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

مىللىي ئۆچمەنلىكنىڭ تەبىقە تونۇماسلىقى ــ يەنى، ئۆچمەنلىك ئوبيېكتى بولغان مىللەتنى تەبىقىلەرگە ئايرىپ «ياخشىلار، ئوتتۇراھاللار، ئەسكىلەر» دەپ ئولتۇرماسلىقى، مىللىي زۇلۇمنىڭمۇ پۈتۈن مىللەت كوللېكتىپى تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقى، پۈتۈن مىللەت كوللېكتىۋىنى

www.uyghurkitap.com

يوقۇتۇۋېتىشنى نىشان قىلغانلىقى ئۇچۇندۇر. بولۇپمۇ خىتايلاردىكى تۇغما مىللىي كۆرەڭلىك، مىللىي كېڭەيمىچىلىك، تۇغما «مەن مەركەز»چىلىك ئېڭىغا ئىگە بىر مىللەت ئىچىدىن بۇنداق تەبىقىلەرنىڭ ئايرىلىشى ئەقىلگە سىغىدىغان ئىش ئەمەس.

توغرا، بۈگۈن دۇنيانىڭ ئاساسىي شۇئارى بولۇپ قېلىۋاتقان «تىنچلىقپەرۋەرلىك»، «كىشىلىك ھوقۇق» قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بۇ خىل كوللىكتىپ ئۆچمەنلىك ئېڭى بىلەن سىغىشالمىغاچقا، بەزىلەرگە بۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلىقىنى پەردىلەشنىڭ ياخشى باھانىسى بولۇپ بېرىۋاتىدۇ. يەنى، بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى، ياكى ھەممىسى ئەسكى بولمايدۇ! بۇ ئاجايىپ تېئورى قارىماققا توغرا، قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت! ئەمما مەسىلىنى كونكرېت شەرتلەر ئاستىدا كونكرېت تەھلىل قىلغاندا، ئېغىزدىكى شۇئارنىڭ ھامان ئەمەلىيەتكە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

بىر ئاز ئارقىغا بېقىپ، تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك بۇنىڭ پولاتتەك دەلىللىرىنى كۆرىۋالالايمىز: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، كانادادا گېرمانلار، ئىتاليانلار، ياپونلار قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان؟ (بەلكىم بۇ خىل ئەھۋال ئامېرىكىدا ۋە باشقا فاشىزىمغا قارشى سەپتىكى دۆلەتلەردە ئوخشاش بولغان بولىشىدا گەپ يوق) دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغۇچى مىللەتلەرنىڭ باشقا دۆلەتلەردىكى تېنچ پۇقرالىرى ئىنتايىن بىمەنە ۋە ئىنسانىيەتسىز مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىغان: كوچىلاردا كىشىلەر ئۇلارغا تۈكۈرگەن، ھاقارەتلىگەن، ھەتتا ئۇرۇپ ئاچچىغىنى چىقارغان. تېخىمۇ غەلىتە بولغىنى دۆلەتمۇ ئاشۇنىڭغا ئۇيغۇن سىياسەت يۈرگۈزۈپ، گېرمان، ئىتاليان، ياپونلارنىڭ ئۆي مۈلۈكلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، توپلىما كامپىلىرىغا توپلاپ، نازارەت ئاستىدا تۇتقان! بۇلار تاجاۋۇزچىلارمىدى؟ ياق. ئۇلار پەقەت ئۇرۇش قوزغىغانلار بىلەن بىر مىللەت بولغىنى ئۈچۈنلا ئىشەنچىسىز دەپ قارالغان، نەپرەتكە نىشان بولغان ئىدى! ئەمما، شۇنى ئېتىراپ قىلماي

بولمايدۇكى، شۇ ۋاقىت ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ خاتا ئەمەس ئىدى. چۈنكى، تاجاۋۇزغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۇلارغا بولغان نەپرىتى، كوللېكتىپ نەپرەت بولۇپ، دەل مانا شۇ نەپرەت ــ «مىللىي ئۆچمەنلىك» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە بۇ تۇيغۇ ھېچقاچان تەبىقە ئايرىپ ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ!

ئەمما، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى «ئېڭى ئالغا كەتكەن» بەزى ئەپەندىلەردە خىتاينىڭ ھەممىسى ئەسكى ئەمەس، دېگەن تېئورما باركەن. بۇ دۇنيانىڭ «تېنچلىقچىلىق» شۇئارىغا ماس قەدەمدە بولغاچقا قارىماققا توغرىدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل خىتايپەرەستلىكنى پەردىلەشتىكى نىقاپتۇر. بىز تاجاۋۇزغا ئۇچرىغۇچى مىللەتمىز، زۇلۇم چەككۈچىمىز، نەسلىمىز قۇرۇتۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ بەختسىز مىللەتمىز. مۇشۇنداق تۇرۇپ خىتايغا بولغان ئۆچمەنلىكىمىزنىڭ ئۈزۈل - كېسىل بولماسلىقى، چۈشىنىكسىزدۇر. بۇ بولسا ھەرخىل شۈبھىلەرگە ئاساس بولالايدۇ. ھەقىقىي مىللىي ئۆچمەنلىك بىلەن تولۇپ - تاشقان بىر كىشىنىڭ قەلبىدە خىتاي بىر دۈشمەندۇر، بىر يىرتقۇچ ھايۋاندۇر. ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى: كۆرۈنۈشى، سۆزى، مۇزىكىسى، قىلىقى، ھەركىتى...... ھەممىسى يىرگىنىشلىكتۇر. قانداقتۇر بۇنىڭ ئىچىدە تۈرگە ئايرىش مەۋجۇت ئەمەس! خىتايغا قارشىمەن دەپ، يەنە خىتاينىڭ يەلپۈگۈچلىرى بىلەن ئۆي بېزىگەن، خىتاي ئۇسلۇبىدىكى نەرسىلەرگە ھېرىسمەن بولغانلارنىڭ مىللىي ھىسسىياتىدا شۈبھە بارلىقىغا قىل سىغمايدۇ. مىللىي ئۆچمەنلىك تولۇپ - تاشقان بىر قەلبكە يەنە شۇ دۈشمەن مىللەتنىڭ بىر نەرسىلىرى سىغمايدۇ! دۈشمەن مىللەتنىڭ ھېچنەرسىسى گۈزەل كۆرۈنمەيدۇ! بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆزلىرىنى «جوڭگولۇق» ياكى ھېلىقى يۇرتىمىزغا خىتايلار قويغان ھاقارەتلىك ئىسمنى دەيدىغانلارنىڭ ھىسسىياتى ساغلام بولىشى مۇمكىنمۇ؟ چەتئەلدە تۇرۇپمۇ يەنە خىتايلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىدىغان، خىتايدىن «دوستلىرى» بولىدىغانلارنىڭ ھىسسىياتى ساغلاممۇ؟ بىر - بىرلىرى بىلەن

خىتايچە سۆزلىشىدىغان «يېتىشكەن»لەرنىڭ ھېسسىياتى ساغلاممۇ؟ رېستوران ياكى دۇكان ئاچسا ئىشىك بېشىغا خىتاينىڭ پانۇسلىرىنى ئېسىۋالىدىغانلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتى ساغلاممۇ؟ مېنىڭچە مىللىي ئۆچمەنلىك بىلەن پەۋەس تولغان بىر قەلب بۇ قىلىقلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ سىغدۇرالمىسا كېرەك!

دۇنيانىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىگە قايتا نەزەر تاشلىساقمۇ، مىللىي ئۆچمەنلىكنىڭ تەبىقىگە تۇرگە ئايرىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى، دۇشمەن دەپ بىلگەن مىللەتكە بولغان كوللىكتىپ نەپرەت، دۇشمەن مىللەتنىڭ ھەممە نېمىسىنى سەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھاياتلىقنىڭ بىر خىل قانۇنىيىتى بولۇپ، بۇنى قۇرۇق شۇئارلار ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ.

# مىللىي قەدىرىيەتلىرىمىزنى قەدىرلەيلى!

بىر مىللەتنىڭ «مىللەت» سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن بەلگىلىك «مىللىي سۈپەت»لىرى بولۇشى كېرەك. بۇ «مىللىي سۈپەت»لەر شۇ مىللەتنىڭ مىللىيلىكىنى بەلگىلىگەن نەرسىلەر بولۇش سۈپىتىدە قەدىرلىكتۇر. مانا شۇ مىللىي قەدىرىيەتلىرىنى قانچىلىك قەدىرلەش— شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ «مىللەتچىلىك ئېڭى ياكى مىللىي ئېڭى»غا باغلىق. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مىللىي قەدىرىيەتلەرنى قەدىرلەش، قوغداش، داۋاملاشتۇرۇش تۇيغۇسى — مىللىي ئاڭ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. ئەگەر مىللىي ئاڭ چىن ۋە سەمىمىي بولسا، ئۇ ھىسسىيلىقتىنلا ئەمەس، ئەقلىيلىقتىن مەنبەلەنگەن بولسا، ھەتتا بەلكى ئاڭدىن ھالقىغان تۇيغۇلاردىن (يوشۇرۇن ئاڭدىن) مەنبەلەنگەن بولسا، مىللىي قەدىرىيەتلەرنى قەدىرلەش، قوغداش، ئەۋلادلارغا ئۆگىتىپ، داۋام قىلىشى ئۈچۈن زېمىن يارىتىش ئادىتى ناھايىتى تەبىئىي ئەكس ئېتىدۇ. ئەگەر بۇ خىل «مىللەتچىلىك ياكى مىللىي ئاڭ» سۇنئىي، ۋەزىپە شەكىللىك، ئالدامچىلىق خاراكتېرىدە بولسا، ئۇ زامان - زامان، ئاڭنىڭ بۇيرىقىدىن چىقىپ، ئاڭسىزلىقنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن، ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاشقا ھازىر تۇرىدۇ.

مىللىتىمىز خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى! بۇ

كەسكىن تۇردە شۇنداق! بۇ ئاشۇرىۋېتىش شەكلىدىكى ئىپادىلەش ئەمەس، بەلكى رېئاللىقنىڭ پەردازسىز كۆرسۈتۈلىشى! مانا شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئىكەنمىز، مىللىيلىكىمىزنى قوغداپ قېلىش، يەنى مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن نېمىلەر قىلىۋاتىمىز؟ بولۇپمۇ نېمە قىلساق قىلغىلى بولىدىغان ئەركىن دۇنيادىكىلەر نېمىلەر قىلىۋاتىمىز؟ مىللىي ئالاھىدىلىكىمىزنىڭ ئىپادىلىرى بولغان «مىللىي قەدرىيەتلەر»ىمىزنى قانچىلىك قەدىرلەۋاتىمىز؟ بۇلار ھەققىدە بىر ئاز مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باقايلى.

مىللىيلىكىمىزنى بەلگىلىگەن ماددىي ۋە مەنىۋي سۈپەتلىرىمىز نېمىلەر؟ مىللىيلىكنى بەلگىلەيدىغان فىزىئولوگىك تاشقى قىياپىتىمىز ھەققىدە توختالمىساقمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە بېقىنماسلىقى مۇمكىن، ئۇندىن باشقا مىللىي بەلگىلەر بۈگۈن ئېتىبارى بىلەن: ئانا تىل، دىنىي ئېتىقاد، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ موھىمى تىل ۋە دىنىي ئېتىقادىمىزدۇر.

ئەمدى بۇ ئىككى تۈرلۈك ئەڭ موھىم مىللىي بەلگىمىزنىڭ چەتئەللەردە (ئەركىن دۇنيادا) قانداق قەدىرلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئەتراپىمىزغا نەزەر سېلىپ كۆرەيلى. چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مەملىكەت ئىچىدە — خىتاينىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا قارىغاندا تېخىمۇ تېزرەك ئۇيغۇرلۇق سۈپەتلىرىدىن مەھرۇم بولىشى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىشمۇ ئەمەس، ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرغان پاكىت. ئائىلىمىزدە ئانا تىلدا سۆزلەشكە سەل قارايدىغان بولغىنىمىز (ئۆزىمىزنى يېتىشكەن مىللەت بىلەن پەرقى ئاز قالغان ياكى تۆگىگەن، مەدەنىي قىلىپ كۆرسىتىشكە ئالدىراش تۇيغۇسى بىلەن) باللىرىمىز ئانا تىلنى بىلمەي چوڭ بولىدۇ. بۇ دېمەك، ئىككىنچى ئەۋلادقا بارغاندىلا ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغانلار تۈگەيدۇ دېگەن گەپ!

ئۇيغۇرچە سۆزلىمەيمۇ «ئۇيغۇر بولغىلى» بولامدۇ؟ كەسكىن تۇردە ياق! بىز باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، تۈركىيە جەمئىيىتىدىكى ئۇيغۇرلارنى

كۆزىتىدىغان بولساق، ۋەتەندىن چىققانلارنىڭ ئۆزلىرى بىر - بىرىنى بىلىشىدۇ، بىر بىرىگە ئارىلىشىدۇ؛ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى كوممۇنىست ئىستىلاسى ھارپىسىدا چىققانلارغىچە تۈركىيە جەمئىيىتىدە سىڭىشىپ يوقالغان بولۇپ، بۈگۈنكى يېڭى چىققان ئۇيغۇرلار ئۇلارنى بىلمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭمۇ ئاللىقاچان خاتىرىسىدىن مۇستەملىكە ۋەتەن چىقىپ كەتكەن!

ئەرەبىستاندا ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغان ئۇيغۇرلار خېلى بار ۋە بىلىدىغانلارمۇ مۇمكىن بولغىنىچە ئۆزىنى ئەرەپ قىلىپ كۆرسىتىش تىرىشچانلىقىدا ۋە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن نومۇس قىلىدىغان كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى، يەنى، بۇنى ئەرەپلەر ئالدىدا مۇمكىن قەدەر يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى، پەقەت، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىر - بىرى يېنىدا بىر - بىرىدىن ھېيىقىپ، (خۇددى خىتاي تەمسىلىدە تۇڭگانلارنى «بىر تۇڭگان يالغان تۇڭگان، ئىككى تۇڭگان چالا تۇڭگان، ئۈچ تۇڭگان راست تۇڭگان» دېيىلگەن نۇسقىدا) زورىغا ئۇيغۇر بولۇپ يۈرىۋاتقانلىقىنى ئەلەم ئىچىدە ھېس قىلىپ تۇرۇپتىمىز. ئەمما يەنە شۇ ئەرەبىستاننىڭ ئۆزىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى زامانىدا قاچقانلارنىڭ پۇشتىدىن بولغان، شۇ يەردە تۇغۇلغان ئۆزبېكلەرنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆزبېكچە سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. مانا بۇ خىل ئاسان ئاينىش پىسخىكىمىز مىللىي يوقۇلۇشىمىزنى تېزلىتىش رولى ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە.

مەدەنىيەت دۇنياسىدا تىلنىڭ ئايرىلماس بىر ياندىقى، تېخىمۇ ئىلمىي ئىپادە شەكلى يېزىقتۇر. ناھايىتى ئەپسۇسكى، چەتئەللەردە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يوقۇلىشى تېخىمۇ تېز بولىۋاتىدۇ. چۈنكى، بىر توپ «مىللەتكە كۆيۈنگۈچى بىلەرمەنلەر» يېزىقىمىزنى ئۆزگەرتىشنى— غەرپ قۇلچىلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىنى — تەشەببۇس قىلىشقاندى. بۇ ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ئىچىدە چەتئەللىكلەر «ئېلىپبەسىڭلار قانداق؟» دەپ سورىسا، «نومۇس قىلىپ»، راستىنى دېيەلمەي، لاتىن ئېلىپبەسىنى

ئاساس قىلغان ئېلىپبەمىز بار، دېگەنلىكنى ئاڭلىدىم. مىللىي قەدرىيىتىمىزنىڭ بىرى تىل بولسا، تىلنىڭ ئايرىلماس بىر ياندىقى يېزىقتۇر. دېمەك مىللىي يېزىقىمىزمۇ مىللىي قەدرىيەتلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. مىللەت — ئانىمىزدۇر. ئانىمىز سەت، كېلىشمىگەن، خۇي – پەيلىمۇ بەك ياخشى دېگۇدەك ئەمەس بولغان بولسا، قانداق قىلغان بولاردۇق؟ ئۇنى «ئانا» دېيىشتىن نومۇسىمىز كېلىپ، ئانا ئىكەنلىكىدىن تاناتتۇقمۇ؟ كوچىدىكى سەتەڭلەردىن بىرىنى «ئانا» دەۋالاتتۇقمۇ؟

يېزىقنىڭ بىر گۇناھى يوق. ئۇ تىل تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلەيدىغان بىر خىل بەلگە. يەنى كېلىشىۋېلىنغان بىر پارول. ئىلگىرى باسمىچىمىز يېزىقتىنمۇ؟ خىتايلارغا ئۇلارنىڭ شەكىل يېزىقى پۇتلاشمىدى، ئۇلار ئۇنى تاشلىۋېتىش، ئىسلاھ قىلىشنى ئويلاشمىدى؛ ھەتتا كوممۇنىست خىتايلار تەرىپىدىن ئاددىيلاشتۇرۇلغان خىتاي بەلگىلىرى تەيۋەن. خوڭكوڭ خىتايلىرى ۋە چەتئەللەردىكى خىتايلار تەرىپىدىن تەنقىد قىلىندى. يەنى، يېزىقنى ئۆزگەرتىش، ئېلىپبەلىك يېزىق قوللىنىشنى ئويلاپ بېقىش ئەمەس، ئەسلىدىكى چېگىش توقۇناقتەك ھالىتىنى بىر ئاز ئاددىيلاشتۇرۇشقىمۇ قارشى تۇرىۋاتقان يەردە، بىزنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقىمىزنىڭ گۇناھى نېمىدى؟ ياپونلارنىڭ يېزىقى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان مىللەتنىڭ بىرى بولىشىغا پۇتلاشتىمۇ؟ ھىندىلار، تايلاندلىقلارنىڭ يېزىقلىرىمۇ لاتىنچە ئەمەسقۇ؟ ھەتتا بىلەرمەنلىرىمىزنىڭ ھەممىدىن بەك چوقۇنىدىغىنى بولمىش يەھۇدىيلار ئاللىقاچان تارىخ سەھنىسىدىن ئۆچكەن ئىبرانى يېزىقى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىپ تېپىپ، قوللىنىۋاتىدىغۇ؟

ھەتتا بەزى ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز، ئۇيغۇر يېزىقىنى كومپيۇتېردا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىكەن! ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىچە، توردا ئۇيغۇرچە ئىشلەتكىلى بولمايدىكەن، ئىنتەرنەتتىكى ئۇيغۇرچە كۆرۈنگەن نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە كونۇپكىدىن ئۇرۇلغان يېزىق

www.uyghurkitap.com

بولماستىن رەسىم ھۆججىتى ئىكەن! مانا شۇنداق بولغاچقا، ۋەتەنىنى ئازاد قىلىش يولىدا پارلاق خىزمەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئايىنىتىپ تۇرىدىغان تەشكىلاتلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ ئىنتېرنەت سەھىپىلىرىدە مىللىي بەلگىمىزنىڭ بىرى بولغان مىللىي يېزىقىمىزنى قوللانمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ نەقەدەر چوڭ سىياسىي خاتالىق ئىكەنلىكىنى، قىلىۋاتقان دەۋاسىغا، تۇتقان يولىنىڭ رەپ كەلمەيۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بۇنىڭ ئەنە شۇنداق چەلەڭگۇشلۇك بولىشىنى ئويلاپ كۆرگىدەكمۇ ئەھۋالى يوقلىقىنى ئەلەم ئىچىدە كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز! مىللىيلىكنى، مىللىي مەۋجۇتلۇقنى دەۋا قىلىۋاتقان كىشى ۋە ئورگان ئالدى بىلەن ئۆزلىرى مىللىي خۇسۇسىيەتلەرنى تولۇق نامايەن قىلىشى ئەقەللىي ئۇقۇم ئەمەسمۇ؟

مەن نۇرغۇن كىشىلەرگە كومپيۇتېردا ئۇيغۇرچە يېزىش توغرىسىدا قىزغىنلىق بىلەن تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە، يىراقتىكىلەرگە پروگراما كوپىسىنى ئەۋەتىپ، يېقىنلىرىغا ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈش پروگراملىرىنى يۈكلەپ بېرىپ، قانداق يېزىش ھەققىدە زېرىكمەي چۈشەندۇرۇپ ئاۋارە بولغىنىم ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئۇيغۇرچە ئىشلىتىشكە قىزىقماي، لاتىنچە يېزىپ يۈرگىنىنى؛ مېنىڭ تەكرار تەشەببۇسۇمغا جاۋابەن «كۆنۈپ قاپتۇق» دېيىشكىنىنى بىر مىسال سۈپىتىدە كۆرسۈتۈپ ئۆتۈشۈم مۇمكىن. ھەتتا مەن شۇنداق جاكالاردىمۇ بولغان ئىدىم: ئەگەر بىرسى ئۇيغۇرچە ئىشلىتىمەن دېسە، پۇلى مەندىن قىلىپ، ئۇيغۇرچە پروگرام ئەپچىقتۇرۇپ بېرىمەن! دەسلەپكى زامانلاردا مەن ئۇيغۇرچە يېزىش ئېھتىياجىم ئۈچۈن كېرەكلىك پروگرامنى ئەپچىقتۇرالماي، يىللارچە ھەپىلەشكەنلىكىم ئۈچۈن باشقا ئۇيغۇرچە يېزىشنى ئىستىگۈچىلەرنىڭمۇ ئاشۇنداق جاپا تارتىپ قالماسلىقىنى، تەسلىكىدىن زېرىكىپ، نەقراق دەپلا لاتىنچىگە «كۆنۈپ قالماسلىقى» ئۈچۈن شۇنداق باياناتىنى ئېلان قىلغان ئىدىم. خەيرىيەت، ھازىر ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈش پروگراممىسى توردا بىكارغا تارقىتىلىۋاتىدۇ. ئەمما شۇندىمۇ، «كۆنۈپ

www.uyghurkitap.com

قالغانلار»نىڭ بۇنى ئويلىغۇسىمۇ كەلمەيدۇ! ئاتالمىش مىللەتچىلەر! مىللىي داۋانىڭ هارماس جەڭچىلىرى!

ئەگەر مۇشۇنداق بىر «كۆنۈپ قالغانچىلىق»نى ئۆزگەرتىشكە خۇش ياقماي بىر مىللىي بەلگىنى تاشلاۋېرىدىغان بولساق، بەك تېزلا خىتايلارنى مۇرادىغا يەتكۈزىمىز. ئۇ هالدا يەنە خىتايلارنى تىلىمىزنى چەكلەۋاتىدۇيەي، مىللىي مەكتەپلەردە خىتايچە ئوقۇشنى مەجبۇرىي يولغا قويىدىيەي،... دېگەن قاخشاشلىرىمىزنى چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ كۆرمىدۇقمۇ؟! سەن ئۆزۈڭمۇ خالاپ تاشلىۋېتىۋاتقان مىللىي سۈپەتلىرىڭنى، خىتاي زورلاپ تاشلاتقۇزىۋەتسە نېمە بوپتۇ؟ بۇنىڭ نەتىجە ئېتىبارى بىلەن بىر پەرقى بارمۇ؟ تازا سېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭنىڭ ئۆزى بولمامدۇ؟!

ئەمدى دىنىي ئېتىقاد هەققىدە بىر ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي. دىنىي ئېتىقاد بەك مۇقەددەس، شۇنداق دەۋرلەر بولىدۇكى، ئۇ مىللىي هېسلاردىن كۆپ دەرىجىدە هالقىپ كېتىدۇ، بىرلىكنىڭ ئورگانىك بىرىكتۈرگۈچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئىككى قېتىملىق جۇمهۇرىيىتىمىزنى ئەسلەپ ئۆتىدىغان بولساق، خەلقنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق هەركىتى ئۈچۈن ئومۇمىي سەپەرۋەرلىكىكە كەلتۈرىلىشى مىللەتچىلىك تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاشقا تايانغان ئەمەس، ئەكسىچە دىنىي تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاشقا تايانغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ خىل سېھرىي كۈچ يەنىلا مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. 1997— 1998- يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان مىللىي هەرىكەتلەر (گەرچە بېشىغا قائىلى مەجهۇل شەخسلەر چىقىۋالغان بولسىمۇ)، بىر مىللىي ئويغۇنۇش هەركىتى بولسىمۇ، مىللىي تۇيغۇلارغا ئەمەس، دىنىي ئېتىقادنىڭ سېھرىي كۈچىگە تايىنىپ، بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتۈدىغان بولساقلا، دىنىنىڭ مەڭگۈلۈك هاياتىي كۈچكە ئىگە ئىلاهىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. بىز مەيلى قاچان مىللىي ئويغۇنۇش هەركىتى، مىللىي مۇستەقىللىق هەركىتى ئېلىپ بارماقچى بولىدىكەنمىز، خەلقنى

ئومۇيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلماقچى بولىدىكەنمىز دىنىي ئېتىقادقا ئېھتىياجىمىز بار. ئەگەر ئۆزىمىز تاھارەتنى قانداق ئالىدىغاننى بىلمەي تۇرۇپ، خەلقنى دىن بىلەن قوزغىماقچى بولساق خەلق بىزگە ئەگەشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رۇس كوممۇنىستلىرى ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز ھارپىسىدىكى سەپەرۋەرلىكنى ئەخمەدجان قاسىمى باشچىلىقىدا ئەمەس، ئېلىخان تۆرە رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بارغان ئىدى!

بۈگۈنكى كۈندە خىتايلارنىڭ جان - جەھلى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىمۇ دەل دىنىي ئېتىقادىمىز. چۈنكى دىنىي ئېتىقاد — بارلىق ئىنسانلار نۇقتىسىدىن مۇقەددەس بولغىنىدەك، بىز ئۈچۈن تېخىمۇ ئارتۇق مۇقەددەسلىك ئىپادە ئېتىدۇ: ئۇ ھەم مۇستەملىكىچى دۈشمەن بىلەن ئارىمىزدىكى ئېتىقاد پەرقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ئامىل بولسا، ھەم مىللىي پەرقنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا مىللىي روھىمىزنىڭ تازىلىقىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇستەھكەم قورغان بولۇش سۈپىتىدە، خالىغان ۋاقىتتا، مىللىي تۇيغۇلىرىمىز تاشقىن بولۇپ پارتلاپ چىقىدىغان زامانلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلاھىيلىق سېھرى كۈچى بىلەن خەلقنى بىرلەشتۈرۈش، شەخسىيەتتىن خالى، خالىسلىق بىلەن سىياسىي غايە يولىدا كۆرەش قىلىش نىشانى ئۈچۈن غايەت زور چاقىرىق كۈچىگە ئىگە. بىزنىڭ مەڭگۈ «جوڭخۇا مىللىتى» ئەمەسلىكىمىزنىڭ بەلگىسى بولغان ئېتىقادىمىز، بىزنى «جوڭخۇا مىللىتى»گە ئايلىنىپ كېتىش خەۋپىدىن قوغداپ تۇرىدىغان ئەڭ ئىشەنچىلىك قورغان. دەل مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىتايلار ئېتىقادىمىزغا ئۆلگىدەك ئۆچمەنلىك قىلماقتا، ئۇنى مۇمكىن قەدەر يوقۇتۇۋېتىشكە، ئەڭ بولمىغاندىمۇ خۇددى «كۆندۈرۈلگەن يولۋاس» تىپىدىكى خىتايپەرەستلەر مەكتىۋىگە ئايلاندۇرىۋېتىشكە ئۇرۇنماقتا!

ماۋزېدوڭنىڭ بىر سۆزى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: «دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىنى بىز ھىمايە قىلىشىمىز لازىم، دۈشمەن ھىمايە

www.uyghurkitap.com

قىلغانلىقى نەرسىگە بىز قارشى تۇرىشىمىز لازىم.» خىتايلار دىنىمىزغا ئۆلگۈدەك ئۆچمەنلىك قىلىۋاتىدۇ، بىز ئۇنى جان تىكىپ قوغدىشىمىز ئەقەللىي ئۇقۇم ئەمەسمۇ؟ ئۇ بىزگە پايدىلىق بولمىسا ئىدى، خىتايلار ئۇ دەرىجىدە ئۆچمەنلىك قىلمىغان، ئەكسىچە «بىزگە كۆيۈنۈپ» كەڭرى قويۇپ بەرگەن بولاتتى!

چەتئەلدە يېتىشكەن بىلەرمەنلەرنى بۇلارنى بىلمەي غەپلەتتە قالدىمىكىن دېسىڭىز سىزگە دەرس بەرگۈچىلىكى بار؛ ئەمما ئۇزلىرى بۇ كېرەكلىك شەيئىنى ئۆزىگە تەدبىقلاشنى ئويلاپ كۆرمەيدۇ. بىز «مەدەنىيلىشىپ كېتىش»ىمىز تۈپەيلى، «قالاقلىق» قالپىقى كەيدۇرۇپ قويۇلغان ئېتىقادىمىزدىن ۋاز كەچسەك ياكى تۆمۈر داۋامەتچە[1] «مۇسۇلمان» بولۇپ قالساق، يەنى، نېمە سەن؟ دېسە مۇسۇلمان دەيدىغاندىن باشقا ھېچقانداق پەرز ئەمەللەرگە ئەمەل قىلمىساق، پىسخىك جەھەتتە ئاتا – ئانىنى ئۆرنەك ئالىدىغان بالىلار دىندىن تېخىمۇ يىراقلىشىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ يەنە بىر مىللىي بەلگىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. ئۇ چاغدا بىز كىم بولىمىز؟ ئېنگىلىزچە، نېمىسچە، ئەرەپچە... سۆزلەيدىغان ئۇيغۇر!؟ ھېچقانداق مىللىي سۈپىتى بولمىغان، مىللىي تۇيغۇسى ئۆچكەن، ۋەتەن سۆيگۈسىدىن خەۋەرسىز كېيىنكى ئەۋلادىنىڭ، مىللىي غايىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ھەتتا فاشىست كوممۇنىست بولۇش ئۈچۈنمۇ مەلۇم شەرتلەر كېرەك، بۇنى ماۋزېدوڭ «كوممۇنىستلارنىڭ بەش شەرتى» دەپ تەپسىلىي شەرھىيلىگەن. دېمەك، ئۆزىنى مەن كوممۇنىست دېۋېلىش بىلەنلا كوممۇنىست بولمايدۇ، دېگەن گەپ. خۇددى شۇنداق، مۇسۇلمان بىر

---

[1] بىر زاماندا بىر مۇسۇلمان دۆلەتتىن كەلگەن مېھماننى كۈتىۋالغان تۆمۈر داۋامەت، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىلى بولمىغاچقىلا مەسجىدكە نامازغا بىللە كىرىدۇ، ھەممە ئادەم سەجدىگە باش قويغان چاغدا ئۇ بىرئاز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا قاراپ «باشقىلار تېخىچە سەجدىدىمۇ ياكى بېشىنى كۆتەردىمۇ؟» بىلىپ باقماقچى بولغاندەك قارىغان ئىدى. بۇ تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدە كۆرۈلگەن ئىدى.

مىللەتنىڭ ئەزاسى بولغانغىلا مەن مۇسۇلمان دېۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق شەرتلىرى بار، شۇلارغا ئەمەل قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلىق نامايان بولىدۇ.

مانا بۇلاردىن كېيىن، تېمىمىز تەبىئىي ھالدا «ئۇنداق بولسا نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟» دېگەن نۇقتىغا كېلىدۇ.

«نېمە قىلىش كېرەك؟» — بۇ سوئال نۇرغۇن مىللەتنىڭ ئاۋانگارتلىرى تەرىپىدىن مىللىي ئويغىنىشنىڭ ھارپىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇ ئىسىمدا نۇرغۇن ماقالىلار، كىتاپلار يېزىلغان،... بىزمۇ بۈگۈن ئۆزىمىزگە «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ ئولتۇرۇپتىمىز.

تەبىئىيكى، مىللىي ئاڭنى ئۇرغۇتۇش ۋە مىللىي ئاڭنى ئويغۇتۇش كېرەك! دېگەن جاۋاپ بېرىلىدۇ. بۇنى دېمەكقۇ ئاسان، ئەمما قانداق قىلىپ؟ يوقۇلۇشقا قارشى تىرەجەش — مىللىي ئاڭنى ئويغۇتۇش بىلەن بولسا، مىللىي ئاڭنى ئويغۇتۇش مىللىي قەدىرىيەتلىرىمىزنى قەدىرلەشنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئەگەر كىمدە كىم بىرەر ئەمەلنى كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىدىكەن، ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قىلىۋاتقان تەشەببۇسىنى كۈچەيتىشى شەرت! ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، تەشۋىقاتنىڭ تەسىر كۈچى بولمايدۇ. بۇنداق ئىش ھەركىتى بىلەن سۆزى رەپ كەلمەيدىغانلارنى ھەتتا يالغانچىلىقتا كازراپلىق دەرىجىسىگە يەتكەن كوممۇنىستلارمۇ تەنقىد قىلىپ، بۇنى بىر خىل لىبرالىزىملىق ئىپادە دەپ سۈپەتلىگەن ئىدى: «باشقىلارغا ماركسىزمنى، ئۆزىگە لىبرالىزىمنى ئۆلچەم قىلىدۇ».

ئۆزى تاماكا چېكىدىغان بىر دادا ئوغلىغا «تاماكا چەكسەڭ بولمايدۇ، تاماكا زىيانلىق!...» دېسە كۈلكىلىك بولۇپلا قالماي، بالىدا دادىسىغا قارىتا تۆۋەن باھا تۇغدۇرىشى مۇمكىن؛ «مەدەنىيلىكى» تۈپەيلىدىن بەدىنىنىڭ بارلىق ئويمان - چوڭقۇرلىرىنى بىلىندۇرۇپ كېيىنىدىغان بىر ئانا، قىزىغا: «كېچە كلۇبلىرىغا بارما، ئۇ يەردە بۇزۇق ئادەملەر كۆپ...» دېسە بۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

قانچىلىك تەسىر كۆچى بولۇشى مۇمكىن؟

تەشۋىقات ھەققىدە گەپ بولغان ئىكەن، ئەقلىمىزگە ھامان ئۇنىڭ ئوبيېكتى بولغان كەڭ خەلق ئاممىسى كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. تەشۋىقاتنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى ۋەتىنىمىزدە ياشاۋاتقان خەلقىمىز. ئۇ يەردە تەشۋىقات ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى بىلەشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر قىلچىلىك بوشلۇق بولىسىغۇ ۋەتەندىكىلەرنىڭ چەتئەلدىكى يېتىشكەنلەرگە ئېھتىياجىمۇ چۈشمەيتى؛ ئۇ يەردە يۇرتىمىزدە ئوت يېنىپ تۇرغان ھەم بىلىم ساپاسىمۇ يۇقىرى كىشىلىرىمىز بار ئىدى. ئەمما، خاپىلىقىمۇ دەل ئۇ يەردە بۇنداق كەڭ تۇردە ئاممىۋي تەشۋىقات ھەركىتى قانات يايدۇرغىلى بولماسلىقى. مانا شۇ سەۋەپتىنلا چەتئەلدىكى بىز بەچچىغەرلەرگە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئېلىش چۈشمەكتە! ئېچىنىشلىقى، چەتئەللەردىن ۋەتەنگە يۈرگۈزۈلىدىغان تەشۋىقاتنىڭ يولى توساق بولىشىدۇر: تور چەكلىمىگە ئۇچرىغاندىن باشقا، ۋەتىنىمىزدە كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ئارقىدىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇندىن باشقا توردا چەكلەنگەن رايونلارغا كىرىشنىڭ خەتىرى چوڭ بولغاچقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم چەكلىمىلىكى بار. مانا بۇ بىر قاتار توسالغۇلار تور ئارقىلىق تەشۋىقات قىلىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئاساسەن يوققا چىقارماقتا!

ئاخىرقى ئېسىلىدىغان «شال پاخىلى» سۈپىتىدە، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش سائىتى ھەممە ئېغىرچىلىقنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بىردىن بىر مۇئەسسەسە بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما ئىلگىرىدىن دەپ كېلىۋاتقىنىمىزدەك، رادىيو خىتايلار تەرىپىدىن كونترول قىلىۋېلىنغاچقا، خەلققە جىددىي كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئاڭلىتىشتىن ئۆلگىدەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلمەكتە! مىللىي قەدرىيەتلىرىمىزنى — تىلىمىزنى، دىنىمىزنى قوغداش تېمىلىرىدا مۇلاھىزە، ئوبزورلار ئۇيۇشتۇرۇش ئورنىغا، خىتاي مەتبۇئاتلىرىدىنمۇ ئېرىشكىلى بولىدىغان ئوتتۇرا شەرق خەۋەرلىرى،... خىتاي خەۋەرلىرى؛ ھەتتا «ھىندىستانغا قارىمۇچ ئاپارغاندەق»

ۋاڭ لېچۈەننىڭ خەلقىمىزگە نېمە قىلىۋاتقىنى (گويا خەلق بۇنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك)... ھەتتا مېكسىكا فىلىملىرىدەك كۆپ قىسىملىق (مارافونچە) ماقالىلاردا جياڭ زېمىننىڭ قانچە ئاشنىسى بارلىقى،... غا ئوخشاش تېمىلارغا كەڭ تۇردە ئورۇن بېرىلمەكتە!

ۋاڭ لېچۈەننىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى دېمىسىمۇ، شۇ خەلققە قىلىۋاتقاچقا خەلق بىلىدۇ، گەپ خەلق ئۇنى بىر ھەقىقەت سۈپىتىدە، ياخشىلىق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى مەسىلىسىدۇر. يەنى، خالادا ئۇزاق ئولتۇرغان كىشىگە سېسىق پۇرىمىغاندەك، ھەمىشە زۇلۇم ئىچىدىلا ياشىغان، ئاجايىپ - غارايىپ بىمەنىلىكلەر ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلدۇرۇلۇپ كۆندۈرۈلگەن خەلقنىڭ، ئۆزىگە زىيانلىق نەرسىلەرنى نورمال بىلىپ قوبۇل قىلىۋېلىشى مەسىلىسىدۇر. مانا بۇ نۇقتا، ئېنىقلىمىغا، ئىزاھاتقا مۇھتاج. رادىيونىڭ ۋەزىپىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ نۆۋەتتە خەلققە قانداق يېڭى ئالۋاڭ سالغىنى، يېڭى سىياسەت چىقارغىنىنى ئاڭلىتىشلا بولماسلىقى كېرەك. تېخىمۇ كۆپرەك، بۇ سىياسىي ئويۇنلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بالايى - قازا ۋە قارا نىيەت، شۇملۇقلار ھەققىدە ئوبزور، مۇلاھىزە ئۇيۇشتۇرۇش؛ بۇنى ئالۋاڭ تەرىقىسىدە بىرەر قېتىم، بىرەر پارچە يېلىمان «ئوبزور» بىلەن بولىدى قىلىش ئەمەس، ھەر ساھە پىكىر ئىگىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش، خۇددى كوممۇنىستلارنىڭ «تېگىگە يەتمەي قويماسلىق، يىلتىزىنى قېزىش» مېتودى بويىچە يىلتىزىغىچە قېزىش، خەلققە بالا – قازانىڭ دەرىجىسىنى تونۇتۇش كېرەك ئىدى. يەنى ئۇلارغا ۋاقىت خاراكتېرلىق خەۋەرنىلا ئەمەس، بىلىم خاراكتېرلىك تېمىلارنى سۇنۇش كېرەك ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھېلىغىچە ئەھمىيەت بېرىلمەي تاشلاپ قويۇلۇشى — بۇ ئاتالمىش مىللىي داۋاچىلىرىمىزنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتۇر. خەلق جياڭ زېمىننىڭ قانچە ئاشنىسى بارلىقىنى بىلىۋالمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىگە يۈزلىنىۋاتقان خەتەرنىڭ دەرىجىسىنى تونۇپ يەتمىسە پەقەت بولمايدۇ!

www.uyghurkitap.com

قىسقىسى، مىللەتنى سۆيدىغانلىقىنى، مىللىي ئازادلىقنى ئىستەيدىغانلىقىنى، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى داۋا قىلىدىغان بارلىق ۋەتەنداشلارغا مۇراجەت شۇكى، مىللىي سۇپىتىمىز يوقالسا مىللىي داۋانىڭ ئاساسى تۈگەيدۇ، شۇڭا مىللىيلىكىمىزنى، مىللىي سۈپەتلىرىمىزنى تەشكىل قىلغان مىللىي قەدرىيەتلىرىمىزنى ساقلاشقا، مىللىي بەلگىلىرىمىزنى قەدىرلەشكە تىرىشايلى، خەلقىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تەشۋىق قىلايلى! رادىيودىكى ۋىجدانىدا جاراھەت يوق، پاك يۈرەك دوستلارنىڭمۇ خەلققە نېمە ئەڭ كېرەكلىك؟ نېمە بېرىشىمىز كېرەك؟ دېگەن سوئاللار ئاساسىدا ئەستايىدىللىراق ئىزدىنىپ، قىسقا ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز. قىسقىسى، بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر، مىللىي تەقدىرىمىزگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزلىرى مىللىي قەدرىيەتلىرىمىزنى قەدىرلەشكە، ئۆزىگە تەدبىقلاشقا، ئائىلىسىگە تەدبىقلاشقا، بۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادقا ئۈلگە بولۇشقا، يوقۇلۇشقا قارشى قەيسەرلىك بىلەن تىرەجەشكە چاقىرىمىز.

مەسىلىنىڭ جىددىيىتىنى شۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ مەسىلە توغرىسىدا ھەتتا بارلىق مىللىي مۇناپىقلىرىمىزنىمۇ بۇ جەھەتتە كۈچ چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساس بار: ئەي، مىللەتنى سېتىپ يەۋاتقان مۇناپىقلار! مىللىي سۈپەت يوقالسا، ئۇيغۇر تۈگىسە، خىتايلارنىڭ سىلەرگە ئېھتىياجى قالمايدۇ، يوشۇرۇن مائاشىڭلاردىن ئايرىلىپ قالىسىلەر؛ خىزمەت ۋە مائاشىڭلارغا كېيىنكى ئەۋلادىڭلارنى ۋارىس بولسۇن دېسەڭلار، مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنى قوغداش سىلەرنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىڭلاردۇر، داۋاملىق ساتىدىغان «مىلىڭلار» تۈگىسە كېيىن نېمىنى ساتىسىلەر!؟

# يارىشىملىق بىر تەستەك

سەرگەردان ھۆكۈمەت يىغىنىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاخبارات ساھەسىنى كۈتۈۋېلىش ۋاقتىدا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇخبىرىنىڭ خىزىرىبەك غەيرەتۇللاھتىن سورىغان سوئالى، رادىئونىڭ ئىزچىل مەيدانىنى ئىپادىلىدى: دۈشمەنلىك، قىتىغۇرلۇق، تەرەپبازلىق ئىللەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان بۇ سوئال، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئاغزىدىن چىقىش تۈپەيلى تېخىمۇ رەسۋا بىر كەيپىيات ياراتتى.

بىر ئۇيغۇرنىڭ تەبىئىتى چىدىغان ھالدا مۇشۇنداق بىر سوئالنى سورىيالىشى، كىشىلەرنىڭ چەمىيۇزلۇكتە قايسى دەرىجىگە بېرىپ يېتىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسەتتى.

«ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولۇپ قالسا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىسىلەر؟ ئايرىم فىدراتسىيە قىلامسىلەر؟...» (بۆلۈپ ئايرىم دۆلەت قىلامسىلەر؟ دېمەكچى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى). خۇددى خىزىربەك دېگەندەك بۇ خۇددى خىتاي سورايدىغان سوئال، خىتاي ئالدىن پىلانلاپ، پۈتۈشەلمەسلىكنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ قالسۇن دېگەن مەخسەتتە بۆلۈپ قويغان مەمۇرىي بىرلىك ۋە سوئال سورىغۇچىنىڭ كۆزدە تۇتقىنىمۇ دەل خىتاينىڭ كۆڭلىگە پۈككەن بولغۇسى نەتىجە ئىدى!

دەسلەپتە بۇ ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا مۇخبىر ئەۋەتكەن بولسىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىشكە تەتۈرلۈك قىلغان بۇ رادىئو بۇ قېتىم دۈشمەنلىك ئۇرۇقى تېرىش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق رەزىل بىر سوئالنى سورىغان ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، دۈشمەنلىك تېرىش غەرىزىدە ئاۋارە بولىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ

قولى ئارقىلىق تارقاتقان پىتنىلەردىن بىرى بۇ ھۆكۈمەتتە قازاقلارنىڭ نىسبىتىنىڭ كۆپلىكى مەسىلىسى بولۇپ، بۇمۇ ئىچكى زىددىيەت تېرىش نىيىتى شۇملۇقتۇر. خىتاينىڭ نىسبىتى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك گەپ قىلىشقا يارىماي يۈرگەن بۇ ئادەملەرنىڭ قازاقلارنىڭ نىسبىتىدىن بىئارام بولىشى كۈلكىلىك! ئىككىنچى پىتنە ھۆكۈمەت تىلى ھەققىدە ئىدى. بۇمۇ قازاق تىلىغا تاقىلىۋاتقان پىتنە بولۇپ، نۆۋەتتە ۋەتىنىمىزدە ئۇيغۇر تىلى چەكلىنىۋاتىدۇ، يوقۇلىدىغانلىقى، ئىستىمالدىن قالىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن بىشارىتى بېرىلدى! بۇ ھەقتە ئاشۇنچىلىك پىكىر يۈرگۈزۈلدىمۇ؟

ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولۇپ قالسا قازاقلار بىزنى سوراپ، قازاق تىلى ئىشلىتىلىپ كېتەرمۇ؟ دېگەن ئەندىشىمىدۇر بۇ؟ نېمە بوپتۇ؟ پۈتۈنلەي قازاقلار سورىسىمۇ بولىۋېرىدۇ، بىرىنچى موھىم ئىش خىتايدىن قۇتۇلۇش ئەمەسمۇ؟ بۇ قەدەر بۈيۈك نىشان تۇرغان يەردە خوتۇنلارچە كۆزى كىچىكلىك بىلەن ئېسىلىۋاتقان بۇ مەسىلىلەر ھەقىقەتەنمۇ «ئۇيغۇر مىللىي ھېسسىياتى»دىن تۇغۇلغانمىدۇ؟ مېنىڭچە ناتايىن! بۇ خىتاي ئۈچۈن پۇرسەت قازاندۇرىدىغان دۈشمەنلىك بولۇپ، بۇنى پەقەت دۈشمەنلەرلا قىلىدۇ!

رادىئونىڭ «غەيۋەتچى خوتۇن» رولى ئويناۋاتقىنى ئالاھىدە دىققەتنى چېكىدۇ: باش مىنىستىر ئەنۋەر يۈسۈپ: «سەرگەردان ھۆكۈمەتنى قۇرۇشىمىزغا يول قويغىنى ئۈچۈن ئامېرىكىغا رەخمەت» دېگەن بولسىمۇ، رادىئو بۇنى بۇرمىلاپ، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن: «قوللىغانلىقىڭلار راستمۇ؟» دېگەن شەكىلدە سوراپ، كاللا سوقۇشتۇرۇشقا تىرىشقان!

رادىئونىڭ بۇ خىل دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى، ئۇنىڭ داۋراڭلىرىنىڭ ئەكسىچە تەرەپباز ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، ئىلگىرىكى ماقالىلىرىمىزدا دەلىللەشكە تىرىشقىنىمىزدەك، خىتاي كونتروللۇقىدا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلىدى!

# ھۆكۈمەت تەركىۋى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

ھۆكۈمەت دەپ ئاتالغان ئىكەن، ھەر ئىشى ھۆكۈمەتكە لايىق بولۇشى كېرەك، بۇ بىر ئەقەللىي ئۆلچەم. كۈلكىگە قالماسلىق، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىنى قازىنىش ئۈچۈن بۇ بەك موھىم.

ئەڭ ئەۋەل ھۆكۈمەت ئەزالىرى بۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى كېرەك. ئاندىن ئۇنىڭ ھۆكۈمەتلىكىگە يارىشا بولۇش پىسخىكىسى يېتىلىشى مۇمكىن. ئۆزى ئىشەنمىگەن نەرسىگە باشقىلارنى ئىشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھامان بىر كۈنى مۇستەقىل بولىدىغانلىقىغا ئۆزلىرى ئىشەنمەيدىغان بىرمۇنچە چۈپرەندىلەرنىڭ تەشكىلات قۇرۇپ، ئۇنى قوساق باقىدىغان، نام قازىنىدىغان شىركەتكە ئايلاندۇرىۋالغىنى ۋە ئۆزى ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئادەمنىڭ كۈلگىسى كەلگۈدەك بىلجىرلاشلارنى پىرىنسىپ، پروگرام، نىشان ۋە پىلان سۈپىتىدە كۆتۈرۈپ يۈرگىنىدەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

ئۆزلىرى تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزغاندىن كېيىن بولسا، ھۆكۈمەت تەركىۋىگە ھۆكۈمەتكە لايىق ئادەملەرنى كىرگۈزۈش ئىككىنچى موھىم ئىش بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى ئاساسىي ئۆلچىمى بار: بىرى سىياسىي ئۆلچەم، يەنە بىرى ئەقلىي ساپا. سىياسىي ئۆلچەمنىڭ بىرىنچى ئورۇندا بولىشى ھەققىدە ھېچكىمدە قارشى پىكىر بولمىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا دىققەت قىلىش ھامان ئاسان ئىشقا ئاشمايدۇ. بۈگۈنگىچە تەشكىلاتلاردا نۇرغۇن پېئىلى مەجھۇل شەخسلەرنىڭ «تۆردە» بولىشى تەشكىلاتلارنى خەلقنىڭ سۆيگۈسىدىن

مەھرۇم قىلماقتا. قارىسىڭىز بىرىنىڭ ئاكىسى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ غالچىسىدەك، ھەمىشە خىتايلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدۇ- يۇ، ئىنىسى «ئازاد قىلغۇچى» قوشۇندا «لەشكەر بېشى»؛ بىرى خىتاي بىلەن سودا قىلىپ، «قوغۇنلۇقنىڭ يولى»دەك قاتناپ تۇرىدۇ- يۇ، بىر قېرىندىشى «داھىلىرىمىز»دىن بىرى؛... بىرى تېخى تۈنۈگۈنگىچە «خىتاينىڭ ئۆلۈگى مىڭ ياخشىكەن» دەپ خىتاينى ماختاپ ئاغزى قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر يۈمۈلاپلا «ئىنقىلاپچى»غا ئايلىنىپ، رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ!...

بۇنداق داشقايناقلىق «ھۆكۈمەت» ئىچى بىلەن سىغىشالمايدۇ؛ ھۆكۈمەتنى ئىچىباردىن چۇشۇرۇش رولى ئوينايدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئىلگىرىكى تەشكىلاتلاردا ساقلانغان بۇ خىل كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالماسلىقى، ئاز تولا يۇققان بولسا دەرھال ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنى جىددىي تۇتىشى لازىم.

بۇنداق «پوقى ـ بۇلمىقى ئارىلىشىپ كېتىش»نىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسى بار، ئەلۋەتتە. ئەگەر بۇنىڭدىكى سەۋەپلەر توغرا تونۇلمىسا، توغرا پوزىتسىيە، بولۇپمۇ تەۋرەنمەس ئىنقىلاۋىي پىرىنسىپ بولمىسا، بۇنداق «تازا» بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

«ئىجتىمائىي ئەخلەت»لەرنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا تەشكىلاتلاردىن ئورۇن ئېلىشىدا بىر قانچە تۈرلۈك سەۋەپ بولۇپ، بۇلار خاراكتېرى جەھەتتىن ئىچكىي سەۋەپ ۋە تاشقى سەۋەپ دېگەن ئىككى تۈردە بولىدۇ.

ئىچكىي سەۋەپ دېگىنىمىز تەبىئىيكى، تەشكىلاتنىڭ ئىچىدە ئاشۇنداق يوچۇق، كەمتۈكلۈك، بىخەستەلىك بار دېمەكتۇر. ئەمما كۆپ ھاللاردا بۇ تار مەزھەپچىلىكتىن، پەسكەشلەرچە مەھەللىۋازلىقتىن كېلىپ چىقىۋاتقان نەتىجىدۇر. تەشكىلاتلاردىكى پىرىنسىپ: تەۋرەنمەس ئىنقىلاۋىي روھى بولۇش، ئەمەس «ماڭا سادىق بولۇش» ياكى تېخىمۇ يامىنى ماڭا قۇللۇق قىلامدۇ يوق، دېگەندىن ئىبارەت بولغاچقا، بۇ يوچۇق — ئەمەلىيەتتە ئاڭلىق تۈردىكى قىتىغۇرلۇق، بولار - بولماس ئادەملەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۈچۈن

ياخشى ئىمكان بولىۋاتىدۇ. تەرەپدارلىق قارىشىنىڭ كۈچلۈكلىكى تۈپەيلىدىن يۈز ئادەم «بۇ ياخشى ئادەم ئەمەس» دېسىمۇ، مەن بىلەن ئارىسى ياخشى بولغاندىكىن، ماڭا ياخشى كۆرۈنىۋېرىدىغان، ھەتتا مېنىڭ يۇرتلۇقۇم بولغاچقىلا ئۇنىڭ مۇناپىق بولۇش ئېھتىمالىنى ئويلىغۇم كەلمەيدىغان ئەھۋال ئومۇمىيدۇر! يەنە بىر سەۋەپ بولسا، سان كۆپەيتىش ئېھتىياجىدىن تۇغۇلىۋاتىدۇ. سان كۆپەيتىشكە بولغان ھېرىسمەنلىكمۇ شەخسىيەت ئامىللىرىدىن ـ رىياكارانە ئۆزىنى كۆرسىتىش، مەنمەنلىك، ماختىنىشقا بولغان ئالدىراشتىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ.

تەركىپىنىڭ ساپ بولىشى، ئەمما ئادەمنىڭ ئاز بولىشى قورقۇنۇچلۇق ئەمەس، قورقۇنۇچلۇقى «غولغا قۇرۇت چۈشمەك»! بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ، گويا كىچىك بالىمۇ بىلىدىغان ئاددىي ئۇقۇم. ئەمما، شەخسىيەتچىلىكتىن تامامەن خالىي بولمىغىچە بۇنىڭغا دىققەت قىلغىلى، ئۆزىگە تەدبىقلىغىلى بولمايدۇ.

تاشقى سەۋەپ، سوقۇنۇپ كىرگۈچىنىڭ كىرىشكە بولغان قىزغىنلىقى، بىزنى قىزىقتۇرىدىغان پۇلى، جامائەت ئىچىدىكى نوپۇزى قاتارلىقلاردۇر. بۇنىڭ ئالدىنى ئالالماسلىقىمىزدىكى سەۋەپمۇ، شەخسىيەتچىلىككە چىرمىلىپ قالغان كىشىلىك پەزىلىتىمىزدىن بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پۇلى قىزىقتۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنى نېرى تۇر دېيىشكە تىلىمىز بارمايدۇ؛ گەرچە ئۇ پۇل بېرىپ توشقۇزىۋەتمىسىمۇ، مەنپەئەت تاماگەرلىكى، بىزنى ئۇنىڭغا يېقىن قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى تەشكىلاتقا كىرىش قىزغىنلىقىمۇ رەت قىلغۇسىز بىر ئامىل. چۈنكى، بالدۇرراق ئادەم توپلاپ نام چىقىرىشقا بولغان ھېرىسمەنلىك، ئادەمنى ئاۋۇتۇشقىلا بېرىلىشكە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ سۈپىتى ھەققىدە ئويلاپ كۆرۈشتىن غەپلەتتە قالدۇرىدۇ. بۇ «ئەقىلنىڭ ئۈستىگە شەيتان مىنىش» دېيىلىدۇ. قىزغىنلىق ئارقىسىدا ئىككى خىل ئەھۋال بولىشى چوقۇم: بىرى، غەرەزلىك سوقۇنۇش بولۇپ، ۋەزىپە ئېتىبارى بىلەن كىرمىسە بولمايدىغان بولغاچقا قىزغىنلىق بىلدۈرۈشكە توغرا كەلگەن؛ يەنە بىرى،

ھەقىقەتەنمۇ يۇرىكىدە ۋەتەن مىللەت ئىشقى يېنىپ تۇرغان ساپ دىل، ئەمما ئۆزى ئاق قەغەزدەك ساپ بولۇش بىلەن بىرگە، ھېچ خەت يېزىلمىغان ئاق! كېيىنكىسىنىڭ تەشكىلاتقا پايدىسى تەگمىسىمۇ ھەرھالدا زىيىنى تەگمەيدۇ؛ ئەمما ئاۋالقىسى تەبىئىيكى دۈشمەندۇر.

ھۆكۈمەت، بۇ نۇقتىلارغا دىققەت قىلماقچى بولغاندا دۇچ كېلىدىغان ئادەم يېتىشمەسلىكتىن باش قاتۇرماسلىقى كېرەك. بەزى زۆرۈر بولمىغان ئىشلار ۋاقتىنچە قالسا ھېچقىسى يوق، مۇشۇ كۈندە، مۇشۇ شەرت- شارائىتلار ئاستىدا نېمە قىلغىلى بولسا ۋە ئەڭ زۆرۈرى نېمە بولسا شۇلارنىڭلا غېمىنى قىلىش كېرەك. خۇددى بىر دۆلەتتە بولۇشى كېرەك بولغان ھەممە مىنىستىرلىكنىڭ بولۇشى مەجبۇرىيەت ئەمەس. مۇھىمى، سانىنى ئاۋۇتىمەن دەپ ئەخلەت- چاۋارنىمۇ ئەكىرىۋېلىپ، كۆلكىگە قالماسلىق؛ ئىچ دۈشمەن يارىتىپ،باقماسلىقتۇر.

نەشىر ئەپكارى بولۇش، «ئۇچرىغان ئۆيىنىڭ تېمى»غا ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى چاپلىۋېلىش، خەقنىڭ بەتلىرىگە باياتلىرىنى قىستۇرىۋېلىش، ھۆكۈمەتكە لايىق ئىش ئەمەس، بالىلارچە قىلىقتۇر. ئەمما بۇ بالىلارچە بولۇش بىلەن قىلىقسىز بالىلارنىڭ قىلمىشىغىلا ئوخشايدۇ. ئۆزىگە خاس نەشىر ئەپكارى بولمىسا، ھۆۋمەتنىڭ نۇقتىئىينەزىرى، سىياسەتلىرى خەلق بىلەن قانداق يۈز كۆرىشىدۇ؟ سىياسىي پائالىيەت ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا تەشۋىقات دېمەكتۇر، تەشۋىقات بولسا نەشرىيات، مەتبۇئاتلارنى شەرت قىلىدۇ.

# ھەيران قالارلىق ئېسەنكىرەش

ئامېرىكىدا شەرقىي تۈركىستان سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ھەيران قالارلىق كۈچلۈك نارازىلىق ئوقلىرىغا نىشان بولدى! خىتاينىڭ خوش بولمايدىغانلىقى كۈتۈلگەن نەتىجىغۇ، ئەمما ھەيران قالارلىقى ئۆزلىرىنى ۋەتەننىڭ دەۋاگەرلىرى قىلىپ كۆرسىتىدىغان چۇپپۇر- چېچەك، كەپپارە- كېپەك تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسىلا پۈتۈشۈۋالغاندەك بىر پىكىردە بولۇشىدۇر. توغرا ئىش ئۈستىدە ھېچقاچان كېلىشەلمەي، «كۆتۈم مېنى ياراتمايدۇ، مەن كۆتۈمنى...» پەدىسىدە خىتايغا قارشى ئىشلارغا ھېچ ئېشىنماي بىر- بىرلىرىگە قارشى مۇجادىلىدە ئۆمرى ئۆتىۋاتقان بۇ «ئىنقىلابىي» تەشكىلاتلارنىڭ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى ئۇ قەدەر ئاڭلىق بىرلىشەلىگەنلىكى مۆجىزىۋي ھادىسە، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭدا نۇرغۇن سەۋەپلەر بولىشى كېرەك. ئەمما بۇ سەۋەپلەر ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ جامائەتكە سۇنغانلىرى ئەمەس، ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان سەۋەپلەر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

ئۇلار كۆرسەتكەن سەۋەپلەرنىڭ بىرى «ۋاقتى ئەمەس ئىدى» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ نەقەدەر كۈلكىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە يىللارچە توختالسىمۇ گەپ تۈگىمەيدۇ، مېزىنى ئاتسا - ئاتسا پۈتمەيدۇ! بۇ بىمەنىلىككە قاراڭلار! قاچان ۋاقتى بولاتتى، ئەپەندىم؟ خىتايلار ئۇيغۇر تىلىنى تامامەن چەكلىگەندىن كېيىنمۇ؟ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىمۇ تامامەن يوقاتقاندىن كېيىنمۇ؟ قاچان؟ بۇنى چۈشەندۈرۈپ بىر داھى شۇنداق يېزىپتىمىش: ھازىر ئىقتىدارلىق كادىرلىرىمىز يوق، بۇ ئىشنى تېگىشلىك سەۋىيەدە ئېلىپ

كېتەلمەيمىز!

قۇرۇلتايلىرىڭىز ئۈچۈن سەل تۆۋەنراق، «ھۆكۈمەت» ئۈچۈن يۇقۇرىراق سەۋىيە كېتەمتى؟ يەنە بىر تۇرلۇك جاۋاپ: قاچان ئىقتىدارلىق كادىرلار قوشۇنىمىز بولىدۇ؟ ھېلىمۇ چەتئەللەردە بىر قورو دوكتور، ئالىم،... پالانلار يۇرۇپتۇ، بىلىشىمچە ئۇلار بىر- بىرىگە ئۇچراشقاندا خىتايچە سۆزلىشىپ، ئۇرماندا كاۋاپ يېگىلى بارغان يىغىلىشلىرىدا خىتايچە سۆزلىشىپ، بالىلىرىنى خىتايچە تەرتىپكە ئۈندەپ، ياكى خىتايچە ھاي بېرىپ،... ھەتتا بۇنداق سورۇنلىرىغا ئايرىلالمايدىغان بىرەر يېرىم «دوست خىتاي»نى چاقىرىپ، بىللە ئالغاچ كېلىپ،... شۇنداق يېتىشەمدۇ؟ خىتايلارنىڭ ئۇزاق سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ ئوقۇشقا چىققانلار ئىچىدىن يېتىشەمدۇ؟ ياكى خىتاي ئۆز قولى بىلەن يېتىشتۇرۇپ بېرەمدۇ؟

چەتئەللەردە يېتىشكەن ئادەملىرىڭىزدىكى ئەھۋال ئۇ! يىغىلىش بار دېيىلسە «سىياسىي گەپ بولمىسا بارىمىز» دەيدىغان يېتىشكەنلەرمۇ بار!

بىلىپ قويۇڭكى، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى قۇربان بېرىش ئارقىسىدا قولغا كېلىدۇ، قۇربان بېرىش بولسا بۇنداق يېتىشكەنلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. قەھرىمانلىق بىلىمدىن ئەمەس، ۋىجدان ۋە ئادىمىيلىك تۇيغۇسىدىن تۇغۇلىدۇ. كىم بولۇپ ياشاشنىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغان؛ خىتاي بولۇپ ياشاش، رۇس بولۇپ ياشاش، ئۇيغۇر بولۇپ ياشاش ياكى ئادەم ۋە يا چوچقا بولۇپ ياشاش پەرقسىز بولغان؛ ياشىسىلا بولىدىغان ئادەملەر ۋەتەن ھەققىدە يۇرىكى ئېچىشىپ كېتىدىغانلار ئەمەس. ئۇنداقكەن، ۋەتەننىڭ داۋاسىنى يېتىشكەنلەر ئەمەس، ئوت يۇرەك ۋەتەنپەرۋەرلەر قىلىدۇ. يېتىشكەن بەچچىغەرلەرنىڭ غەرب جەمئىيىتىدە مىللىي كىملىكنى يۇتتۇرۇپ، ئاسارەتتىكى مىللەتتى ۋە ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك ھەددى- ھەرىكەتلىرىدىن قارىغاندا، بۇنداق بىر «يېتىشكەن كادىرلار قوشۇنى» يېتىشىپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن ئىش باشلاش پىكرى قىپ - قىزىل ئابداللىقتۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن، خىتايلارنىڭ كۇنسېرى كۈچىيىۋاتقان چەتئەللەردىكى

ئاخبارات تورى ۋە بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى بۇنداق بىر ئارزۇغا ھەرزامان توسالغۇ يارىتىپ، بىزنىڭ ئۇنداق بىر قوشۇنىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. بۇ ھالدا، «ۋاقتى ئەمەس» تىئورىسى بىمەنە!

مەنچە ئەسلى مۇددىئا چوڭلۇق رىقابىتىدىن تۇغۇلىۋاتقان بولىشى مۇمكىن. ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ پەزىلىتىدىكى كېسەل بولۇپ، ۋىجدانىدىكى كېسەل ئەمەس. قورقۇنۇچلۇقى ئۇلارنىڭ ۋىجدانىدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان كېسەللىكتۇر.

خىتايلارنىڭ چەتئەللەردىكى جاسۇسلۇق تورى كۈچىيىش بىلەن، چەتئەلدىكى تەشكىلاتلىرىمىزنى پالەچ قىلىش يولىدىكى خىزمەتلىرى كۆرىنەرلىك ئۈتۈقلارنى قولغا كەلتۈردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگىنى، ھەممە تەشكىلاتنىڭ تىزگىنىنى بىر ئارىغا توپلاپ، ۋە تارىخي پاكىت بولغان ۋەتەن نامىنىدىن ۋاز كېچىلگەن ئاتالمىش «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» دېگەن ئىسمنى قوبۇل قىلغۇزدى. ئەمدى ھەممە ئىش خىتاينىڭ ئارزۇسى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانىدەك مەنۇنىيەتلىك بىر ۋەزىيەتتە، يەنە بۇ خىتايلارنىڭ يۈرىكىگە تىغدەك سانچىلىدىغان «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر تەشكىلاتنىڭ مەيدانغا كېلىشى، خىتايلارنى سەراسىمىگە سېلىشىدا گەپ يوق ئىدى. سېتىۋېلىش، ھۆل خىشقا دەسسىتىشلەر ئۈچۈن خەجلىگەن پۇللىرى بىكار كەتكەنلىكى ئەلەملىك ئىدى.

سەرگەردان ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشتىكى ئورتاق ھەمكارلىق كىشىنى ئويغا سالاتتى: بۇ قىتىغۇرلۇقتىنمۇ؟ داھىلىق رىقابىتىدىنمۇ؟ ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆتىكى بىرمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارمۇ خىتايلارغا ئوخشاشلا سەراسىمىگە چۈشىدۇ؟ ھېچ كېلىشەلمەيدىغان بۇ «يىپ بازىرىدىكى خوتۇنلار» بۇ ئىشقا كەلگەندە خۇددى بىر كوماندىغا ئاۋاز قوشقاندەك بىر ئېغىزدىن قارشى چىقىدۇ؟ ھەتتا ئاتالمىش «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە جۇدۇنى تۇتۇپ، بوتناپ قالغان تۈركىيەدىكى مەلۇم

www.uyghurkitap.com

لىدىرلارمۇ، ھۆكۈمەت قۇرۇلىشى مەسىلىسىنى جىددىي مۇزاكىرە قىلىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى يىغىنىنىڭ ھەمتاۋاقلىرىدىن بولۇپ چىققان؛ بەلكىم ئىلگىرى ئۇ بۇ قۇرۇلتايدىن بىر نېمە تەگمىگىنى ئۈچۈن بوتىنىغانمىدىكىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا بىرەر «قۇرۇق ئۆستەڭنىڭ مىرابلىقى» تېگىش بىلەنلا، مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇمۇ ھۆكۈمەت ئۆكتىچىسى بولۇپ كەتكەن. ئەگەر ئۇنىڭ ئىلگىرىكى نارازىلىقى پەقەت ئاشۇنچىلىك «مىراب»لىق ئۈچۈن بولغان بولسا بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھۆ قىلغۇدەك پەسكەشلىك بولغان بولىدۇ!

ئەمدى سەرگەردان ھۆكۈمەتنى قۇرغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى، سىياسىي سۈپەتلىرى توغرىسىدا دېيىلگەن گەپلەرگە كېلەيلى:

سەۋىيە مەسىلىسى ھەققىدە ئىلگىرى پاكىتلار ئاساسىدا ئىككى ماقالە بەرگەن ئىدۇق[1]، مېنىڭچە بۇ، قۇرۇلتايچىلارنىڭمۇ چاغلىق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەشكە يېتىپ ئاشىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ سىياسىي مەيدانى، سىياسىي سۈپىتى ھەققىدە بىر ئاز توختىلىمىز.

بۇ ئادەملەردە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە كۆيۈنۈش شۇ دەرىجىدىكى، مۇناپىق بولسىمۇ بولسۇن، مېنى قوللىسا بولدى، دېگەن ئۆلچەم بويىچە ئادەم تاللايدۇ.

1998- يىلى ئىيۇندا ئالمۇتىدا ئابلىمىت تۇرسۇن ئىجارە ئولتۇرغان ئۆيدە تۆرت مۇجاھىد ئۆلتۈرۈلگەن، تېخىمۇ توغرىسى، قاسساپلار گۆش پارچىلىغاندەك پارچىلىنىپ، ئەخلەتكە كۆمۈلگەن ئىدى. پۈتۈن دەلىللەر بۇنى قىلغانلارنىڭ ئابلىمىت تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ شايىكىسىدىكى مائاشلىق قاتىللار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتى. ئەمما ئابلىمىتنىڭ گېرمانىيىگە كېتىشى ئۈچۈن تۈركىيەدىكى تەشكىلاتلارنىڭ يېقىندىن ياردىمى (باشقىلارنى مۇمكىن قەدەر قوغلاشقا تىرىشىدىغان بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بۇ قىلمىشى

---

[1] بۇ كىتاپتىكى «ئاتالمىش ‹دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى›نىڭ نامى قانداق كەلگەن؟» ۋە «ئالتىگە بىر ئىمزا» (توربەتتە)گە قاراڭ.

كىشىنى ئويغا سالاتتى)، ئۇ گېرمانىيىگە كېلىشى بىلەنلا ئاتالمىش مىللىي مەركەزنىڭ ئۈنىڭغا موھىم ۋەزىپە بېرىشى، قانلىق ۋەقەنىڭ زامانىدا ئالمۇتىدا بولغان، ۋەقەگە شاھىت، قەتلى قىلىنغۇچىلارغا دوست- بۇرادەر بولغۇچىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، يەنىلا پىسەنت قىلىنماي ئۈنى «تۆرگە» ئېلىشى، ئۇلارنىڭ كىمگە ۋەكىللىك قىلىشىنى ئىسپات قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.

خۇددى شۇ تىپتىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىمۇ بۇ قاتىللار كاتتىۋېشىنى رادىئوغا ئەكىلىش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىدى. «پېسى پېسى بىلەن ئايىقاڭغۇسىدا تېپىشىدۇ» دېگەندەك، بۇ تېپىشقانلارنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئوخشىشىپ كېتىشى، يىلتىزى قېزىلسا بىر كۆتەككە بېرىپ باغلىنىشى كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

ئەنۋەر يۈسۈپنىڭ خانىمىنىڭ دەل ھۆكۈمەت قۇرۇلىشىنى جاكالاش ھارپىسىدا ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى گۇمانلارغا كەلسەك، بۇنداق گۇمان تامامەن مەنتىقىلىق، ئەمما، بۇ مىزان ھەممىگە ئوخشاش قوللىنىلسا تېخىمۇ لىللا بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئەگەر بۇنىڭغا قوشۇلىدىغان بولسىڭىز بىر تالاي «بېرىپ كەلگۈچى»لەرنىڭ تىزىمىنى تاپالايسىز ۋە ئۇلار ھەققىدىمۇ چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرىشىڭىز ھۆرمەت بىلەن تەۋسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇلۇغلىرىمىزدىن ئەركىن ئالپتېكىن بارمىدىمۇ؟ رادىئونىڭ بېشىدىكى جانابى دولقۇن قەمبىرى بىر تەشكىلاتنى جاكالاپلا ئارقىدىن بېيجىڭغا يولى چۈشمىدىمۇ؟ ۋەتەنگە بارمىدىمۇ؟

يۇقۇرىدا زىكرى قىلىنغان تۈركىيەدىكى ئۇلۇغىمىزمۇ ھەمىشە خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ تەكلىپىنى تاپشۇرىۋېلىپ تۇرىدۇ، يۈندىسىگە داخىل بولۇپ، بايراملارنى بىرلىكتە قۇتلۇشۇپ، رېستۇرانلاردا دوستانە ئولتۇرۇشلاردا بولۇپ، «سۆھبەت يولى» بىلەن «ۋەتەنگە خىزمەت قىلىپ» تۇرىدىغۇ؟ بۇنداقلار يەنە ئەنقەرەدىمۇ نۇرغۇن. خىتاي ئەلچىخانىسىغا قاتناپ تۇرىدىغان، بايراملارنى بىللە ئۆتكۈزۈپ، يېڭى يىلنى بىرلىكتە قارشى ئالىدىغان

رادىئونىڭ ئاكتىۋىستلىرى، سابىق مىللى مەركەزنىڭ بۈيۈكلىرىنىمۇ ئاشۇ «بېرىپ كەلگەنلەر» بىلەن بىر ماھىيەتتە دېسەك بولارمۇ قانداق؟

بەك يۈگۈرۈك ئاتلار ۋە بەك تولا ھاڭرايدىغان ئېشەكلەرنىڭ ئارقىسىغا سۇمايىغا تۆگۈرۈلگەن پاختىنى تەگدۈرۈپ قويسا يۈگرەلمەيدىغان، ھاڭرىيالمايدىغان بولۇپ قالارمىش؛ شۇنىڭدەك «بېرىپ كەلگۈچىلەر»دە كۆرۈلگەن بەزى ئۆزگۈرۈشلەرگە قارىسا ئادەمنىڭ كۆڭلىگە شۇ ئىش كېلىدىكەن: خىتايلار شۇلارنىڭكىگىمۇ ياغقا مىلەنگەن پاختىنى تەگدۈرۈپ قويغانمىكىنا؟!

# ۋاقتى ئۆتكەن «قالپاق»

«پان تۈركىزىم» — «پان سلاۋيانىزىم»، «پان گېرمانىزىم» دېگەنلەرگە ئوخشاشلا بىر زامان تەشەببۇس قىلىنغان ۋە مىللەتچىلىك تۈيغۇلىرىدىكى ئەسەبىيلىكنى تەكرار ئوت ئالدۇرۇپ، تىل تۇققانچىلىقى ۋە قانداشلىقى بولغان ئېتنىك گورۇپپىلارنى قايتا بىرلەشتۈرۈپ بۈيۈك، قۇدرەتلىك مىللەت بولۇش شىرىن چۈشى ئىدى .

ئەگەر بۇنداق بىر مەنزىل قۇچاق ئاچىدىغان بولسا ئەلۋەتتە بەك گۈزەل بولغان بولاتتى .كىمنىڭ قۇدرەتلىك چوڭ مىللەت بولغۇسى يوق؟

ئەمما ئارزۇ، قۇدرەتلىك كۈچ، ماھىرانە تەشكىللەش،... بىلەن رىياللىقتا ئايلىنىدۇ؛ نۇرغۇن قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ خىيال قىلغانغىلا ئىشقا ئاشىدىغان ئاسان ئىش يوق .يەنە بىر تەرەپتىن، بۈگۈنكى مەۋجۇدىيەت مەيلى سۈنئىي مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن بولسۇن، مەيلى تەدرىجىي ھالدا تەبىئىي شەكىللەنگەن ئەمەلىيەت بولسۇن، قىسقىسى، رەاللىق .تارىخنىڭ چاقىنى ئارقىغا بۇرىماق ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

«پان سلاۋيانىزىم»نىڭ ھەغدالىرى بولغان سلاۋيانلار قايتىدىن بىرىكىپ بىر دۆلەت بولىشى، بىر مىللەت بولىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ھالدا ئۇكرانلار، بېلىرۇسلار، پولەكلەر مۇستەقىللىق ئارزۇسىدا يىللارچە تىپىرلاپ، رۇسلارغا قارشى تۇرمىغان بولاتتى؛ «پان گېرمانىزىم»نىڭ ھەغدالىرى بولغان گېرمانلار ئالللىقاچان شىمالىي ياۋروپادا بىر پۈتۈن گېرمان دۆلىتى قۇرغان بولاتتى، دۇنيا ئۇرۇشىدا قانداشلىرىغا قارشى ئۇرۇشمىغان بولاتتى.

سىرىبىيەنىڭ كۆپ دۆلەت قىسىملىرى تەرىپىدىن جازالىنىشى ھارپىسىدا رۇسىيەنىڭ «قېرىنداشلىق»ى تۇتۇپ، ئامېرىكىغا قارشى ئىنكاس بىلدۈرگەنلىكى، خۇددى كېيىن بىلىنگىنىدەك، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەپ ئۈندۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان تېرە تاراقشىتىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ «پان سلاۋىيانىزىم»لىق غۇرۇرىنىڭ ئۇرغۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى.

ئەمدى «پان تۈركىزىم»غا كەلسەك، بۈگۈنكى كۈندىكى تۈركى تىللىق خەلقلەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىدىن ئېيتقاندا بۇنداق بىر ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس .بۇ پەقەت شېرىن ئارزۇلا بولۇپ، ئۇمۇ ئىنتايىن تار بىر گورۇھ ئىچىدە پات- پات زورۇقۇپ تۇۋلىنىدىغان شۇئار بولۇپ قالغاننى ھېساپقا ئالمىغاندا، بۇ غايىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئىشىنىدىغانلارمۇ كۆپ ئەمەس.

تاشقى ئامىللار تېخىمۇ پايدىسىز بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا، بۇنداق بىر غايىنىڭ ئىشقا ئېشىش ئېھتىماللىقى رۇسلارنى، خىتايلارنى ئوخشاشلا ئەندىشىگە سالىدىغان بولغاچقا، ئۇلار قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرىشى ناتايىن؛ دۇنيادا، بۇنداق بىر غايىنىڭ ئىشقا ئېشىشى يولىدىكى بىر ئەمەلىي قەدەم، ئالتەيۈز يىللىق ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى ئەسلىرىگە سېلىشى مۇقەررەر بولغاچقا، ئەرەپ دۇنياسى، ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا بۇنى ئاپەت بىلىپ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىشى چوقۇم؛ بۇنداق بىر بۈيۈك كۈچ، دۇنيانىڭ قازىسى بولۇش كويىدا تىرىشىۋاتقان ۋە بۇنى ئاساسەن رىياللىققا ئايلاندۇرغان ئامېرىكا ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا يېقىشلىق كەلمەيدىغانلىقى، بۇ سەۋەپتىن بۇنداق بىر غايىنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇشقا كىرىشىدىغانلىقى ئاددىي ساۋات .قىسقىسى، بۇنداق بىر ئارزۇنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي توسالغۇلار ئىچىدە چىرمىلىپ، ئاللىقاچان تۇنجۇقۇپ بولغان ئۇتوپىيەدۇر.

خىتايلارنىڭ، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھېچ خىيالىغا كەلتۈرمەس

بولغان بۇ بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىشى، خۇددى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ «خۇرجۇن يۇتتۇرۇشى»دەك، ئۆزگە قارشى خەلقارا جاماەتنىڭ نەپرىتىنى سۇسلاشتۇرۇش؛ ئىككىنچى تۇرلۇك ئېيتقاندا، ئۆزگە ئىتتىپاقچى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئويناۋاتقان ئويۇندۇر .خۇددى يۇقۇرىدىكى بايانىمىزدا ئېيتقىنىمىزدەك، «پان تۇركىسزىم»نىڭ «نۇرغۇن دۆلەتنى ئەنسىرىتىدىغان»تەرىپى، خىتايلار ئۈچۈن كوزىر بولغاچقا، بۇ كونا قالپاقتىن پايدىلىنىپ، «ھەممە بىرلىكتە قارشى تۇرمىسا بولمايدىغان بۈيۈك دۈشمەن ياكى بۈيۈك بالا- قازا» ئاگاھلاندۇرىشى چالماقتا.

مەۋزۇمىز داخىلىدا بولمىسىمۇ، خاراكتېرى ئوخشاپ كەتكەچكە، قوشۇپ قويماق زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىۋاتىدۇ: «پان ئىسلامىزىم» قالپىقىمۇ ئەنە شۇنداق شۇم نىيەت بىلەن بىزگە كەيدۈرۈلىۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، شەرقىي تۇركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتى، خاس مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھېچنېمىسى بولمىغان بەختسىز شەرقىي تۇركىستانلىقلار بۇنداق دەرىجىدىن تاشقىرى ئارزۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھازىر ھالدا ئەمەس !بۇ قالپاقلار ھېچ بىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# رادىئودىكى «مېڭىسىگە دوغ ئىچىۋالغانلار»

رادىئونىڭ2006- يىلى 29- دېكابىردىكى ئاڭلىتىشىدا دەل ئۇيغۇر خەلقى «مېڭىسىگە دوغ ئىچىۋالغان» دەپ تەسۋىرلەيدىغان بىر ئىشنى بايقىدىم. بۇ — رادىئونىڭ ھېساپسىز «ئايلامىباش»لىقلىرىدىن پەقەتكىنە بىرى بولسىمۇ، بۇندىن سەل ئىلگىرىرەك ئاڭلىتىلغان بىر ئاجايىپ خەۋەر بىلەن ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى ئوغامنى تاشۇردى. بۇ ئوخشاش خاراكتېردىكى ئىككى خەۋەرنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىر مۇخبىر ھازىرلىغان بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىغا ئالاقىدار ئىدى. مەن بىر قىسىم كىتاپلىرىمدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە مۇستەملىكە دەۋرىنى سېغىنىش، مۇستەملىكە دەۋرىنىڭ بايراملىرىنى قۇتلۇقلاش، مۇستەملىكە دەۋرىدىكى قەھرىمانلار (بۈگۈن ئېتىبارى بىلەن مۇناپىقلار، يالاقچىلار)نى ئۇلۇغلاش،... تەك بىنورمال روھى ھالەت ھەققىدە ئاز - تولا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. تەقدىر مېنى يېڭى - يېڭى دەلىللەر بىلەن تەمىنلەپ، شۇ باھالىرىمدا ئاشۇرۇۋەتمىگەنلىكىمنى ئىسپاتلىماقتا.

ئاخىرقى خەۋەر بىر ك گ ب جاسۇسى ھەققىدە بولۇپ، مۇخبىرنىڭ ئۇنى بىر مۇناپىق سۇپىتىدە زىيارەت قىلىۋاتمايۋاتقىنى بىلىنىپمۇ تۇرىدۇ. ئۇنداق ئىكەن ئۇنى قەھرىمان دېمەكچىمىدۇ؟ ك گ ب گە 27 يىل ئىشلىگەن، بۇنىڭ 19 يىلىنى ئافغانىستاندا ئۆتكۈزگەن بۇ ئادەم نېمە دەپ زىيارەت قىلىنىدى؟ سوۋېت ك گ ب سى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەلۇم بولغىنىدەك، جىنايەتلەرنىڭ ئۇۋىسى، جاللاتلارنىڭ سەرخىللىرى توپلانغان

قۇشخانا، پانىي دۇنيانىڭ دوزىقى ياكى پانىي دۇنيانىڭ دوزىقى بولغان كوممۇنىست تۇزىمىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك قورۇقچىسى!

بۇ زىيارەتتە بەلكىم: ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن مۇنداقمۇ چوڭ ئادەملەر يېتىشكەن، دېمەكچىدۇر. بۇ زىيارەتنىڭ مەخسىدىمىدۇر؟ كوممۇنىست ئىمپىرىيىسىنىڭ بۇ ئۇزۇن يىللىق غالچىسىنى، كوممۇنىست جاھانگىرلىكىنىڭ كېڭەيمىچىلىك پىلانلىرىغا ھۇل ھازىرلاش مەخسىدىدە ئافغانىستانغا ئەۋەتىلگەن بۇ گۇماشتىنى قەھرىمان دەپ زىيارەت قىلدىمۇ؟ نېمە دېمەكچى؟ سۆزلەرنىڭ ئورانىدىن بۇلارنى ئىلغا قىلىش بەك تەس. گەرچە، روشەن ماختىنىش تۇيغۇسى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، سوۋېتلەرنىڭ ئافغانىستان تاجاۋۇزى ھەققىدىكى مەۋھۇم ئەيىپلەشلەر يەنە بۇنى رەت قىلىدۇ.

«مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام» دېگەن ھايات قانۇنىيىتىگە كۆرە «خوجايىن»لىرىغا كۆرە توپلانغان بۇ ئادەملەرنىڭ ساپالىرى ھەققىدە ئوتتۇرىدا خېلى كۆپ ساتىرالار بولۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاشكارىلايدىغان «دەيدىغانغا سۆز تاپالماي قىينىلىدىغانلىقى» (ۋاي بىچارە جاپاكەشلەر!) ھەققىدىمۇ بىۋاستە ئېتىراپلاردىن تارقالغان سۆز- چۆچەكلەرمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ھەركۇنى قانچە - قانچە مىساللار بىلەن شاھىت بولۇپ تۇرۇپتۇق. دېمەك، «دەيدىغانغا گەپ تاپالمىسا» قانداق قىلىدۇ؟ «تازنىڭ تۇمىقى»نى تاپسىمۇ شۇنى دەيدىغان گەپ-تە! بارى - يوق بىر سائەتلىك ئەركىن سۆز ھەققىمىزدىن مانا شۇنداق پايدىلىنىدىغان گەپ! خۇددى «ئۇن ئالماي دۇتار ئالغاندەك»!

بۇندىن سەل ئاۋال سوۋېت دەۋرىدە قازاقىستان س س س ر نىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولمىش بىر ئۇيغۇرنىڭ ھەيكىلى تىكلەنگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلگەن ئىدى! مانا مۇشۇ مودا بويىچە بولغاندا، ئەگەر كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستان ئەسلىگە كەلسە، بىزمۇ تۇمۇر داۋامەتنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەيمىز دېگەن گەپ! نېمىشكە؟ ماھىيەت ئوخشاش: ئەجەبا سوۋېت دەپ ئاتالمىش مۇستەملىكە دەۋرىدە، مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن

تاللاپ، ئاشۇ يۈكسەك ئورۇنغا لاياقەتلىك دەپ قارىلىپ، مۇستەملىكە ئەلنىڭ ئۆزىدىن بولغان بۇ «ساپ» ئەنە شۇ بۈيۈك پالتىغا بېكىتىلگەن! ئاندىن شۇ پالتا بىلەن ئەركىنلىك ئارزۇلىرى قىرقىپ تۇرۇلغان. مانا ئەمدى شۇ تەلەيلىك ئادەم مۇستەملىكە دەۋرى ئاخىرلىشىپ 16 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ يەنە قەدىرلىك بولۇپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، بۇنداق بىر غالچا ئۇلۇغ بىر قەھرىمان سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن ئىكەن، غالچىنى يېتىشتۇرگەن خوجايىن (تاجاۋۇزچى رۇس بولشېۋىكلىرى) تېخىمۇ ئۇلۇغلىنىشى كېرەك بولۇپ چىقىدۇ!

ئۇنداق ئىكەن، ئوخشاشلا تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېشىمىزغا قورچاق قىلىپ تىكلەنگەن تۆمۈر داۋامەتنى نېمىشكە ئۇلۇغلىمايدىكەنمىز؟ بەلكى ئۇنىڭ رەسىمىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۇلىغا بېسىۋالساق تېخىمۇ ياخشى بولار؟ مۇبارەك دىدارىنى ھەركۈنى ھەر يەردە كۆرۈپ تۇرۇشقا ئەپ بولسۇن ئۈچۈن.

خۇش، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلاردا مىللىي ساپا مەسىلىسى بەكلا قىزىق بىر تەتقىقات تېمىسى. ئۇلارنىڭ بۇنداق چۆكمىلىتىپ قويۇپ بېرىلگەندەك ئوتۇ- سولىنى پەرق ئەتمەسلىكىنىڭ پىسخىك ئارقا كۆرۈنۈشى خېلى مۇرەككەپ. ئۇلار ھېلىمۇ «سىتىخانوۋچى» بولغىنىدىن، «لېنىن ئوردېنى» ئالغىنىدىن؛ «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» بولغىنىدىن ئىپتىخارلىنىپ يۈرىشىدۇ. بۇنىڭ ۋۇدكىنىڭ كاللىغا ئىچىلگەنلىكىنىڭ تەسىرى ياكى تۈيۈقسىزلا — ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەنلا كېلىپ قالغان تەييار ھۆرلۈكنى تېخىچە ئاڭقىرىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئىشقىلىپ، ئۆزى ئارزۇلاپ، يەتمەك ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ، قان تۆكۈپ ئېرىشمىگەن نەرسىنىڭ قەدرىمۇ شۇنچىلىك بولسا كېرەك.

ئاشۇ مودا بويىچە ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» نەمۇنىچىسى؛ «ئارمىيەنى ھىمايە قىلىپ خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى» بولغانلارمۇ، كەلگۈسىدىكى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىدە قەدىرلىنىشى كېرەك بولىدۇ!

ئەمما مەسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تەرىپى، رادىئونى باشقۇرىۋاتقان «گۆشباش»لارنىڭ «بۇ نېمە؟ نېمە دېمەكچى؟...» دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا مۇشۇنداق بىر نېمىلەرنى ئىجابىي خەۋەر تەلەپپۇزى بىلەن ئاڭلىتىشىدۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈنىدۇكى، ئاۋۇلار ۋودكىنى بېشىغا ئىچىۋالغاندەك، بۇلارمۇ «مېڭىسىگە دوغ ئىچىۋالغان»!

بۇنى ئاڭلاتماسلىق كېرەكمىدى؟ مۇشۇنداق بىر سوئال تەبىئىيكى سورىلىشى مۇمكىن. مەن نېمە دەي؟ «دەيدىغانغا گەپ تاپالماي قىينىلىدىغان» بىر توپ جاپاكەشنىڭ كالوننىسى تۇرسا، «تازنىڭ تۇمىقىنى تاپىسمۇ» ئاڭلاتماي نېمە ئىلاجى؟ توغرا، بىرلىرى ۋودكىنىڭ خاپىلىقى بىلەن نېمە قىلىۋاتقىنىنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالماي، ھېلىقى قورچاق ئۇلۇغ باشلىقىقا — سابىق بىرىنچى سېكرېتارغا ھەيكەل تىكلىگەن بولسۇن، دەيلى؛ بۇ ۋەقە خەۋەر قىلىشقا ئەرزىيدىغان خەۋەر ئەلۋەتتە! بۇ تازا «داداڭنى ئۆلتۇرگەنگە ئاناڭنى بەر» تېپىدىكى تەلۋىلىك بولغاچقا، بۇنى بىر تۇرلۇك تەتۈرلۈك، تەلۋىلىك سۈپىتىدە خەۋەر قىلىشقا ئەلۋەتتە بولاتتى. يەنى، سوۋېت دەۋرىدە ئاڭ قۇرۇلمىسى بۇزۇلغان، ئىستېتىك ئۆلچەملىرى تەتۈر بولۇپ كەتكەن بۇ خەقنى قاراڭلار، نېمە ئەخمەقلىقلەرنى قىلىپ يۈرىدۇ؟ دېگەن شەكىلدە ئاڭلىتىش بىلەن بىللە، سوۋېت دەۋرى (ئومۇمەن كوممۇنىست تۈزۈمىنىڭ) ئىنسانلارنى ياخشى- يامانىنىمۇ توغرا پەرقلەندۈرەلمەيدىغان ماشىنىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە بەرسە ئەلۋەتتە قاملىشاتتى! ئەمما، خەۋەر قىلغۇچىمۇ ئوخشاشلا «ھېلىقى رۇس ۋودكىسى» تەسىرىدە بولغاچقا بۇ بىر ئىجابىي خەۋەر سۈپىتىدە ئاڭلىتىلغان.

تەبىئىيكى، ئۆزى ھايات تۇرغان بىر ئادەمنى زىيارەت قىلارىكەن ئۇنى سەلبىي قەھرىمان سۈپىتىدە قىلالايتىمۇ؟ بىز ھېلىقى «دىپلومات ئۇيغۇر[1]»، بۇنىڭغا ئورتا ئاسىيالىقىمىز قوشۇلسا گەپ يوق، «دوغ ئىچكەن كاللا»

---

[1] پېقىرنىڭ «ئۇيغۇرلاردىكى ‹دىپلوماتچىلىق مىجەزى›» ناملىق ماقالامغا ئىشارە.

مەيدانغا كېلىدۇ، دېگەن گەپ! ئۇ ھالدا سابىق ك گ ب جاسۇسى ئىجابىي قەھرىمان بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەلۋەتتە. بىر مۇخبىر سۇپىتىدە ئۇنىڭ ئوبيېكتنى ئىجابىي ياكى سەلبىي دەپ چۈشىنىش ھوقۇقى بار، ئۆزىنىڭ مەۋقەسىنى ئىسپات قىلىشقا تىرىشىشى غايەت تەبىئىيمۇ دەيلى، ئەمما بۇنىڭ ئىزچىل ئەمەسلىكى، يەنى ئۇ قاتناشقان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى مەۋھۇم تىل بىلەن سۆكۈشلەر، بۇ ئادەمنىڭ ئىسى جايىدىمۇ قانداق دېگەن سوئالنى تۇغدۇرىدۇ!

رادىئودىكى «ئۇلۇغلىرىمىز» ھەققىدە ھەر زامان دەپ كېلىۋاتقىنىمىزدەك، بۇ دەلىللەرگە تايىنىپ يەنە، ئۇلارنىڭ مىللىتىمىزگە تەئەللۇق بولغان بۇ قىممەتلىك بىر سائەتنى بەرباد قىلىشى پەقەتلا «كاللىغا دوغ ئىچكەن»لىكىدىن ئەمەس، ئىخمۇ شۇبھىلىك تەرىپى، سىياسىي كىملىكلىرى مەسىلىسىدۇر! ئەگەر ئۇلارنىڭ پەقەت ۋە پەقەتلا ئىقتىدارسىزلىقىدىن، سىياسىي سەزگۈرلىكىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن، نادانلىقىدىن مۇشۇنداق بولىۋاتىدۇ، دېيىش بىلەن بۇنداق بىر جىنايەتنىڭ ئاقلانماسلىقى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەگەر بۇ خاتالىق يېڭى ئىش باشلىغان دەۋرلەردە روي بەرگەن بولسا، چۈشىنىشكە بولاتتى. بۇنداق «دۆتلۈك»لەرنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشى ناھايىتى ھەقلىق يوسۇندا گۇمانلارغا سەۋەپ بولماي قالمايدۇ!

ئەجەبا بۇ مىللەتتە ئاڭلىتىشقا تېگىش ئىخمۇمۇھىم مەسىلىلەر تۈگەپ كەتكەنمۇ؟ بۇ مىللەتكە بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئىلمىي ساۋاتلارمۇ تۈگىگەنمۇ؟ ئىخى ئېچىلمىغان بوزدەك، دۇنياغا مەلۇم بولمىغان بۇ مىللەتنىڭ نىڭگا- نىڭگاڭدىن باشقا ئىشى يوقمۇ؟ (ئاشۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىق قېرىنداشىمىز بەلكى رۇسچە بىلىدۇ، رۇس ئارخىپلىرىدا سىياسىي تارىخىمىزنىڭ يېقىن ئۆتمۈشىدىكى خىتاي — سوۋېت ئويۇنلىرى ئازمۇ؟ گەپ تاپالمىغان بولسا مانا شۇ تېمىلاردا ئىزدەنسە بولمايتىمۇ؟) ھەركىم بۇلارنى ئويلىغان ۋاقتىدا ئاندىن ھىس قىلالايدۇكى، بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ۋاقىت

زايا قىلىنىشلىرى ھەرگىزمۇ ئاددىيلا «گۆشباش»لىقتىن ئەمەس. ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ھېسابى سورالمايدىغاندەك ئويلىسا كېرەك، ئەمما ئەۋلادلار، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادى بۇنداق مۇناپىقانە پوزىتسىيەنىڭ ھېساب-كىتابىنى قىلماي قالمايدۇ؛ مىللەتنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى شەخسىيەتلىرى ئۈچۈن دوغا تىكىۋېتىپ بارغانلار، بۇ خىل مۇناپىقانە قىلمىشلىرىغا تارىخ ئالدىدا چوقۇم جاۋابكار بولىدۇ.

2007 – يىلى، 1- يانۋار، خاملتون، كانادا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# بىز نېمىگە مۇھتاج؟ دەۋامىز نېمىگە مۇھتاج؟

ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان نەزەرىيە — قۇرۇق نەزەرىيە؛ نەزەرىيىدىن ئايرىلغان ئەمەلىيەت — قارىغۇ ئەمەلىيەت.

— ۋ. ئى. ستالىن

ئىنساندا ئاۋال بىر مەقسەت بولىدۇ، ئاندىن بۇ مەخسەتكە قانداق يېتىش ھەققىدە بىر يول چۈشىنىلىدۇ. بۇ تۇرمۇشتىكى ھەر بىر ئۇششاق-چۈششەك مەقسەتلەردىن تارتىپ، بۈيۈك سىياسىي نىشانلارغىچە ئوخشاش. ئەگەر مەخسەتلا بولۇپ، ئۇنىڭغا يېتىشتە بىرەر يول، ئۇسۇل، چارە بولمىسا، مەخسەتكە يېتىشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ؛ مەخسەت يۆنۈلۈشىدە بىرەر ئەمەلىي قەدەممۇ ئېلىنمايدۇ!

خۇددى شۇنداق، ۋەتەن سىرتىدىكى سىياسىي داۋا ھەركەتلىرىمىزنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئۇزاق بىر ۋاقىت ئىچىدە ئورنىدىن سىلجىمىغانلىقىنىمۇ ئەنە شۇ سەۋەپتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھازىرغىچە داۋا ماشىنىمىزنىڭ رولىدا ئولتۇرغان «ئۇستىلار»دىن بۇ ھەقتە سورىسىڭىز، چوقۇمكى ئۇلار خۇددى چۆگىلىتىپ قويۇپ بېرىلگەن ئادەمدەك، كۆزىڭىزگە چەكچىيىپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇنداق بىر نەرسە ھەققىدە ھىچ ئويلاپ باقمىغاچقا، ئاڭقىرالماستىن ئەنە شۇنداق ھاڭقىيىدۇ.

ۋەتەندىن يېڭى چىققان بىرنەچچە ئۇقۇمۇشلۇق ياش مەندىن شۇنداق

سورىدى:

— چەتئەللەردىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئىدىيىۋىي ئاساسى نېمە؟ قانداق بىر نەزىرىيىۋىي سىستېمىغا ئاساسلىنىدۇ؟ بىزنى شۇ نەزىرىيە بويىچە ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ ئىشقا سالىدىغان ئورگانلار يوقمۇ؟

— يوق. ئورگانلارغۇ يوق، چۈنكى ئورگان دېمەك مۇئەسسەسە؛ ئۇنى بەرپا قىلىشقا پۇل كېتىدۇ، پېشىگە ئېسىلىپ مېڭىلىۋاتقان بىرەر نەزىرىيەمۇ يوق، گەرچە بۇنىڭغا يىپ بىلەن موم كەتمەيدىغان بولسىمۇ...، — دەپ جاۋاپ بەردىم مەن ھەم خىجىللىق، ھەم زەردە ئارىلاشقان ھالدا.

— بۇ قانداق گەپ؟ چەتئەللەردە تەشكىلاتلىرىمىز بار، ۋەتەن ئازادلىقى خۇسۇسىدا ھەركەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئادەملىرىمىز بار دەپ بىلەتتۇق، ئەجەبا بۇ ھەرىكەتلەر نېمىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ مۇقىم بىر نەزىرىيىۋىي ئاساسى بولمىسا، كىچىك بالىلارنىڭ «ئۆي تۇتۇپ ئوينىغىنىدەك» ئىش بولمامدۇ؟

ــ تەبىئىيكى شۇنداق، ــ دېدىم تەستىقلاپ، ــ ئەگەر كىمدۇر بىرىدە چوقۇم بىر مەخسەت بولسا، چوقۇم بىر يول ئويلىماي قالمايتى؛ كۆرۈلىۋاتىدۇكى، مەخسەتنىڭمۇ تايىنى يوق!

*****

شۇئانلاردا بىلىشىمچە، يېرىم ئەسىرلىك «قۇمغا خەت يېزىش» پائالىيىتىدىن كېيىن، تۇنجى قېتىم، بىر سىياسىي غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم بىر نەزىرىيىۋىي ئاساس بولىشى زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكى ئويلىشىلىۋاتىدۇ. بۇمۇ ماڭا ئوخشاش بەش- ئالتە ئەتراپىدىكى باشسىز سولتەكنىڭ يادىغا يەتتى. ئەمما ئۇلۇغ تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ بېشىدىكى كاتتىلىرىمىزنىڭ تېخى بۇنىڭغا چولىسى تەگمىدى، ياكى بۇنى ئەقلىگە كەلتۈرگىدەك ھالى بارلار رولدا ئەمەس.

مەن چەتئەلگە چىقىپ ئەڭ ئاۋال بايقىغان بوشلۇقلىرىمىزدىن بىرى مۇشۇ ئىدى ۋە ئەڭ دەسلەپكى قەلەم ئەمگەكلىرىمدىن باشلاپ بۇ ھەقتە

www.uyghurkitap.com

ئانچە- مۇنچە گەپ تېپىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدىم. گەرچە مەخسۇس ماۋزۇ ئاستىدا توختالمىغان بولساممۇ، ھەرقاچان بۇنداق مەزمۇنلارنى تىلغا ئېلىپ تۇرىۋاتىمەن. يېقىندىن بېرى، بۇ تېمىدا بوشلۇق ھېس قىلىدىغانلارنىڭ پەيدا بولۇشى، بولۇپمۇ يېڭى چىققان يىگىتلەردىن بەزىلەرنىڭ دەرھاللا بۇنداق بىر تېمىدا سوئال سوراشلىرى، ئەمدى بۇ تېمىدا رەسمىي توختالساق، دىققىتى قوزغىلىدىغان كىشىلىرىمىز پەيدا بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاچقا، بۇ تېمىنى قولۇمغا ئېلىۋاتىمەن. (ئىلگىرى بۇنداق تېمىدا گەپ قىلماق خۇددى خېچىرغا دۇخاۋا كەيدۈرگەندەك ئىش بولاتتى)

ئىلگىرىمۇ دېگىنىمدەك، مەن بىر ئوقۇمىغان سولتەك بولغاچقا، بۇنداق چوڭ گەپلەرنىڭ ئاخىرىغا چىقىپ بولالمايمەن؛ پەقەت، بىلىملىك ئەرباپلىرىمىزنىڭ زادىلا چولىسى تەگمەيۋاتقانلىقىغا ئىچىم پۇشۇپ، ھېچ بولمىسا بىر باشلىنىش بولۇپ قالسۇن دەپ قولۇمدىن كېلىشىچە تاتىلاشتۇرۇپ باقتىم. بۇ ھەقتە بوشلۇق ھېس قىلغان قېرىنداشلارنىڭ بۇ تېمىدا بىر بەس- مۇنازىرە قوزغاپ، تەدرىجىي ھالدا بىر خىل، بىر خىشتىن قويۇپ، مەخسىدىمىزنىڭ قەسرىنى ئۆرە قىلىشقا تىرىشساق ئەجەپ ئەمەس.

تۈركىيىدە ياشايدىغان قېرىنداشلىرىمىز ھە دېگەندىلا تەسىرىگە ئاسان ئۇچراپ تۇرىدىغان «تۈركىزىم — ياكى — پان تۈركىزىم»، «تۇرانچىلىق» دېگەنلەرمۇ، كوممۇنىستلارنىڭ خىيالىي چۈشى بولغان كوممۇنىزىمدەك يەتكىلى بولماس ئوتوپىيە بولۇپ، مەن ئىلگىرى بۇ ھەقتە «ۋاقتى ئۆتكەن قالپاق» دېگەن ماقالەمدە چەكلىك توختالغان ئىدىم. چۈنكى، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاۋانگارتى بولۇشى كېرەك بولغان تۈركىيەنىڭ ئۆزىدىمۇ، بۇ ئوتوپىيەنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ھېچقانداق ئىشەنچ يوق. شۇنداقلا بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھېچقانداق ئەمەلىي ھەرىكەتمۇ، كۈچمۇ، ئىمكانىيەتمۇ يوق؛ بىرنەچچە فانتاستىك مىللەتچى گورۇپپىلارنىڭ ئاغزىدىكى شۇئار بولۇشتىن باشقا، ھېچقانداق رېئال تەرەپى بولمىغان بىر چۈش بولغىنى ئۈچۈن، بۇنداق بىر ئىدىئولوگىيە، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ نەزەرىيىۋىي ئاساسى

قىلىنىش توغرۇلۇق چۈشۈنۈلمەسلىكى ئەقەللىي شەرت بولۇپ قالدى. ھەتتا بۇنداق مەزمۇنلارنىڭ ھەرىكەت پروگراممىمىزدا ئىككىلەمچى ئورۇندا بولسىمۇ تىلغا ئېلىنىشى، داۋانى كىرىزىسقا پاتۇرۇشتىن باشقىغا يارىمايدۇ.

بىر ئارا بەزىلەر دۇنياۋى ئىسلام شۇئارى بىلەن ئوتتۇرىدا بوي كۆرسىتىشكەن ئىدى. بىزگە سىر ئەمەسكى، بۇ ئەپەندىلەرگە بۇ مەپكۇرىنى سىڭدۇرۇپ قويغانلار، ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۇشمىنى دىنسىز كوممۇنىستلارنىڭ — خىتايلارنىڭ زىتىغا گەپ قىلىشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي مەۋجۇتلىقى ئۈچۈن، خىتايلار بىلەن سىياسىي يەڭ سودىسى قىلىشتىن يىركەنمىگەن بىر توپ ئىدى. دېمەك، «دۇنياۋى ئىسلام» خالىسلىق ئاساسىغا قۇرۇلمىغان بولسا، ئۇمۇ بىر تۈر سىياسىي ئويۇندىن باشقا نەرسە بولماي قالىدۇ. ئۇ ھالدا بىزنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز، مانا بۇنداق بىر «ئىزىم»نى مېنىڭسىپ، ئۆزىنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسى قىلىدىغان بولسا، بۇمۇ بىر تۈرلۈك تۈيۈق يولدۇر؛ يۇقۇرىدا زىكرى قىلىنغان ماقالەمدە دېگىنىمدەك، بېشىمىزغا تۆگمەس پىت قۇيىۋالىدىغان خالتا كوچىغا كىرىپ قالغان بولىمىز. خىتايلار بىزنى «دۇنياۋى ئىسلام تېرورىزمى»نىڭ بىر پارچىسى قىلىپ كۆرسىتىش؛ ئافغانىستاندا سۈنئىي تەييارلىغان پاكىتلارغا ئاساسەن بۇنى دەلىللەشكە ئۇرىنىش ئارقىلىق بىزنى يېتىم قالدۇرۇشقا، ئۆزىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كۈچلۈك دۇشمەنلەرگە روبىرو قىلىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە ئۇرۇنغان ئىدى. بۇ نۇقتا بىزگە بىر سىياسىي دەرس بولىشى كېرەككى، بۇنداق ھۆل خىشلاردىن ئېھتىيات قىلمىساق، نەپەس ئالغۇدەكمۇ بوشلۇقىمىز بولمايدۇ. ئىتتىپاقچىمىز ئازىيىپ دۇشمىنىمىز كۆپىيىپ كېتىدۇ.

خىتايلارنىڭ بىزنى «پانتۈركىزىم، پان ئىسلامىزىم» بىلەن ئەيپلەشلىرى ھەرگىزمۇ چۈشەنمەسلىكتىن خاتا دەپ قېلىشۋاتقان گەپ ئەمەس؛ بەلكى غەرەزلىك ھالدا بىزنى بىر توپ دۇشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىم

قالدۇرماق شۇم غەرىزىدىن دىپلوماتىيىسىدىكى بىر ئىستراتېگىيە بولۇپ، دېپلوماتىيىدە پىلانلىق تەشۋىقاتنىڭ بىر مەزمۇنىدۇر. چۈنكى بۈگۈنكى دۇنيادا، ھەرقانداق دۆلەت ھالقىغان ئېھتىياجلار باشقا بىر توپ دۆلەتنىڭ ئەندىشىسىنى قوزغايدىغان بولغاچقا، قارشى ئېھتىياج تۇزۇلۇشكە سەۋەپ ۋە باھانە بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بۈيۈك بىر غايىمۇ بۇنداق «دۇنياۋىي» تۈس ئالغان شۇئارلاردىن پايدا ئەمەس، زىيان كۆرىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ بىزدەك ئېھتىياجى بولمىغان، دوستى بولمىغان بىر مىللەت، مىللىي دەۋانى خاس مىللىي مۇستەقىللىق ھەركىتى تۇسىدە ئېلىپ بارماي، زىكرى قىلىنغاندەك دۇنياۋىي ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەر بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قويىدىغان بولسا، دوستى ئەمەس، دۈشمىنى كۆپىيىدۇ.

ئەمما دىققەت قىلىشقا تېگىش بىر نۇقتا شۇكى، خەلقىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈشتىكى بىردىن بىر ئىدېئولوگىيە دىنىدۇر. ئەگەر، بىزنىڭ مۇستەقىللىق ئىدېئولوگىيىمىز دىنىنى چەتكە قاقىدىغان، دىنىي سەزگۈرلۈكلەرگە سەل قارايدىغان تېپتە؛ دىنىنىڭ تۈپ پىرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغان بولۇپ قالسا، ناھايىتى ئېنىقكى، خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ! مۇستەقىللىق ھەركىتىمىزنى ئومۇمخەلق ھەركىتىگە ئايلاندۇرالمايمىز. ئۇنداقتا، يۇقۇرىدا رەت قىلىنغان «دۇنياۋىي ئىسلام» بىلەن، بۇ دىپلوماتىقان مەسىلىنى قانداق قىلغاندا زىتلەشتۇرۇپ قويماستىن ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟ بىزنىڭ باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلىرىمىزنىڭ بىرسىمۇ دەل مۇشۇ.

پىرىنسىپ سۈپىتىدە، بىز ھەرقانداق بىر تاشقى كۈچنىڭ ياردىمىنى، دىنىي ئېتىقادى، سىياسىي دۇنيا قارىشى نېمە بولىشىدىن؛ ئىرقىي پەرقىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق بىر كۈچنىڭ ياردىمىنى چەتكە قاقماسلىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرمىز. دۈشمىنىمىز ناھايىتى چوڭ دۈشمەن بولىشى بۇنى شەرت قىلىپلا قالماي، بىزنى چىن قەلبىدىن قوللىغۇچىلارنىڭ بولماسلىقىمۇ بۇنىڭغا قىستايدۇ. «خىتايدىن ئىبارەت بىرلا دۈشمىنىمىز

بار!» دەيدىغان دۈشمەن قارىشىمىز بولىشى كېرەككى، بۇ دۈشمەن تېشىدا ھېچقانداق بىر كۆچ بىلەن دۈشمەنلەشمەسلىك تۈپ پىرىنسىپلىرىمىزدىن بىرى بولىشى كېرەك.

سىياسىي نىشان سۈپىتىدە، بىزنىڭ سىياسىي نىشانىمىزمۇ پەقەت بىرلا بولىشى كېرەككى، ئۇ بولسىمۇ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش! بۈندىن باشقا دۇنياۋىي تۈس ئالغان سىياسىي نىشانلارنى مېنىڭسىمەك، ئىشىمىزغا زەرەر بېرىشى مۇمكىنكى، پايدىسى بولىشى ناتايىن. بۇ سىياسىي مۇددىئايىمىز تېشىدىكى ھەرقانداق بىر سىياسىي قاراشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىقا دىققەت قىلىش، ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىمىزنى ئوچۇق ۋە كەسكىن ئىپادە قىلىشتىنمۇ مۇمكىن قەدەر ساقلىنىش كېرەك.

سىياسىي نىشانىمىز تېشىدىكى ھەرقانداق بىر توپلۇقنىڭ، مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ سىياسىي مەخسەتلىرىگە قارىتا مەيدانىمىز قانداق بولىشى كېرەكلىكى مەسىلىسى سالماق ئويلۇنۇلمىسا، يېنىكلىك بىلەن، بىرەر «لىبدىر»نىڭ تەنتەكلىكى بىلەنلا جاكالىنىپ كېتىلسە، ئومۇمىي مىللىي ھەركىتىمىزگە زىيان يېتىدۇ. بۇنداق ئىشلاردىكى ئاغزاكى مەيدان ئومۇمەن مودا بولىۋاتقان شەكلى بويىچە مۇنداق: بىز بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەققانىي ھەركەتلىرىنى قوللايمىز؛ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارغا ھېسداشلىق قىلىمىز، دېگەندەك شەكىلدە بولىشى كېرەك.

مەسىلەن: ئالدىراپ تېنەپ، كەشمىرلىكلەرگە ھېسداشلىق قىلىش بىلەن، ھىندىستاننىڭ دۈشمەنلىكىنى قوزغاشنىڭ پايدىسى يوق. چۈنكى، بىز مۇسۇلمان دەپ كەشمىرلىككە ھېسداشلىق قىلىشىمىزنى توغرا دەپ ئويلايمىز؛ ئەمما، كەشمىرلىكلەر، ھىندىستانلىقلارغا بولغان دۈشمەنلىكتىكى ئۇرتاقلىقى نۇقتىسىدىن، خىتايلارنى سۆيىدىغان سىياسىي مەيدانغا ئىگە بولىشى تەبىئىي. خىتايلار، مۇسۇلمانلارنى سۆيگەنلىكىدىن ئەمەس، ھىندىستان بىلەن بولغان دۈشمەنلىكى تۈپەيلىدىن، پاكىستانغا

ياردەم بېرىۋاتىدۇ، كەشمىر مەسىلىسىنى پەردە ئارقىسىدا دەستەكلەۋاتىدۇ. بۇ سىياسىدا بەك ئەقىللىي فورمۇلا بولۇپ قالغان: دۈشمەنىنىڭ دۈشمىنى بىلەن دوست بولۇشتۇر. بۇ فورما بويىچە بولغاندا، بىز پاكىستان تەرەپتە ئەمەس، ھىندىستان تەرەپتە تۇرساق توغرا بولىدۇ! ئەمما خەلقىمىزدىكى سىياسىي ساۋات مەسىلىسى تۇپەيلىدىن بۇنى قوبۇل قىلدۇرۇش بەكمۇ تەس. شۇڭا بۇنىڭغا ئوخشاش، «ئۇياقتا تارتسام بۇقا ئۆلىدۇ، بۇياقتا تارتسام ھارۋا سۇنىدۇ» ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەندە، ئەڭ ياخشىسى ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشنى بىلىشىمىز كېرەك.

ئومۇمەن، ئەگەر بىز ئەڭ ئاساسىي نىشانىمىزنىڭ نېمىلىكىنى، قوشۇمچىلىرىنىڭ نېمىلىكىنى ئايرىۋالالىساق، ھامان خاتا سۆزلەشتىن، خاتا سىياسەت قوللىنىشتىن خالىي بولالايمىز. خۇددى شۇنداق، ئەگەر بىز ئاساسىي دۈشمىنىمىز، بەلكى بىردىن بىر دۈشمىنىمىزنىڭ كىملىكىنى ئېنىق بىلمىسەك ياكى بەلگىلىۋالمىساق، ئوخشاشلا خاتالىشىمىز. سىياسەت ھېسسىياتچانلىق بىلەن ھېچ سىغىشالمايدۇ. سىياسىدا شۇنداق ھاللار بولىدۇكى، بىر ياخشى كۆرىدىغان قېرىندىشىمىزنى كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، ئۆلۈمگە ئۇزۇتۇپ قويۇشىمىز ۋە رەڭگىمىزنى ئۆزگەرتمەسلىكىمىز زۆرۈرى بولىدۇ. (يىغىمىزنى يوشۇرۇن يىغلىۋالىمىز تەبىئىي). سىياسىيون كۆڭلىنىڭ مەيلىنى — ھېس، ھاياجىنىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك غايىسى قىلغان سىياسىي نىشانىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە قىلىشى كېرەك.

ھەربىر ھادىسىدىن ھاياجانلىنىپ، ئۆزىنى تۇتالماستىن پوزىتسىيىسىنى، مەيدانىنى ئاشكارىلاپ ئولتۇرىدىغان بولسا، دەسلەپكى قەدەملەردىلا مۇدۇرۇپ كېتىدۇ ۋە تەكرار قوپالماي قېلىشى مۇقەررەر.

ھەرقانداق بىر سىياسىي ھەركەتنىڭ بىر سىياسىي ئىدىئولوگىيىگە، يەنى نەزەرىيىۋى ئاساسقا تايىنىدىغانلىقى، مانا شۇ نەزەرىيە ئاساسىدا ئۆز-ئۆزىمىزنى ۋە خادىملارنى تەربىيىلەش ئارقىلىقلا بۇ دېگەنلىرىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممىسىگە ئېرىشىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، مەلۇم سىياسىي ساۋاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئومۇمىي سىياسىي پەنلەرنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولسىمۇ، ھەربىر مىللەت ياكى ئىجتىمائىي گورۇھ ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىگە يېتىشتە كېرەك بولىدىغان سىياسىي ساۋاتنى، ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىگە كۆرە بەلگىلەيدۇ. سىياسىي دەرسلەرنىڭ ھەر مىللەت ۋە ھەربىر سىياسىي گورۇھقا كۆرە مەلۇم خاسلىقى، ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ. مانا شۇ ئۆزگىچىلىك، شۇ توپلۇمنىڭ سىياسىي نەزەرىيىسىنىڭ يادروسىدۇر.

بىزنىڭ «بوشلۇق» دەپ قاخشاۋاتقىنىمىزمۇ سىياسىي نەزەرىيەنىڭ دەل مانا شۇ مىللىي خاسلىققا ئىگە قىسمى — يادروسىدۇر (بۇنى دېمىگەندە سىياسىنىڭ تەييار نەزەرىيىلىرى تولۇپ يېتىپتۇ). يارىتىلىشى كېرەك بولغان بۇ يېڭى «ىزىم» (ياكى ئۆزىمىزگە خاس نەزەرىيىۋىي ئاساس)نى ھازىرچە «ئۇيغۇرزىم» دەپ ئاتىساق، مانا شۇ ئۇيغۇرزىمنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئورتاق تىرىشىش — نۆۋەتتە ئۇقۇمۇشلۇقلار تائىپىمىزنىڭ موھىم ۋەزىپىسىدۇر.

ستالىن بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان نەزەرىيە — قۇرۇق نەزەرىيە؛ نەزەرىيەدىن ئايرىلغان ئەمەلىيەت — قارىغۇ ئەمەلىيەت.» مېنىڭچە بۇ بىر تېئورى سۈپىتىدە توغرا. بۇنى مەغلۇپ بولغۇچىلارنىڭ ساۋاقلىرى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ساۋاقلارنى يەكۈنلىمەستىن قارىغۇلارچە كېتىۋەرسەك، ئىنسانلىق سۈپەتلىرىمىزنىمۇ چۈشۈرىۋېتىمىز.

2007-03-26، تۈركىيە، قەيسەرى.

www.uyghurkitap.com

# چەتئەللەردە مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك؟

مىللىتىم — ئۇيغۇر.
دىنىم — ئىسلام.
ۋەتىنىم — شەرقىي تۈركىستان.
دۈشمىنىم — خىتاي.
— مىللىي شۇئارىمىز

مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىز جىددىي تەھلىكىگە دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى ئويلىماي بولمايدۇ. بولۇپمۇ نېمە قىلساق ئۆزىمىزگە باغلىق بولغان چەتئەللەردە، مىللىي يوقۇلۇشقا كۆزىمىزنى پاقىرىتىپ قاراپ تۇرىشىمىز مىللىي زۇلۇمدىن ئەمەس، مىللىي ۋىجدانىمىزنىڭ قانچىلىكلىكىدىن مەنبەلەنگەن دېيىلمەي مۇمكىن ئەمەس.

ئەگەر چەتئەللەردە ياشاۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن مىللىي كىملىك ئازتولا قەدرى بار نەرسە ھېساپلانسىلا، ئائىلىسىدە مىللىي مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە ئىش بار. شۇنداقلا، بۇنى قىلاي دېسىلا قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ قەلبىگە مىللىي كىملىك تۇيغۇسى، ۋەتەن سۆيگۈسى، ئېتىقادقا بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت، دۈشمەننىڭ كىملىكى ۋە دۈشمەنگە بولغان نەپرەت تۇيغۇسىنى

سىڭدۈرۈش كېرەك. مەن ئىلگىرىكى بىر ماقالەمدە توپلىشىپ ياشاشقا تىرىشىش، بۇ ئارقىلىق مىللىي مەكتەپ بولىشىنى قولغا كەلتۈرۈش،... قاتارلىق بەزى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ئەڭ بولمىغاندىمۇ بۇنداق توپلىشىش ئارقىلىق، ھەپتىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ بىر يەرگە يىغىلىپ، مىللىي تىلىمىزدا سۆھبەتتە بولۇش ئارقىلىقمۇ، مىللىي كىملىكىمىز ئەسلەپ تۇرۇلسا، بالىلار ئۈچۈن مىللىي مۇھىت بەرپا قىلىپ بەرسەك، ئۆز - ئارا سۆھبەتلىرىمىزدە زىكرى قىلىنىدىغان خىتاي زۇلمى، خىتايلارنىڭ مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى، ۋەھشىيلىكى، رەھىمسىزلىكى، ئىنسانىيەتسىزلىكى، ئادەملىك تەبىئىتىنىڭ زەئىپلىكى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بالىلارنىڭ قۇلاقلىرىغا دائىم ئاڭلىنىپ تۇرسا، ئۇلاردا دۈشمەنگە بولغان نەپرەت يېتىلىشى چوقۇم.

بەزىلەر، مىللەتنىڭ خەتەرلىك ۋەزىيىتى ھەققىدىكى قاراشلارغا ھۇجۇم قىلىپ، «بۇ ئۈمىدسىزلىككە جامائەت پىكرىنى كۆندۈرۈش» دېيىشلىرى تولىمۇ ھەقسىزلىقتۇر. چۈنكى، مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش يولىدا قىلىنىۋاتقان ھېچقانداق ئىش يوق ئىكەن، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئۈمىدلىرى نېمىگە تايىنىۋاتىدۇ؟ ھەرقانداق بىر ئىشتا چوقۇم بىر سەۋەپ بولىشى كېرەك. مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنى يوق قىلىشقا دائىر قىلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئىش بار، بۇنىسى بىر رېئاللىق؛ ئەمما، بۇنىڭغا قارشى نېمە قىلىنىۋاتىدۇ؟ ھېچ ئىش! بەلكىم دۇئا قىلىۋاتقاندىمىز؟ مېنىڭچە، ھەتتا بۇمۇ ئۇ قەدەر ئىزچىل ئەمەس! ئەپسۇسكى، ئاللاھنىڭ قىلغۇسى ياردەملىرىمۇ، ھېچقانداق سەۋەپسىزلا تاشلاپ بېرىلمەيدۇ.

ئىسانى تەۋەللۇد قىلىش ھارپىسىدىكى مەريەمنىڭ كەچۈرمىشىنى ئەسلەپ باقساقلا، بۇنى دەلىللىيەلەيمىز: مەريەم ئاچچىق تولغاق دەستىدىن ھالسىز ئەھۋالدا تۇغاندا ئاللاھ ئۇنىڭغا خۇرما دەرىخى تۈۋىدىن خىتاپ قىلىپ، **«خۇرمىنى ئۆزەڭ تەرەپكە ئېغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان، يېڭى خۇرمىلار چۈشىدۇ»** دەيدۇ. ئەگەر ئاللاھنىڭ ياردىمى ھېچقانداق تىرىشچانلىقسىزلا

تاشلاپ بېرىلىدىغان بولسا ئىدى، ھېچ بولمىسا ھالىسىز ئەھۋالىدىكى مەرىيەمگە، شۇنداقلا ئاياللارنىڭ ئۈلگىسى بولغان ۋە كەلگۈسى ئەلچىسىنىڭ ئانىسى بولغان مەرىيەمگە، ئۇنى ھەركەت قىلىشقا ئۈندىمەيلا تاشلاپ بەرگەن بولاتتى.

مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىز ھەققىدە باش قاتۇرىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغان يەنە بەزى ئەپەندىلەر ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكى مىللىي ئاتموسفىرانى ئوبدانراق كۆزىتىپ باقتىمۇ؟ مېنىڭ كۆزىتىشلىرىم شۇنى كۆرسىتىۋاتىدۇكى، چەتئەللەردە بالىلىرىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئەمەس، شۇ يەرنىڭ تىلىنى «سۇدەك سۆزلەيدىغان»لىقىدىن پەخىرلىنىدىكەنمىز. بۇ خىل پوزىتسىيە بالىلارغا نېمىگە ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىدىكى پىسخىك سىگنال رولى ئويناۋاتىدۇ-دە، ئۇ بىزنىڭ ئىخلاسىمىز نېمىگە بەك مەركەزلەشكەن بولسا شۇنىڭغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ. شۇڭا، چەتئەللەردىكى مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن، بالىلىرىمىز ئارىسىدا مىللىي تىل- يېزىقىمىز جەھەتتە بىر خىل مۇسابىقە قانات يايدۇرۇشقا تىرىشىشىمىز، ئەگەر ياشاۋاتقان يېرىمىزدىكى مىللىي توپلىمىمىز جەھەتتىن مۇناسىپ بولمىغان تەقدىردە، ئۆز ئائىلىمىزدە بالىلىرىمىزغا بىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز مىللىي كىملىككە ئائىت ئىشلار ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدۇرۇشقا ئۇيغۇن ئاتموسفىرا بولىشى كېرەك. مەسىلەن: «مەلۇم مەكتەپ تاپشۇرىقىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن بىر شاكىلات، ئۇيغۇرچە ئوقۇش، يېزىش جەھەتتىكى نەتىجىسى ئۈچۈن ئىككى شاكىلات مۇكاپات قىلىش» شەكلىدە، نېمىنىڭ مۇھىملىقىنى، نېمىگە بەكرەك خوش بولىدىغانلىقىمىزنى بالىلارغا تەبىئىي ھىس قىلدۇرىدىغان چارىلارنى ئويلاپ تېپىپ، شۇنى ئائىلىدە بالا تەربىيىسىدىكى پىرىنسىپ قىلىشىمىز كېرەك.

بەزى بىلىمدانلار، يېزىقىمىز ھەققىدە بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققان قاراشلاردا بولىشىۋاتىدۇ. ئەتە (ئەگەر قولىڭىزدىن كەلسە) بۇ مىللەتكە قانداق

بىر ئېلىپبەنى راۋا كۆرسىڭىز كۆرۈڭ؛ ئەمما بۈگۈن ئېتىۋارى بىلەن، بۈگۈنكى مىللىي يېزىقىمىز مۇشۇ — ئەرەپ ئېلىپبەسىدىن ئىسلاھ قىلىپ ئېلىنغان ئېلىپبە! ئوتتۇز مىليوندىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان خەلقى قوللىنىۋاتقان بۇ يېزىقنى سىز ياراتمىسىڭىزمۇ، هازىرچە سەۋر قىلىپ تۇرغايسىز. ھەممىنى باشقىدىن قىلىشتەك قەھرىمانلارچە خىيالىڭىز كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئىشلار ۋاقتقا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا رېئاللىقنى كۆزدە تۇتماي بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدىنقى ماقالىلىرىمدا دېيىلگىنىدەك، بۈگۈنكى كۈندە مىللىي يېزىقىمىزمۇ مىللىي قەدىرىيەتلىرىمىزنىڭ بىرى! يېزىقىمىز بىلەن يېزىشتا چىڭ تۇرۇش، يېزىقىمىز بىلەن نەشىر قىلىشتا چىڭ تۇرۇشمۇ بىزنىڭ مىللىي كىملىككە بولغان پوزىتسىيىمىزنىڭ بىر ئۆلچىمى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي داۋا ئۈستىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ تورىبەتلىرى ھەققىدە قۇلاققا بەك چىرايلىق ئاڭلانمايدىغان باھالارنى قىلىشتىن ئۆزەمنى تۇتالماي قالىمەن. چۈنكى بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك، ئۇيغۇر يېزىقىدا بەتلەر يوق. بۇ مىللىي داۋاچىلارغا دىئاگنوز قويۇشتىكى بىر يىپ ئۇچى، دېمەي نېمە ئامال؟

بىز ئەگەر مىللىي غايىمىزگە چىن ساداقەتلىك بولغان، مىللىي كىملىكىمىزگە چىن ساداقەتلىك بولغان كىمسىلەر بولساق، بۇ ئىشلار ئەسلىدە تەبىئىي ئىپادىلىنىشى كېرەك بولغان ئەقەللىي نەرسىلەر ئىدى، بۇنى بىرىنىڭ تەنقىدى تىل بىلەن قايتا- قايتا ئەسلىتىشىگە ئورۇن قالمايتى. يەنە تېخىمۇ يىرگىنىشلىك بىر تەرىپى شۇكى، «مىللىي داۋا ئۈچۈن پايدىلىق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، سەن دېگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا بۇ ئىش ھېچ تۈزىتىلمەيدۇ!» دېگەندەك پوزىتسىيەدۇر. بۇنداق پەسكەش ھەم شەرمەندە پوزىتسىيەنىڭ داۋاغا پايدىسى بارمۇ؟ بۇنى ھەركىم ئويلاپ باقسا ۋە بۇ نۇقتىدىن بۇ داۋاچىلارنىڭ مىللىي سۈپەتلىرىگە باھا بەرسە بولىدۇ.

ئەمدى گېپىمىزنى يەنە مىللىي كىملىكىمىزنى قوغداش يولىدا

قىلىنىشى زۆرۈر بولغان ئىشلارغا قارىتىمىز. ئالدى بىلەن شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئەگەر مىللىي سۈپەتلىرىمىز يوقالغان، ھېچ بولمىغاندىمۇ يېرىم - ياتا مىللىي سۈپىتىمىز قالغان ئەھۋالدا — مىللىتىڭ نېمە دېسە «ئۇيغۇرلاردىنكەنمىز» دەيدىغاندىن باشقا، ئۆزىمىزدە ھېچقانداق مىللىي سۈپەت بىلىنىپ تۇرمايدىغان ھالغا كەلسەك، مىللىي داۋا ھەققىدە ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس! شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي ئازاتلىقىمىز ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان كىشىلىرىمىز، مىللىي غايىمىزگە چىن سادىق كىشىلىرىمىز ئائىلىدە بالىلارغا بېرىلىشى شەرت بولغان مىللىي كىملىك تەربىيىسىگە سەل قارىماسلىقى كېرەك. بۇ ھەر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ بىرىنچى دەرىجىدىكى موھىم ئىشى بولۇپ قېلىشى، شۇنداق ئۆلچەم بىلەن چىڭ تۇتۇلىشى شەرت. ئۆزىنى ئۇيغۇر دەيدىغانلىكى شەرقىي تۈركىستانلىق، بالىلىرىنى ئۇيغۇرچە يازالايدىغان، ئوقۇيالايدىغان تەربىيىلەشنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئازاتلىق يولىدا ئېلىپ بېرىشقا تېگىش بىرىنچى خىزمىتى دەپ قارىشى؛ بۇنى مىللىي ئازاتلىق ئۈچۈن تىكىلگەن بىر تۇپ كۆچەت دەپ قارىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئەمدى، تۈركىيە ۋە ئەرەبىستاندا ياشايدىغان قېرىنداشلارغىمۇ بۇنى جىددىي تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ھەسسىياتىنى گوللاپ، مىللىي كىملىك ھەققىدە سەل قاراشقا ئېلىپ بارغان سەۋەپلەر ھەققىدە بىر - ئىككى ئېغىز قارىشىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

تۈركىيىدىكى تۇرانچىلىق ھاۋاسى ئەجابىي تەرەپتىن ۋەتەنداشلىرىمىزنى شەرقىي تۈركىستانلىقمىز، دەيدىغان ھالدا تۇتۇپ تۇرۇشقا، يۇرتنى ئۇنتۇماسلىقتا ئۇندەيدىغاندەك، ئومۇمىي تۈركچىلىككە ئائىت بىر تۇيغۇ بىلەن بولسىمۇ «مىللەتچىلىك»نى تۇتۇپ تۇرۇشقا ياراۋاتقاندەك قىلسىمۇ، دەل شۇ «ئومۇمىي تۈركچىلىك» ئاتموسفىراسى، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر كىملىكى ھەققىدە ئويلىشىنى تامامەن مىنىمۇمغا چۈشۈرۈپ، ھەتتا ئۇيغۇر كىملىكى ھەققىدە ھېچ ئويلىماس ھالغا



www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ قويماقتا. ئاۋال زىكرى قىلىنغان پايدىلىق تەرىپى شۇ سېلىشتۇرما بىلەن گەۋدىلىنىدۇ: غەرپ دۆلەتلىرىدە نۇرغۇن مىللىي مۇناپىقلار، ئاتالمىش سىياسىيغا ئالاقىسى يوق، «تېنچ پۇخرا»لار، ئۆزلىرىنى «جوڭگولۇق» ھەتتا يۇرتىمىزغا خىتاي قويغان ئاتنى دەيدىغان ھارامتاماقلارغا سېلىشتۇرما قىلىنغاندا، تۈركىيەدىكى بۇ مىللىي ھاۋا خېلى كۆڭۈلگە يېقىشلىق كېلىدۇ. ھەتتا ئۆزىنى «جوڭگولۇق» دەيدىغان بىرەر مۇناپىقنى (جۈرئەتىڭىز بولسىلا) كوچىدىلا ئۇرۇپ دەردىڭىزنى چىقارسىڭىزمۇ بولىدىغان مىللىي ھاۋا مەۋجۇت. بۇ جەھەتتە تۈركىيە، بىز ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىن ياخشى (غەرپ دۆلەتلىرىدە بىرىنىڭ مىللىي مۇناپىق بولۇشىمۇ ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى بولغاچقا، ھېچنېمە دېيەلمەيسىز!).

لېكىن، بۇ «ئومۇمىي تۈركچىلىك» مىللىي ھاۋاسى ئىچىدە غايىپ بولىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى، بىز ئۈچۈن يەنىلا خەتەرلىك! گەرچە نەزىرىيە جەھەتتىن، «ھەممىمىز تۈرك، تۈرك بولساقمۇ، ئۇيغۇر بولساقمۇ نېمە پەرقى...» دېيىلسىمۇ (ئەمەلىيەتتىمۇ تۈركىيەدىكى كەيپىيات شۇنداق)، لېكىن، بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز ئۇيغۇر بولۇشتا! بىر قىرغىز شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدا ياردەمچى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئاساسىي داۋاگەر بولالمايدۇ؛ بىر ئانادولۇ تۈركى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ساھىبى بولالمايدۇ، پەقەت ھېسداشلىق قىلغۇچىسى، ياردەمچىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ داۋا ئۈچۈن ئۇيغۇر بولمىسا قەتئىي بولمايدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇر بولۇشىمىز، ئۇيغۇر ھالىتىمىز بىلەن قېلىشىمىز شەرت!

بۇ تەرىپى دىققەتكە ئېلىنسا، تۈركىيەدىكى قېرىنداشلارنى «ئومۇمىي مىللىي ھاۋا» تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى ئۆلتۈرۈپ قويماسلىققا، يەنىلا ئائىلىدە مىللىي تىل يېزىق تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن.

ئەمدى ئەرەپ دۆلەتلىرىدە ياشايدىغان قېرىنداشلارغا كەلسەك، خۇددى تۈركىيەدىكى «ئومۇمىي مىللىي ھاۋا»نىڭ ئوخشىشى بولغان «ئومۇمىي

ئىسلام» ياكى «ھەممىمىز ئىبراھىم خېلىلۇللاھنىڭ مىللىتى» ھاۋاسىنىڭ تەسىرى بىلەن، مىللىي كىملىكنى يوقۇتۇپ قويماقتا ۋە بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، خالاپ تۇرۇپ قولدىن چىقىرىپ قويۇۋاتقانلىقى بىلىنمەكتە!

توغرا، بىز مۇسۇلمان بىر مىللەتمىز. بۇ نۇقتىدا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن قان - قېرىنداش بولساقمۇ، بىز يەنە ئەينى زاماندا ئەرەب ئەمەس، ئۇيغۇر مۇسۇلمانمىز. بىزنىڭ مىللىي مەۋجۇتلىقىمىز، مىللىي ۋە سىياسىي غايىمىز نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئەرەپ مۇسۇلمىنىغا ئايلىنىپمۇ بۇ داۋانى قىلالايمىز دېسەك، تەبىئىيكى، بوۋاقلىق بولىدۇ. بۇ سىياسىي غايە، مىللىي مەۋجۇدىيەت، ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇز مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان بىر خەلقنىڭ دۆلىتى ۋە ئىسلام كىملىكنى قوغداش ئۈچۈنمۇ، بۈگۈن بىزنىڭ ئۇيغۇر بولۇشىمىز شەرت. بىز ئاللاھنىڭ خاھىشى بىلەن «ئۇيغۇر» يارىتىلدۇق. ئۆزىمىز بولۇۋالمىدۇق. شۇڭا، ئاللاھنىڭ بىزگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن بۇ نېمىتى (ئۇيغۇرلىقىمىز)نى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلمامدۇق؟

ئاخىرىدا، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارغا قىلىدىغان بىر تەۋسىيەم شۇكى، بىزنىڭ شۇ مىللىي كىملىك، مىللىي مەۋجۇتلۇق ئىپادە قىلىنغان شۇئارىمىزنى بالىلىرىغا يادلىتىشلىرى كېرەك. ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە، ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئەتتىگەندە بىر ۋاقىت ئاتا- ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا شۇ سوئال جاۋاپلار بىر قېتىم تەكرارلىنىشى شەرت:

— مىللىتىڭ نېمە؟

— مىللىتىم — ئۇيغۇر.

— دىنىڭ نېمە؟

— دىنىم — ئىسلام.

— ۋەتىنىڭ قەيەر؟

— ۋەتىنىم — شەرقىي تۈركىستان.

— دۈشمىنىڭ كىم؟

— دۈشمىنىم — خىتاي.

بۇ مىللىي شۇئار 0 ياشلىق(ئۇلار جاۋاپ بەرمەيدۇ، ئەمما ئۇلارغا سۆزلەش ئارقىلىق، يوشۇرۇن ئېڭىغا سىڭدۈرىلىدۇ) بالىلاردىن 15 ياشلىق بالىلارغىچە يادلىتىلىسا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇنى ئۇلارنىڭ روھى قاتلاملىرىغىچە سىڭدۈرۈش كېرەك. 15 ياشتىن كېيىن، توغرا مىللىي تەربىيە بىلەن تەربىيىلەنگەن بالىدا، مىخانىك يادلاش ئەمەس، ئاڭلىق تونۇش شەكىللەنگەن بولىدۇ. ئۇ هالدا ئۇنىڭغا ئىلمىي ئىزدىنىشلەر يولىدا يېتەكچىلىك قىلىنىسا بولىدۇ.

2007- يىلى، 28- مارت، تۈركىيە، قەيسەرى.

# تەنقىد ۋە ھاقارەتنىڭ پەرقى

تەنقىد — ئاڭلىشلىغان مەنا ئېتىبارى بىلەن، خاتالاردىن ئاگاھلاندۇرۇش، زىياندىن ئاگاھلاندۇرۇش، جىددىيرەك ئېيتقاندا، خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش، دېگەنلىك بولۇپ، نورمالدا بەك سىپايە دېگەندىمۇ يەنىلا ئاچچىقراق بولىدۇ. ئىنساننىڭ نەپسانىيىتىدىن ئېيتقاندا ماختاشقا خۇشتارلىقى سەۋەپلىك، تەنقىد قارشى ئېلىنمايدۇ. شۇ سەۋەپلىك، دۇنيا — دۇنيا بولغاندىن بۇيان ھەق گەپ قارشىلىققا ئۇچراپ كەلدى؛ ھەق گەپنى قىلغۇچىلار نەپرەتكە نىشان بولۇپ قالدى. يالغان بولسىمۇ، ئۆزىدە يوق سۈپەت بىلەن ماختالسىمۇ، ئىنسانغا ھامان بۇنىسى خۇشياقىدۇ. ھەتتا بۇنداق ئاساسسىز ماختاشتا بىر يوشۇرۇن دۈشمەنلىكنىڭ بولىشى ئېھتىماللىقىمۇ ئويلاپ كۆرۈلمەيلا قارشى ئېلىنىدۇ. تەنقىدىي پىكىر پايدىلىق دېگەننى نەزەرىيە جەھەتتىن ھەركىم دەپ يۈرسىمۇ، خاتالىقىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىلىشى قارشى ئېلىنمايدۇ.

تەنقىد بىلەن بىلەن ھاقارەتنىڭ مەلۇم ئوخشاشلىقى باردەك قىلسىمۇ، تۈپ نېگىزىدا پىرىنسىپال پەرق بار: تەنقىد — مەيلى توغرا نىيەتتىن ياكى باھانە قىلىپ سانجىۋېلىش نىيىتىدىن كېلىپ چىققان بولسۇن، تەنقىد ئوبيېكتىنىڭ مەلۇم خاتاسىنى تۇتقا قىلىدۇ؛ ھاقارەت ئاساسسىز بولىدۇ. بەك ئاساسى بار دېگەندىمۇ پەقەت بىرىنىڭ جىسمانىي ئەيىبى، شەخسىيىتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرگە تايىنىدۇ، شۇنداقلا، ھاقارەت ئاساسسىز بولغاچقا كۆپ چاغدا

يۈزمۇ- يۈز ئەمەس، ئارقىدىن غاجاش، «يوشۇرۇن تاش ئېتىش» شەكلىدە بولىدۇ.

لېكىن، دۇنيادىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان توپلار— دۆلەتلەر، پارتىيىلەر، مىللەتلەر، ئىقتىمائىي گورۇھلار بولسا ھەرقاچان تەنقىدكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. گەرچە ئىنسان شەخس سۈپىتىدە ماختاشنى ياخشى كۆرۈپ، تەنقىدنى يامان كۆرۈشتە ئوخشاش بولسىمۇ، بىر كوللىكتىپ سۈپىتىدە تەنقىدنىڭ نەزەرىيەدىكى تەرىپىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن دەرس ئالغانلار پايدا ئالدى، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

ناھايىتى ئەپسۇسكى، مىللىتىمىزدە ماختاشقا بولغان ھېرىسمەنلىكنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بىلەن بىللە تەنقىدكە بولغان قارشىلىق روھى زىيادە بولۇشى تۈپەيلىدىن، ھەق گەپ قىلىش لۈغىتىمىزدىن ئۆچۈپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتىدۇ. ھەق گەپ، تەشكىلاتلار تەرىپىدىنمۇ ئىنتايىن تەتۈر، دۈشمەنلىك نەزىرىدە قارشى ئېلىنغاچقا، تەنقىدتىن پايدىلىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك، كۆرسىتىلگەن خاتا تۈزىتىلمەيدۇ، شۇ خاتادا قەستەن چىڭ تۇرىلىدۇ، دېگەن گەپ! يەنى، «سېنىڭ دېگىنىڭنى قىلغىنىمدىن ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى!» دېگەن شەكىلدە!

بۇنداق تەلۋىلىك باشقا مىللەتلەردىمۇ مۇشۇنداق يۈزدە – يۈز ئومۇملاشقان بولسا، ئىنسانىيەت بۈگۈنكى تەرەققىيات مەنزىلىگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى. باشقا مىللەتتىمۇ چەكلىك دەرىجىدە بولۇشى غايەت تەبىئىي بولسىمۇ، بىزدىكىدەك، بۇنداق ياغلىمچىلىق، ياخشچاقلىق دەرىجىسىدە بولمىسا كېرەك. مانا بۇ خىل پايدىسىز شەكىللىنىش سىياسىي ئىشلىرىمىزدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زىيانلارغا ئىتتەرمەكتە!

بەزى «تور پىت بازارلىرى»دا شەخسىي ھاقارەتلەر قۇشخانىنىڭ ئېرىقىدىن ئاققان زىن ۋە قاننىڭ ئاريلاشمىسىدەك كۆڭۈل ئاينىتىدىغان دەرىجىدە ئېقىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئۆچمەنلىك، نەپرەت

ئۇيغانمىغان يەردە، مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن پايدىلىق بولغان تەنقىدلەرگە قارىتىلغان بىرلىكسەپ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنداق تورىبەتلىرىدە مۇشۇنداق بىر ژىن ئازگىلىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول بېرىلىشىمۇ توغرا نىيەتتىن بولمىسا كېرەك. قېرىنداشلىرىمىزنى مىللىي قىسمىتىمىز ھەققىدە بىرەر ئىلمىي تېمىدا مۇھاكىمە، مۇنازىرە، مۇتائىلىگە جەلپ قىلىپ ئاڭلاتقىلى بولمىغان يەردە، بۇ «پىت بازارلىرى»دا بىھۇدە ھاقارەتچىلىككە ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىشى، بۇلارغا يېشىل چىراق يېقىپ بېرىشلەرنى تولۇق تەھلىل قىلغاندا، بىر ئۈچىدىن يەنە شۇ مەرىزىمىز — ئىلمىي ۋە پايدىلىق تەنقىدلەرگە قارشى كىن قۇسۇدىغان مۇشۇنداق بىر سورۇن، تەنقىد ئوبېكتلىرى ئۈچۈن زۆرۈرىيەت بولغانلىقى بىلىنمەكتە؛ توغرا ۋە ئاشكارە تەنقىدكە قارشى بۇ يەردە ئۇلار نامەرتلىك بىلەن «يوشۇرۇن تاش ئېتىش» شەكلىدە ھاقارەت بىلەن جاۋاپ بېرىشمەكتە!

شۇنىسى ئاددىي ھەقىقەتكى، «قورقىقان يەردە جىن بار» دېگەندەك، ئەگەر سىنىڭ كۆڭلۈڭدە شەيتان بولمىسا، يۈرىكىڭ ئاغزىڭدا كۆتۈرۈۋالغان شۇئارغا ئۇيغۇن، ۋەتەن، دەپ يانسا، نېمىشكە شەخسىي ئىناۋىتىڭدىن، مەنمەنلىكىڭدىن چۈشۈپ، كەمتەرلىك بىلەن بۇ پىكىرلەرنى قوبۇل قىلالمايسەن؟ ياكى، تەنقىد ناتوغرا ۋە تۆھمەت خاراكتېرلىك بولغان بولسا نېمىشكە ئاشكارە تۈردە رەددىيە بېرىش يېرىگە «يوشۇرۇن تاش» ئاتىسەن؟ بۇلاردىن كۆرىۋېلىش تەس ئەمەسكى، سەندە شەخسىي شۆھرەتپەرەسلىك ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ ۋە بۇ نەپسانىيەت بولسا سېنى مۇناپىققا ئايلاندۇرىۋېتىشى مۇمكىن!

نورمال ئەھۋالدا، تەنقىد مەلۇم توپلۇمنىڭ، ئىجتىمائىي كوللىكتىپنىڭ تاكامۇللىشىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئۇنسۇر بولۇپ، ھەتتا دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلمىسىدا مۇپەتتىش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش،... دېگەندەك فونكسىيىلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىمۇ، دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ

تەدرىجىي بىيۇكراتلىشىپ، تەدرىجىي يولدىن چىقىپ، نەپسانىيەتچىلەرگە ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۆزچى قىلىپ تەيىن قىلىنغانلاردۇر. ئەگەر بىر تەشكىلات كۈنسېرى زورۇيۇشنى، تاكامۇللىشىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، مائاش تەلەپ قىلمايدىغان، ۋەزىپە تەلەپ قىلمايدىغان خالىس تەنقىدچىلەرگە رەخمەت ئېيتىشتىن باشقا سۆز قىلىشى دۇرۇست ئەمەس.

بەزى سەمىمىي دوستلار ماڭا ئاچچىق تەنقىدلىرىم توغرۇلۇق نەسىھەتلەردە بولۇشتى. بۇنىڭ بىلەن، ئۆز ئۆزەمنى يىتىم قالدۇرۇشتىن باشقا نەتىجەم بولمايدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇردى. مەن تەنقىد ئوبيېكتلىرى بولغان بەز قۇلاقلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىشىمنى يىتىم قالغانلىق دەپ قارىمايمەن؛ بۇ تۇپەيلى بۇ تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئېلىشتەك «پۇرسەتلەردىن» مەھرۇم قېلىشىممۇ بەك ۋەھىملىك ئەمەس (چۈنكى بۇنداق بىر يەردە ۋەزىپە ئېلىش خىيالىم يوق)؛ ئەگەر كەڭ خەلق ئاممىسىغا بۇ يازمىشلىرىم ياقمىغان بولسا، ھەم شۇنىڭغا كۆزۈم يەتسە، ئەلۋەتتە يازمايتتىم. ئەمما مەنمۇ، قەلبىم بىلەن شۇنى ھېس قىلىپ تۇرىۋاتىمەنكى، زور كۆپچىلىك خەلق يازغانلىرىمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنچىم كامىل. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، ئەگەر ئۆزەم ھەق دەپ ئىشەنگەن سۆزنى قىلالمايدىغان بولسام، ئۆزەمنىڭ پىرىنسىپىمدىمۇ مۇناپىققا ئايلىنىپ قالاتتىم. مەن ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسلام دىنىدا «**زالىمنىڭ ئالدىدا ھەق بىر سۆز قىلىشمۇ جىھاد قىلغانلىق**» دەيدىغان يوقۇرى باھاغا ئىگە بۇ ئىشنى مەنمۇ قىلمىسام، بۇگۈنكى ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئىككىنچى بىر ئادەمدىن بۇنى كۈتەلمەيمىز. ئاللاھ تائالا «**سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقتىن توسىدىغان بىر گورۇھ بولسۇن**» دېگەن. ئەگەر نۆۋەتتە بۇنداق تەنقىدلەرنىڭ زىيىنى پايدىسىدىن چوڭ دېگۈچىلەر بولسا، بۇنى ئىسپات قىلىپ باقسۇن، مەن ھەر قاچان رەددىيەلەرنى خوشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن.

ئەمما شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈرىيەتكى، خاپا بولىۋاتقان ئىنتايىن ئازساندىكى بۇ كىشىلەر، بۇلارنى تەنقىد دەپ قاراۋاتقىنى يوق. ئەگەر ئۇلار بۇنى تەنقىد دەپ بىلىسىدى، ساختا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن بولىسىمۇ، ئىپادە بىلدۈرۈپ، رەسمىيەتچىلىك قىلغان بولاتتى. ئۇلار بۇ تەنقىدلەرنى ھېلىغىچە ھاقارەت دەپ تونۇپ كەلدى ياكى شۇنداق تونۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈشكە تىرىشماقتا. شۇنداق بولغاچقىلا، ئۇلارنىڭ ئاغرىنىشلىرى ئۇچۇن، يىقىنلىرىغا داتلاپ، مىنى يامانلاپ، سالاغا سىلىشقا ئەلچى، سالاچى ئاختۇرۇپ، ماڭا ھاي بەرگۈزۈش،... قاتارلىق تەتۈر ئىنكاسلىرىغا يول تىپىلىۋاتىدۇ (خۇددى تالاقتا يول تاپقاندەك!). بۇ نۇقتا، ئۇلارنىڭ كىشىلىك قىممىتىنىڭ بىز ئويلىغاندىنمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا! چۈنكى بىر كىشى ھاقارەت بىلەن تەنقىدنى ئاجرىتالمىسا، تۆھمەت بىلەن ھەقنى ئاجرىتالمىسا ئۇنى كىم دېيىش كېرەك؟

ئاددىي مىساللار بىلەن بەزى نۇقتىئىينەزەرلىرىمنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىمەن (چۈنكى ئابىستراكت تېئورمىلارنى قوبۇل قىلغۇدەك ئەھۋالى بارلىقى ناتايىندەك قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەرگە مۇشۇنداق قىلماي باشقا چارە يوق):

ئەگەر سەن شەخسىي ئۆي سېلىۋاتقان بولساڭ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر خالىس كۆزەتكۈچى(ھەتتا ئۆزەڭ ياراتمايدىغان بىر دەلتە ئادەم):

— بۇرادەر، ئەتكەن تېمىڭ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كېتىپتۇ، — دېسە، سەن ئەگەر ساراڭ بولمىساڭلا، دەرھال تامدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ تۇرغان يېرىدىن تېمىڭغا قاراپ باقىسەن. چۈنكى، ئۆي — جانىجان مەنپەئەتىڭ، تام قىڭغىر بولۇپ، ئەتىلا ئۆرۈلۈپ كەتسە، ياكى سۇپىتىڭگە تەسىر يېتىپ، قىممىتى تۆۋەن ئۆي بولۇپ قالسا بولمايدۇ، سەن بۇنىڭغا ھەرگىز چىدىمايسەن. مانا شۇنداق زىياندىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى ئادەم كۆزۈڭگە دوست كۆرۈنىدۇ. ھەتتا ئۇ بىر دانا ئادەم بولىشى، تامچىلىقنىڭ ئەھلى بولىشىمۇ شەرت ئەمەس،

چۈنكى ئۇ سېنى زىيانىدىن ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ-دە، شۇڭا ھەرقانچە ئۆزەڭگە ئىشەنچىڭ، تاناڭغا ئىشەنچىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئاسما بىلەن بىر قېتىم تەكشۈرۈۋېتىشنى ئارتۇق ھېساپلىمايسەن. بۇنچىلىك كىچىك ئىشتىن ئېرىنىپ، تامدىن چۈشكىنىڭ كەلمىسە، ھېلىقى ئادەمنىڭ دېگىنى راست بولۇپ قالسا، زىيان تېخىمۇ چوڭ بولىدىغان گەپ! ھەتتا ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىر ئاز ئەدەپسىز شەكىلدە، مەسخىرىلىك تۈستە بولسىمۇ مەيلى. مەسىلەن:

— ھەي، پالانى دېگەن ئاقچى-كۆكچى، تېمىڭ نېمانداق ھېجىقىزنىڭكىدەك!؟...

— ۋې! تام ئېتىمەن دېگىچە پوقاڭنى چاۋاكلاپ ئوينىساڭ بوپتىكەن، بولماپتۇ بۇ، تېمىڭ مايماق!... — دېگەن بولسا، ئۇنىڭغا قېيداپ، ئۆزەڭنىڭ مەنپەئەتىڭنى زىيانغا ئۇچرىتىسەنمۇ؟ گەرچە ئۇنىڭ قوپاللىقى ئاچچىقىڭنى كەلتۈرۈشى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دەۋاتقىنى سېنىڭ جانجان مەنپەئەتىڭگە تاقىلىدىغان ئىش بولغاچقا، ئىچىڭدە غۇدراپ تۇرۇپ، يەنىلا تېمىڭنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىشىڭ مۇمكىن. ئەگەر مەن بولغان بولسام چوقۇم شۇنداق قىلىمەن!

ئەگەر سەن ئەكسى ھالدا: «بارەۋەي، ئىشىڭنى قىل، ئەگرى بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟» ياكى «سېنىڭ دېگىنىڭگە تامنى ئۇڭلىسام، مايماق قىلغىنىمنى ئېتىراپ قىلغان بولۇپ قالىمەن، ئۇنىدىن كۆرە، قەستەن دېگىنىڭنىڭ تەتۈرىسىنى قىلىپ، مايماق تېمىمنى داۋام قىلىمەن!» دېسەڭ، كىشىلەر قانداق ئويلىغان بولاتتى؟ يا «ئۆزىنىڭ ئەمەس، خوجايىنىنىڭ تېمى بولسا كېرەك، شۇڭا ‹كۆن ئۇياقتا، گۆڭ بۇياقتا ئۆتسە بولمىدىمۇ، كارىم نېمە› دەۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قېلىش مۇمكىن، يا «بۇ بىنورمال ئادەم ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلاپ قېلىش مۇمكىن! بۇنىڭدىن باشقىچە بىر قاراشنىڭ بولىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

www.uyghurkitap.com

تەقسىرلەردىن بۇنىڭغا قوشۇلمايدىغانلار بولسا پىكىر بايان قىلىپ باقسا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى خۇلاسىلىيالايمىزكى، «بۇلار داۋاغا ھەقىقىي كۆيۈنمەيدىكەن! بۇلار كىمدۇر بىرىگە يالىنىپ ئىشلەۋېتىپتۇ، شۇڭا بۇ ئىشنى ‹بولىسكەن› دېگەن چىن نىيەتتىن قىلمايۋېتىپتۇ...» دېيىشكە مەجبۇر بولىمىز.

ئەگەر بىر كىشى ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەخسىدى شۇ بولسا، زىيان تارتىشنى خالىمىسا، ناھايىتى تەبىئىيكى، ھەركىمنىڭ پىكرىنى ئېتىۋارغا ئالىدۇ. ئۆزى ھەقىقىي كۆيۈنمەيدىغان ئىش خۇسۇسىدا ئىنسان، ئەنە شۇنداق رىياكار، (خوجا كۆرسۈنگە)، ئەنە شۇنداق ئېتىۋارسىز مۇئامىلىدە بولىدۇ.

تەنقىد بىلەن ھاقارەتنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالماي، سالاغا ئەلچى ئاختۇرۇپ يۈرىدىغان ئەپەندىلەرگە دەيدىغىنىم شۇكى، مەن ئازادلىق كۆرىشىمىزنىڭ تەقدىرىگە سىزدەك ساختا مۇئامىلىدە بولالمايمەن، شۇڭا، «سەن ياخشى، مەن ياخشى» دەپ ياغلىمىچىلىق بىلەن ئۆتۈش — تەبىئىتىمگە يات؛ ئەگەر مەن ئۆزۈم يالغۇز قالغان تەقدىردىمۇ، «دوستۇم ئاللاھ» دەپ ئىشەنگەن ھالدا، توغرا دەپ بىلگەن ئىشىمنى داۋام قىلغان بولاتتىم. ئەمما ئىشىنىمەنكى، خەلقىم بۇلارنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، بۇ ئاۋۇلارغا قارىتىلغان تار دائىرىدىكى تەنقىدلا ئەمەس، بىر تۈرلۈك سىياسىي دەرس. شۇڭا بۇ دەرس خەلققە كېرەك.

2007–يىلى 12 - ئاپرىل، قەيسېرى، تۈركىيە.